www.kitaphumar.com

# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

**(8)**

**ئېلكتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2014-يىلى 1-ئاي**

**مەنبە: ئۇكيان تورى،**

www.kitaphumar.com

# مۇندەرىجە

1.فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىزداشلىرى................3

2.ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى...........................24

3.ما جۇڭيىڭ، يولۋاسقا مەجبۇرىي ئەسكەر بولغان چاغلىرىم..................38

4.سىيىت نوچىنىڭ ھايات-ماماتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى...................50

5.سىيىت نوچى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا دائىر بەزى مەلۇماتلار ..........82

6.تۇرپان ۋاڭلىرىغا ئائىت بىر پارچە نەسەپنامە ۋە ئۇنىڭغا شەرھ .........108

7.قومۇلدىكى ئاكا-ئۇكا پالۋانلار ..................................124

8.ئاقسۇ ئايكۆلدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى .........................149

XX.9 ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەلىرىدىن ئەسلىمىلەر
171.....................................................

10.شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 1936-يىلىدىن باشلاپ كۈچادا ئېلىپ بارغان زور
تۇتقۇن .................................................184

www.kitaphumar.com

# فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىزداشلىرى

دۇنيادا ھېچقانداق تاشقى تەسىرگە ئۇچرىمىغان، يەككە-يىگانە، پەقەت ئۆزىگىلا خاس، يېپيېڭى ھالدىكى ئەدەبىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەر قانداق بىر مىللى ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئەڭ تار دائىرىدە بولغان تەقدىردىمۇ ھامان مەلۇم بىر تاشقى ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. بۇنداق قوبۇل قىلىشنىڭ دەرىجىسى ماكان ۋە زامان بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆپ خىل ئامىللارنى چىقىش قىلغان ھالدا بەزىدە كۈچلۈك، رۇشەن ھالەتتە كۆزگە تاشلانسا، بەزىدە ئاجىز، سۇسراق ھالەتتە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەنە شۇنداق تاشقى تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئامىللاردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەدەبىياتلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئۆتنۈشمە مۇناسىۋەتنىڭ تەرجىمە قىلىش، نەزىرە يېزىش، شەكلى ۋە ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش، مەزمۇنى ۋە غايىۋىي يۆنىلىشىنى ئىجادىي تەرەققى قىلدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

مەلۇمكى، خەلقىمىز ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز رۇشەن ھالدا ئەرەپ، پارىس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلدى. بۇ خىل تەسىرنىڭ نەتىجىسىنى مۇنداق ئىككى نوختىغا يىغىنچاقلاپ چۈشۈنۈش مۇمكىن. بىرىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئاساسىي ئۆزەك ھېساپلىنىدىغان ئىدىيە، غايە جەھەتتىكى ئۆز-ئارا مايىللىقنىڭ گەۋدىلىنىشى. ئىككىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ جۇلاسى ھېساپلىنىدىغان شەكىل، ئۇسلۇپ، ھەتتا تېما جەھەتتىكى ئورتاقلىقنىڭ شەكىللىنىشى. شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىكى، ئەرەپ، پارىس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەرگىزمۇ تەسادىپى مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. بۇنىڭدا ئىدىيە جەھەتتىكى چوڭ ئومۇمىيلىقتىن باشقا، ئەرەپ، پارىس ئەدەبىياتىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان يۈكسەك غايىلەرنى چىقىش قىلىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ئاساسىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى بىر مىللەت ياكى رايۇن ئەدەبىياتىنىڭ باشقا مىللەت ياكى رايۇن ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن،ئۇ ئەدەبىياتنىڭ يۇقۇرى پەللىسىگە ۋەكىللىق قىلالايدىغان سالاھىيەتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق سالاھىيەتنى ھازىرلىمىغان ئەدەبىياتنىڭ باشقا بىر ئەدەبىياتقا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.شۇنداقلا بىر مىللەت ياكى رايۇن

ئەدەبىياتىنىڭ باشقا مىللەت ياكى رايون ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى ئۆچۈنمۇ ئۆزى قوبۇل قىلماقچى بولغان تەسىرگە بويلىشالايدىغان ئاساس ۋە ئۇنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان بەلگۈلۈك ساپانى يېتىلدۈرگەن بولۇشى كېرەك. بۇ ئەدەبىياتتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ھېساپلىنىدۇ. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق ئەدەبىي تەسىرنىڭ كۆپ ھاللاردا تەرەققىي تاپقان ئەدەبىياتلار ئوتتۇرىسىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەنلىكىنى بايقايمىز. شۇڭا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەرەپ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، بىر تەرەپلىمە ھالدا باشقا ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەمەس، بەلكى دۇنياۋىي ئەدەبىيات ئېقىمىغا يانداشىپ مېڭىشتىن ئىبارەت يۈكسەك نوختىدىن شەرھىلەشكە توغرا كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋايى قاتارلىق دۇنياۋىي ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تاسادىپىلىقتىن بولماستىن بەلكى يۇقارقى قاراشلىرىمىزنىڭ كۈچلۈك ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ۋە پارس ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتلەرنىڭ تارىخى يىراق قەدىمكى زامانلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. جۇغراپىيەلىك ماكانىنىڭ تۇتىشىپ كېتىشى، ھەر خىل ئەقىدە بەلۋاغلىرىدىكى ئۆزئەكداشلىق، تارىخىي قىسمەتلەردىكى ئورتاقلىق ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ رىشتىنى ئۈزلۈكسىز جىپسىلاشتۇرۇپ كەلگەن. ئەپسانە-رىۋايەتلەردىكى يىلتىزداشلىق، داستان-قىسسەلەردىكى ئوخشاشلىق ئۇيغۇر ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەلىرىنى ھاسىل قىلغان. جەمشىت، رۇستەم، زال، سىياۋۇش، ئەپراسىياپ قاتارلىق نۇرغۇن ئۇنتۇلماس ئوبرازلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنىڭ ھەققى مەنبەسى ۋە ئېنىق تەۋەلىكىنى بىكىتىشنىڭ قىيىنلىقى بۇ نوختىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ خىل ئالاھىدە مۇناسىۋەت يازما ئەدەبىيات شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى پىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، فەرىدۇددىن ئەتتار، شەيخ سەئىدى، ھاپىز شىرازى قاتارلىق پارس كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋىي مىراسلىرىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە قەدىرلەشتەك ئېسىل تارىخى ئەنئەنىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

12-ئەسىرنىڭ ئاخىرى،13-ئەسىرنىڭ باشلىرى ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر پارس شائىرى فەرىدۇددىن ئەتتار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىنى قازانغان مۆتىۋەككۇرلارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، خەلقىمىزنىڭ ئەتتار ئەسەرلىرى بىلەن بولغان دەسلەپكى ئۇچرىشىشى بىۋاستە پارس تىلى ئارقىلىق بولغان. چۈنكى تارىخى پاكىتلاردىن ئايان بولۇشىچە، ئەتتار ياشىغان دەۋىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردىكى ئۇيغۇر ئەدىپلىرى، زىيالىلار ۋە كۆپ ساندىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار پارس تىلىدىن

www.kitaphumar.com

بىمالال پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ھەتتا بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەدىپلىرى بىۋاستە پارس تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتتار ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋاختىنىڭ ئەتتار ياشىغان دەۋردىن بەك يىراقلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتتار ئەسەرلىرى بىلەن ئۆز تىلىدا ئۇچراشقان ۋاختى ھەققىدە ئېنىق بىر نىمە دېيىش قىيىن. چۈنكى ھازىرغىچە ئەتتار ئەسەرلىرىنىڭ قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىقلانمىغان.

مىلادىيە 1436ـ1437 ـ يىللىرى ئۇيغۇر كاتىپ ئەبۇ مالىك باخشى (ئەينى چاغدا ئۇيغۇر كاتىپلىرى باخشى دەپ ئاتالغان) تەرىپىن ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن بىر قولىيازما دەۋرىمىزگىچە يىتىپ كەلگەن. ھازىر پارىژ مىللى كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ قولىيازما ئىككى ئەسەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ،ئۇنىڭ بىرى «نەھجۇل فارادىس» ناملىق ئەسەرنىڭ «مىراجنامە» دىگەن نامدا قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، يەنە بىرى ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئىكەن. «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» نىڭ تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىغا كاتىپ تەرىپىدىن «ئەمدى تەزكىرىدە بىتىلگەن ماشايىخ ئەۋلىيالارنىڭ ھىكايەت سۆزلىرى تۈگەتىلدى. تارىخ سەككىز يۈز قىرىقتا ئات يىل جۇمەدۇل ئاخىر ئاينىڭ ئونىدا ھىرىدا ئەبۇ مالىك باخشى بىتىدىم» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىش بىرىلگەن.بۇنىڭدىن تەرجىمىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاختى، ئورنى (ھىرى-ھىراتنى كۆرسىتىدۇ) ۋە كاتىپنىڭ ئىسمىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.[1]

ئەبۇ مالىك باخشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن«تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئەتتار ئەسەرلىرىنىڭ ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان دەسلەپكى تەرجىمىسى ھېساپلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاختىنى ئەڭ بولمىغاندا كۆچۈرۈلگەن ۋاختىدىن، 1436ـ1437 ـ يىللاردىن خېلىلا بۇرۇن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەپسۇسكى ئەسەرنىڭ زادى قاچان، كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم ئەمەس. پروفېسسور م. فۇئاد كۆپرۈلۈ «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختۇلۇپ: «بۇلارنى ھىجرىيە 840ـ يىلى ـ مىلادىيە 1436ـيىلى ھېراتتا مالىك باخشى ئىسىملىك بىرى كۆچۈرگەن. ئەلۋەتتە ‹بەختىيارنامە› گە ئوخشاش، بۇلارمۇ ئىجادىي ئەسەرلەر بولماستىن، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ داۋاملىق تەسىرى ئاستىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن، تەرجىمانلىرى بىلىنمىگەن تەرجىمىلەردۇر ...‹تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا› غا كەلسەك، بۇ ئەسەر فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئىنتايىن مەشھۇر ‹تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا›سىدىن ئازلاپ يىغىنچاقلاش شەكلىدە قىلىنغان ئەركىن بىر تەرجىمىدۇر. ئەدەبىيات تارىخى جەھەتتىن مول تىل ۋە يېزىق تارىخى جەھەتتىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ ئەسەرلەر 14ـئەسىردىمۇ تۈركلەر ئارىسىدا ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە پارس ئەدەبىياتى

نوپۇزىنىڭ نەقەدەر بۈيۈك تەسىرگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نادىر ۋە قەممەتلىك نەمۇنىلىرىدۇر» دەپ يازىدۇ.[2]  تۆۋەندە ئۆزەم ئېرىشكەن مەنبەلەر ئاساسىدا ئەتتارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىزداشلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1.ئەتتار ۋە نەۋايى

بۈيۈك مۇتىپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋايى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللىق چاغلىرىدا پارس شائىرى شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» («قۇش تىلى ») ناملىق ئەسىرىنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ.بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەپ يازىدۇ:  «مەن بۇ ئەسەرنى تەكرار-تەكرار ئوقۇيتتۇم. ياش كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن بەھرە تاپماقتا ئىدى. مەيلىم ئۇنىڭدا يېزىلغان سۆزلەرگە ئاشىنا بولغانلىقتىن،  باشقا ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا رايىم بارمىدى.  ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ ھىكايەتلەرگە مەپتۇن بولۇپ قالدىم. قۇش تىلىدىن ئېيتىلغان كىنايە ۋە ماجازىي پىكىرلەر ماڭا ئاشىنا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر پىكىرگە زېھنىم قىزىقىپ، ئۇنىڭ نىمە مەخسەتتە ئېيتىلغانلىقىنى بىلىشكە ھەرىكەت قىلاتتىم. ئۇنىڭدىن ئالىدىغان زوق مېنى ئىنتايىن خۇرسەن قىلىپ، ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنىڭ شەرھى مېنى ھەيران قالدۇراتتى. شۇ ئەھۋالدا كۆپ ھاللاردا ئۇنى ئوقۇپ، بۇ كىتاپقا بولغان ئېتىقادىم بارغانسىرى ئاشماقتا ئىدى» [3]. بۇ ئەسەر نەۋايىغا شۇ قەدەر كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتىدۇكى،ئۇنىڭ گۈدەك روھى دۇنياسىنى لەرزىگە سېلىپ، سەۋدالىق ئالامەتلىرىنى ئاشكارىلاشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان نەۋايىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ بۇ ئەسەرنى ئوقۇشىنى چەكلەيدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن نەۋايىنى بۇ ئەسەرنى ئوقۇشتىن توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ھەقتە نەۋايى مۇن داق دەپ يازىدۇ: «بۇ ئەسەر ماڭا يادا بولۇپ قالغان ئىدى.ئۇنى دائىم  يۇشۇرۇنچە تەكرارلاپ يۈرەتتىم.كۆڭلۈم قۇش تىلى بىلەن سىرداش بولۇپ،ئۇنىڭدىن باشقا سۆزگە مەيلىم ئاز ئىدى».

شەيخ فەرىدىددىن ئەتتار ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پارس ۋە تۈركى تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ياشاپ ئۆتكەن كۆپ ساندىكى قەلەم ساھىبلىرى ئەتتارنىڭ ئىدىيىسى، ئۇسلۇبى ۋە تەسىرىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوبۇل قىلغان. يۇقارقى مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى گىگانت شەخسلەرنىڭ بىرى بولغان ئەلىشىر نەۋايىمۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئەتتار ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. نەۋايىنىڭ قەلبىگە باللىق چاغلىرىدىن باشلاپ تۇتاشقان «مەنتىقۇت تەير»دىن ئىبارەت بۇ ئوت تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پەسەيمىدى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. ھەر خىل ژانىردىكى شېئىرلىرىدىن تۆت دىۋان تۈزدى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى شائىرلارلا ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان

www.kitaphumar.com

«خەمسە»نى رۇيايقا چىقاردى. لېكىن بەربىر كۆڭلى ئەمىن تاپمىدى. شۇنىڭ بىلەن شائىر ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» داستانىغا بولغان مەپتۇنلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىدە ئويغاتقان ئوتلۇق پىكىر ئىشتىياقلىرىنى نەزىرە شەكلىدە ئىزھار قىلىپ، تۈركى تىلىدا شۇ تېمىدا، شۇنىڭغا قېلىپداش بىر داستان يېزىپ، ئەتتارنىڭ روھىغا جاۋاپ قايتۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. نەتىجىدە «لىسانۇت تەير» («قۇش تىلى») داستانى مەيدانغا كەلدى. نەۋايى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «60 ياشقا قەدەم قويغان ۋاقتىمدا، قۇش تىلىنى شەرھلەش ئۈچۈن قەلىمىمنى ئۇچلۇدۇم. بۇ ئىشتا شەيخ روھىدىن مەدەت تىلىدىم،ئۇ ماڭا ياردەم قولىنى سۇندى. كېچىلىرى بۇ روھ ماڭا يار بولۇپ، تاۋۇم بۇ مەناغا مەشغۇل بولغان چاغدا دائىم قوللاپ تۇردى. قەلىمىمنى تېز يۈگۈرتۈپ، ھەر يېرىم كېچىگە قەدەر قىرىق، ئەللىك بېيىتنى يازمىغۇچە توختىماستىن، ئاجايىپ بىر ئىلھام بىلەن تېنىمسىز ئىشلەيتتىم. شەيخ روھىدىن كۆپ شجائەت يېتىپ، ئەسىرىمنى ئاز پۇرسەتتە تاماملىدىم. ئۆزەمنى قانچە قىينىساممۇ بۇ ئەسەرنى يېزىش مەن ئۈچۈن ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەنا كۆزدىن يۇشۇرۇنغان ئىدى. ئەمما شەيخنىڭ روھىدىن مۇشكۈلۈم ئاسان بولۇپ، مەندەك بىر مۇرادىغا يەتمىگەن ئۆز مۇرادىغا يەتتى».

«لىسانۇت تەير»دىن بۇرۇن مەيلى ئەدەبىي، پەلسەپۋى يۈكسەكلىك جەھەتتىن بولمىسۇن، مەيلى ھەجىم جەھەتتىن بولمىسۇن نەۋايى دېگەن ئىسىمغا بىر ئۆمۈر بويىلاشقۇدەك ئەسەرلەرنى يېزىپ پۈتتۈرگەن شائىر يەنىلا ئۆزىنى مۇرادىغا يەتمىگەندەك ھېس قىلىپ، «لىسانۇت تەير»نى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنى مۇرادىغا يەتكەن ھېساپلايدۇ. بۇنىڭدىن نەۋايىنىڭ «لىسانۇت تەير»دىن بۇرۇن يازغان بارلىق ئەسەرلىرى بىلەن بۇ داستاننى ئايرىم-ئايرىم ئورۇنغا قويۇپ دەڭسەۋاتقانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ «شەيخنىڭ روھىدىن مۇشكۈلۈم ئاسان بولۇپ، مەندەك بىر مۇرادىغا يەتمىگەن ئۆز مۇرادىغا يەتتى» دەپ يازىدۇ.

نەۋايىنىڭ نەزىرىدە ئەتتار يېتۈك شائىرلا ئەمەس، بەلكى ئارىپلارنىڭ رەھنامە-يولباشچىسى، ھەقىقەت سىرلىرىنىڭ كەشپىياتچىسى، مەرىپەت بازىرىنىڭ ئەتتارى(خۇش پۇراق چاچقۇچىسى) بولغان بۈيۈك سىماغا ئايلانغان. مانا بۇلار نەۋايىنىڭ ئەتتارغا بولغان يالقۇنلۇق ئىشتىياقىنىڭ، مۇستەھكەم ئىخلاسىنىڭ تۈپكى نىگىزى. شۇ سەۋەپتىن ئەتتار ئەسەرلىرى ئارقىلىق تونۇشقان مەنىۋىي ئىزتىراپ بىر ئۆمۈر نەۋايىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. ئۇ بىر ئۆمۈر ئەتتارنى ئۆزىنىڭ مەنىۋىي ئۇستازى ھېساپلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتتار ھەققىدىكى يۈرەك سۆزلىرىنى، ئىپتىخارلىق تۇيغۇلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇ يول باشچى ئۇستاز، ئەۋلىيالارنىڭ قىبلىسى بولۇپ، كۆڭلى توغرا يولنىڭ شامىدىن نۇرلانغاندۇر. ئۇ ھەقىقەت سىرلىرىنى كەشپ قىلىشتا تېڭى يوق يىگانىدۇر. نۇتقىدىن ھەقىقەت ئەھلى بەھرىمەندۇر. ئۇ ئىرپان ئەھلىنىڭ يول باشچىسى، مەرىپەت بازىرىنىڭ ئەتتارىدۇر».

www.kitaphumar.com

ئەتتارغا بولغان يۈكسەك ئەقىدە ۋە بۇ ئەقىدىگە ياندىشىقان يۈكسەك ئېتىخار تۈيغۇسى نەۋايىنىڭ «ئۇ ئىرپان ئەھلىنىڭ يول باشچىسى،مەرىپەت بازىرىنىڭ ئەتتارىدۇر» دېگەن سۆزلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.ئەتتار «ئىرپان ئەھلىنىڭ يولباشچىسى»، نەۋايى ئىرپان ئەھلى، شۇڭا ئۇ بو يولدا ئەتتارغا ئەگىشىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىدۇ. ئىرپان ئەھلىنىڭ مۇددىئاسى مەرىپەت مەنزىلىدىن ئىبارەت. نەۋايىنىڭ نەزىرىدە ئەتتار مەرىپەت مەقامىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھەقىقەت سىرلىرىنى ئىگەللىگەن، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئارىپ. شۇڭا ئۇنى «مەرىپەت بازىرىنىڭ ئەتتارى»دەپ تەرىپلەيدۇ. مەرىپەتنىڭ لۇغەت مەنىسى-بىلىش، چۈشۈنىش، تونۇش، ئىدراك قىلىش دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى كەڭ مەنىدىكى تەلىم ـتەربىيە پائالىيىتىنى كۆرسىتىدىغان مائارىپتۇر. مەرىپەت تەسەۋۋۇپتا ئىنسانى ۋە ئىلاھىي سىر ـئەسرارلارنى ئىگەللەشكە قارىتىلىدۇ.يەنى ئىنسان ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى تولۇق تونۇپ يەتكەندىلا، ئاندىن ئىلاھىي تەپەككۇرنىڭ سىر-ھېكمەتلىرىدىن بەھىرىمەن بولالايدۇ. چۈنكى ئىنسان «مەرىپەتنىڭ كانى»، ئۇنىڭ كۆڭلى «مەرىپەتنىڭ جاھانى»، ھەر بىر ئىنسان«ئارىپ-بىلگۈچى»[4]. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋايى «لىسانۇت تەير»نىڭ ئاخىرىدا ئىنسانغا مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

ئۆز ۋۇجۇدۇڭغا تەپەككۇر ئەيلەگىل،
ھەر نە ئىستەرسەن، ئۆزۈڭدىن ئىستەگىل.

يەنى، ئۆز ۋۇجۇدۇڭغا تەپەككۇر قىلىپ، نىمىنى ئىستىسەڭ، پەقەت ئۆزۈڭدىن ئىستە.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «لىسانۇت تەير» داستانىنى ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» داستانىنىڭ تۈركى تىلىدىكى تەرجىمىسى دەپ دەپ قاراشقان. دەرۋەقە شائىر «لىسانۇت تەير» دە داستانىنىڭ تەرجىمە ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىدۇ. شۇنداقلا ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» داستانى پارس تىلىدا يېزىلغان بولغاچقا، بۇ تىلنى بىلىدىغانلارنىڭ ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن، نازۇك مەنالاردىن خەۋەر تاپقانلىقى، ئەمما ساددا تۈركى ئاۋام ئوقۇرمەنلەر بۇ تىلنى يېتەرلىك دەرىجىدە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، «قۇش تىلى بىلەن پارىسچە يېزىلغان بۇ ئەسەرنى چۈشۈنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم» قالغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، «مەنتىقۇت تەير» بىلەن «لىسانۇت تەير» ھەققىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە «لىسانۇت تەير» نىڭ نۇقۇل تەرجىمە ئەسەر ئەمەس، بەلكى، «مەنتىقۇت تەير»گە نەزىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەر ئىكەنلىكى، «لىسانۇت تەير» دىكى كۆپ قىسىم دېتاللارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» دىكى دېتاللارغا ئوخشىمايدىغانلىقى، يەنى «لىسانۇت تەير»نىڭ نەۋايى تەرىپىدىن ئىجادىي يېزىلغانلىقى ئىسپاتلاندى[5]. شەرقشۇناس ئالىم بېرتېلىس (1957-

www.kitaphumar.com

1890 ) نەزىرە ژانىرىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «نەزىرە ـ ئۆز زاماندىشى ياكى ئۆتمۈشتىكى ئەدىپنىڭ بىرەر ئەسىرىگە ئۆزىگە خاس جاۋاپ يېزىش سەنئىتىدۇر. ئەگەر شائىر لىرىك ئەسەر (غەزەل، قەسىدە)گە نەزىرە يازسا، ئەسەرنىڭ ۋەزىن ۋە قاپىيەسى تولۇق ساقلىنىدۇ. ئەگەر ئەسەر ئېپىك تۈردە بولسا ۋەزىن ۋە ۋەقەلەر زەنجىرىگە خاس بولغان ئاساسىي ھالەتلەر ئەلۋەتتە ساقلىنىشى لازىم»[6]. ئۇنداقتا نەۋايى نىمە ئۈچۈن نەزىرە شەكلىنى تاللاپ، باشقىلار يېزىپ بولغان تېمىنى قايتىدىن قەلەمگە ئېلىشنى نىيەت قىلغان؟ بېرتېلس دەل مۇشۇ مەسىلىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا مۇنۇلارنى يازىدۇ: «بۇ بۈيۈك ئەدىپ ئۆزىنىڭ ئالدىدا نەقەدەر قىيىن ئىشنىڭ تۇرغانلىقىنى ياخشى چۈشۈنەتتى. نەۋايى تۈركى تىلىدىكى ئەدەبىياتنى پارس ئەدەبىياتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ كېتىشنى ئۆز ئالدىغا چوڭ مەخسەت قىلىپ قويغان ئىدى...لېكىن قۇرۇق غايىنىڭ ئۆزى بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولمايتتى. غايىدىن باشقا ئەمەلىي تەدبىر زۆرۈر ئىدى. بۇ ئىشلارنى نەۋايى چىدام بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. ئىككىلەنمەستىن ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇ تۈركى تىلنى ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتەردى...نەۋايىنىڭ ئالتە كاتتا داستانى ۋە كۆپلىگەن گۈزەل لىرىك ئەسەرلىرى نەزىرە جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ مەسىلىنى توغرا تەلقىن قىلىش كېرەك. چۈنكى نەۋايى مۇشۇ شەكىلدە ئۆزىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرىنى ئىسپاتلىشى ۋە پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنىڭ يېنىدا پارلاپ تۇرالايدىغان گۈزەل ئەسەرلەرنى يارىتىشى كېرەك ئىدى»[7]. يۇقىرىدا بېرتېلس تىلغا ئالغان « نەۋايىنىڭ ئالتە كاتتا داستان»ىنىڭ بەشى «خەمسە»نىڭ تەركىۋىدىكى داستانلار بولۇپ،بىرى ئەلۋەتتە «لىسانۇت تەير» ئىدى.دىمەك ناۋايىنىڭ ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير»داستانىغا نەزىرە يېزىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم،ئەھمىيەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى.بۇ ئارقا كۆرۈنۈش ناۋايى دەۋرىدىكى پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلۇشى(ھەتتا تۈركى تىللىق ئەدىپلەر ئارىسىدىمۇ)، ئەكسىنچە تۈركى تىل ۋە بۇ تىلدا يېزىلغان ئەدەبىياتنىڭ كەمسىتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. نەۋايى ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق قىممەتلىك ئىلمىي ئەسىرىدە كونكىرىتنى شەرھىلەپ ئۆتكەن.

نەۋايىنىڭ «لىسانۇت تەير» داستانىنى نەشرگە تەييارلىغان تۈركىيەلىك ئالىم، پىروپېسور، دوكتۇر مۇستاپا جانپولات ئەسەرگە يازغان «چاغاتاي تۈركچىسى ۋە نەۋايى» ناملىق كىرىش سۆزىدە، گەرچە نەۋايى «لىسانۇت تەير»دە تەرجىمە ئىبارىسىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن «مەنتىقۇر تەير»نى تەھرىرلەپ، بەزى بۆلۈملەرنى قىسقارتىپ، بەزى بۆلۈملەرنى، يېڭى ھىكايەتلەرنى قوشقانلىقىنى، بولۇپمۇ باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ تەسىرىنى، غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى، «تەرجىمە» دىگەن ئەسلەتمىنىڭ ئەتتارغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سەمىمى كەمتەرلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى

مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ[8]. نەۋايى «لىسانۇت تەير»دىن باشقا«مەھبۇبۇل قۇلۇب» («قەلبلەر سۆيگىنى»)، «نەسائىمۇل مۇھەببەت» (« مۇھەببەت شامىلى») ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئەتتار ھەققىدە توختالغان. نەۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ «نەزىم گۈلىستانىنىڭ خۇشئاۋاز قۇشلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماۋزۇسىدا شائىرلارنى ئىجادىيەت مەخسىدى ۋە نىشانى بويىچە «ئىلاھىي سىرلارنى بايان قىلىش ۋە چەكسىز مەرىپەت تارقىتىش»نى مەخسەت قىلغان شائىرلار؛ «ھەقىقەت سىرلىرىغا مەجاز سىرلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ» ئەسەر يازىدىغان شائىرلار ۋە ئاساسەن «مەجازىي مەنادا» ئەسەر يازىدىغان شائىرلاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈركۈمگە بۆلىدۇ. ئەتتارنى بولسا بىرىنچى تۈركۈمگە، جالالىددىن رۇمىي بىلەن بىر قاتارغا قويىدۇ[9].

نەۋايىنىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ تولۇق نامى «نەسائىمۇل مۇھەببەت مىن شەمايىمۇل فۇتۇۋۋەت» («ئۇلۇغلۇق خۇشپۇراقلىرىنى تارقاتقۇچى مۇھەببەت شامىلى») بولۇپ، ئادەتتە ئاساسەن قىسقارتىپ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسەر ھىجرىيە 901-يىلى (مىلادىيە 1495- 1496-يىللىرى) يېزىلغان. ئۇنىڭدا 770 نەپەر مەشھۇر شەخسنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، ئىجادى، مەنىۋىي كامالىتى ۋە ئىلمىي مەرتىۋىسى تونۇشتۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا نەۋايى ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ناملىق ئەسىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلىقىغا ئىشارە قىلىدۇ، ھەمدە ئەتتار ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق توختىلىدۇ. ئۇنىڭ كىمدىن تەلىم ئالغانلىقى، نېمە سەۋەپتىن تەرىقەت يولىغا كىرگەنلىكى، جالالىددىن رۇمى بىلەن ئۇچرىشىشى، ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى، يۈكسەك مەنىۋىي مەرتىۋىسى، بىر قىسىم ئۇلۇغ ئەللامەلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن يۇقىرى باھاسى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.نەۋايىنىڭ ئەتتار ھەققىدىكى بۇ مەلۇماتلىرىدا چوڭقۇر ئىززەت ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ[10].

شۇنداق قىلىپ نەۋايى ئەتتارغا مۇراجەت قىلىش ئارقىلىق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇنداق ئىككى خىل نەتىجىنى، ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈردى؛ بىرىنچىسى، ئەتتار پارس تىلىدا ياراتقان مەرىپەت دۇردانىلىرىنى تۈركى تىللىق خەلقلەرگە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ ئارقىلىق پارس ئەدەبىياتى بىلەن تۈركى خەلقلەر ئەدەبىياتى ۋە پارس ئوقۇرمەنلىرى بىلەن تۈركى تىللىق ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدا مەنىۋىي كۆۋرۈك بەرپا قىلدى. بۇ ئىككى خىل تىل مۇھىتىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئورتاق غايىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئەدەبىيات ئارقىلىق ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى، ئەلۋەتتە. ئىككىنچىسى، ئەينى چاغدىكى پارس تىلى مۇتلەق نوپۇزلۇق ئەدەبىي تىل ھېساپلىنىۋاتقان، تۈركى تىلى كەمسىتىلىشكە ئۇچراۋاتقان شارائىت ئاستىدا، نەۋايى ئۆزىگە ۋە ئانا تىلىغا بولغان يۈكسەك ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەت نوختىسىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك نوپۇزلۇق

نامايەندىسى بولغان ئەتتارغا مۇراجەت قىلىپ، ئانا تىلىدا ئۇنىڭ ئەسىرىگە بويىلىشالايدىغان نادىر ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ ئارقىلىق تۈركى ئەدەبىي تىلىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نايەن قىلدى. ئۆزىگە زاماندىاش ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى ئەدىپلەرگە تۈركى تىلىنىڭ پارس تىلىغا ئوخشاشلا يۇكسەك سەۋىيەگە ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى، ھەر قانداق نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋايىنىڭ «لىسانۇت تەير» داستانىنى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە نادىر ئەسەر دەپ ھېساپلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. ئەتتار ۋە ئىبراھىم خۇتەنى

ئىبراھىم خۇتەنىنىڭ تولۇق ئىسمى ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنى بولۇپ،ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار يوق دىيەرلىك.شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «مەنتىقۇت تەير» ناملىق داستانىنىڭ قول يازمىسى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى بايقالغان.بۇ قول يازمىنىڭ بىر قىسمى دەسلەپتە مۆھتەرەم ئۇستاز ئادۇرېشت ئىسلامى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، «تارىم» ژورنىلىنىڭ 1981-يىللىق5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئۇنىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسى ئابلىمىت ئەھەتنىڭ نەشرىگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 1988-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان. 1995-يىلى ئەسەر ئابلىمىت ئەھەت،تۇرسۇن مۇھەممەت، ئەركىن نىيازلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.داستانىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئىككى خىل قوليازما نۇسخىسىنىڭ بىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، يەنە بىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا [11].

ئالدى بىلەن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنى قەلىمىگە تەۋە بۇ داستانىنىڭ ماۋزۇسىنىڭ پەرىدۇدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» داستانىنىڭ ماۋزۇسى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشلىقى ھېساپلىنىدۇ. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنىنىڭ داستانى ئەتتار داستانىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ ياكى نەۋايىنىڭ «لىسانۇت تەير» داستانىغا ئوخشاش ئەتتارنىڭ داستانىغا يېزىلغان نەزىرەمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنىگە تەۋە «مەنتىقۇت تەير» داستانىغا مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن داستانىنى تەپسىلى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

1 . شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەننىڭ «مەنتىقۇت تەير» داستانى، پەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ شۇ ناملىق داستانى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنى ئەتتارنى بىر نەچچە قېتىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان.

2. ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنگە مەنسۇپ داستاننىڭ مەزمۇنى ئەتتار داستانىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. يەنى داستاندا ئىلگىرى سۈرۈلگەن غايە ۋە مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەتلەر ئەتتارنىڭ داستانى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

3. ھەر ئىككى داستاننىڭ باشلىنىشى، ۋەزنى،ئۇسلۇبى ئوخشاش.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئىككى داستان ئوتتۇرىسىدا يەنە مۇنداق پەرقلەرمۇ مەۋجۇت:

1. ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنگە تەۋە داستانىنى پۈتۈنلەي ئەتتار داستانىنىڭ ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل تەرجىمىسى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. گەرچە ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنى بېشىدىن باشلاپلا ئەتتار داستانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن چەتنىمىگەن بولسىمۇ،ئۇنى ئىپادىلەشتە خېلى ئەركىن يول تۇتقان. بىر قىسىم تەپسىلاتلارنى قىسقارتىپ ياكى يۇغۇرۇپ بايان قىلغان. ھەتتا رۇشەن ھالدا ئەتتار داستانىدىكى ئاساسىي لىنىيە ـ يەنى ئەسەرنى بىر گەۋدىگە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان سيۇژىت قۇرۇلمىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ،ئاساسىي دىققەت ئېتىبارىنى مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەتلەرگە مەركەزلەشتۈرگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا داستاننىڭ قۇرۇلمىسىدىن كۆرە، ئۇنىڭدىكى غايە، مەزمۇننى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان.بۇ جەھەتتە ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير»ى بىلەن ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەننىڭ «مەنتىقۇت تەير»ى ئارىسىدا خېلى زور پەرقلەر بار.

2. ئەتتار داستانىنى مۇقەددىمىدىن باشقا باپلارغا بۆلگەن. ھەر بىر باپقا مەخسۇس ماۋزۇ قويغان. ھەر بىر باپتا بىر ئەمەس، بىر نەچچە ھېكايەتلەرنى ئارقا-ئارقىدىن مىسال كەلتۈرگەن، ھېكايەتلەرگىمۇ ئايرىم-ئايرىم ماۋزۇ قويغان. ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنى داستانىنى ماۋزۇلار بويىچە باپلارغا بۆلمىگەن، ھېكايەتلەرگىمۇ ماۋزۇ قويمىغان. دېمەك ئىككى داستان قۇرۇلما جەھەتتىن رۇشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

3.ئەتتار داستانىدا بايان قىلىنغان تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي، نەزىرىيەۋى قاراشلار،تەسەۋۋۇپ يولىغا قەدەم قويغانلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر، ئۇلار بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك باسقۇچلار ھەققىدىكى تەلەپلەر، بولۇپمۇ ئەتتار داستانىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت مەخسىتى ۋە نىشانىنى بەلگۈلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇلاھىزىلەر، پەلسەپىۋى يەكۈنلەر ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنى قەلىمىدە ئاساسەن ئىپادىسىنى تاپمىغان. ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خۇتەنى ئاساسىي مەخسەتنى پەلسەپىۋى ھېكايەتلەرگە قارىتىپ، بۇ نوختىلارغا ئېتىبار بىرىپ كەتمىگەن.

مېنىڭچە يۇقارقىلاردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ. ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خۇتەنى ئەتتارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان.كۆپ ساندىكى مەزمۇنلارنىڭ(ھەتتا مىسرالارنىڭ) ئەتتار داستانىنىڭ تەرجىمىسى بولۇشقا قارىماي، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنىمۇ نامايەن قىلغان. شۇڭا ئۇنى ئەتتار داستانىنىڭ ئەركىن ياكى ئىجادىي تەرجىمىسى دەپ قارىساق خاتا قىلغان بولمايمىز.

ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خۇتەنىنىڭ «مەنتىقۇت تەير» داستانىنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار داستاندىكى:

ئەقل تەئىرىخنى ھېساب ئەتتى،
دېدى مىلك يۈز سەكسەن سەككىزى.

دېگەن مىسرالارغا ئاساسەن ئەسەرنى ھىجرىيە 1188-يىلى، مىلادىيە 1775 - 1774-يىللىرى يېزىلغان دەپ قارىغان ھەمدە مۇشۇ ئۇچۇر بويىچە ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خۇتەنىنى 18-ئەسىردە ياشىغان دەپ مۇقىملاشتۇرغان. ھالبۇكى، ئەسەردىكى بۇ مىسرالار داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا ئەمەس، بەلكى كاتىپنىڭ ئۇنى كۆچۈرگەن ۋاقتىغا ئىشارە قىلىپ يېزىلغانلىقى مەلۇم بولماقتا. ئەمەلىيەتتە ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خۇتەنىگە تەۋە داستان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ 246_ بېتىنىڭ ئاخىرىدىكى:

شۈكرى لىللاھ، بىتىپ تەمام ئەتتىم،
جىددۇ جەھد ئەيلەپ ئىمتىھان ئەتتىم.

دېگەن يەردە ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىكى(يەنى 247-بەتتىكى) مىسرالارنىڭ داستاننى كۆچۈرگەن كاتىپ تەرىپىدىن قوشۇلغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن ئايان بولۇپ تۇرماقتا. شۇنداق ئىكەن داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋە ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خۇتەنىنىڭ ياشىغان دەۋرى ھەققىدە يەنە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

3. ئەتتار ۋە مۇھەممەد سىدىق رۇشدىئالدى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇم بولغايكى، ئۇشبۇ مەخسەتكە كىرىششتىن بۇرۇن، بەزى مۇھىم زۆرۈرىيەتلەرنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، بايانلىرىمىزنى ئاساسىي نىشاندىن ئازراق چەتنىگەن ھالدا باشتىنراق باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەگەر خاتالاشمىسام، مۇھەممەد سىدىق رۇشدى دېگەن بۇ ئىسىم ھازىرقى زامان نوختىسىدىن ئېيتقاندا بۇنىڭدىن 25 يىل مۇقەددەم، مەشھۇر ئالىمىمىز،كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 1988-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان «شائىر خۇجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە» ناملىق

ماقالىسىدا تۇنجى بولۇپ تىلغا ئېلىنغان. ماقالىدا مۇھەممەد سىدىق رۇشدىنىڭ «قابۇسنامە»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ئېنىق ئەسكەرتىلگەن[12].

«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن)، «دېڭىز ئۈنچىلىرى» (ھاجى ئەخمەت يازغان)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» (ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىنلەر يازغان) ناملىق كىتاپلاردا مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى ناملىق بىر مۇئەللىپ تىلغا ئېلىنىپ، بىردەك ھالدا ئۇنىڭ مىلادىيە 1715-يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغانلىقى، ئاتۇش ۋە قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى ۋە ئىرانلىق قابۇس ئىبنى ۋەشمەگىرنىڭ «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرىدىن تەسىرلىنىپ، «سىدىقنامە» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققانلىقى بايان قىلىنغان. ئەمما ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاختى ۋە يېرى ھەققىدە ھېچقانداق تارىخى، ئىلمىي پاكىت كۆرسىتىلمىگەن ئىدى. مۇھەممەت سىدىق بەرشىدىگە تەۋە دەپ قارالغان «سىدىقنامە» ناملىق بۇ ئەسەر كىلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىمىزنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشرگە تەييارلاش جەھەتتە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 2005 - يىللىق 1-سانىدىن باشلاپ «سىددىقنامە» دىگەن سەرلەۋھە بىلەن ئېلان قىلىندى ۋە 2006 - يىلى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. كىتاپتا نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىن كۆرسىتىلگەن مۇنداق بىر نەچچە نوختا بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ:

1.گەرچە كىتاپنىڭ نامى «سىددىقنامە» دىگەن چوڭ ماۋزۇ بىلەن ئېلىنغان بولسىمۇ، ئاستىغا «قابۇسنامە»نىڭ تولۇق نۇسخىسى، دەپ ئىلاۋە بېرىلگەن. بۇ ئارقىلىق «سىددىقنامە» دەپ قارىلىۋاتقان بۇ ئەسەرنىڭ ئەمەلىيەتتە «قابۇسنامە»نىڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى مەلۇم دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. (ئەمەلىيەتتىمۇ ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىكى تەرجىمان تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان مەلۇماتلاردا بۇ ئەسەرنىڭ «قابۇسنامە»نىڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىزاھلانغان). شۇنداق بولۇشىغا قارىماي «سىددىقنامە» دىگەن كىتاپتا تەرجىماننىڭ نامى يەنىلا ئاپتۇرنىڭ نامى ئورنىدا كۆرسىتىلگەن.

2. ئىلگىرىكى مەنبەلەردە مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى دەپ ئېلىنغان ئىسىم مۇھەممەد سىددىق رەشىدى شەكلىدە ئېلىنغان ۋە بۇنىڭ سەۋەپلىرى كونكىرىتنى ئىزاھلانغان[13].

3. مۇھەممەد سىددىق رەشىدىنىڭ ئاتۇشتا ئەمەس، خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى كۆرسىتىلگەن. دەرۋەقە مۇھەممەد سىددىق رەشىدى«سىددىقنامە»نىڭ باش قىسمىدا ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان مۇھەممەد ئىبراھىم كۆك بەگنىڭ ئۇنى (يەنى «قابۇسنامە»نى) «چىن ۋىلايىتىدىن ماچىن دىيارىغا ئېلىپ بېرىپ، پېقىرنىڭ خانىسىنى، يەنى كەمىنە ساداقەتمەن كىشىنىڭ قەدىمىنى بوسە قىلدى»[14] دىيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايونلۇق

ئازسانلىق مىللەرلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىشنى پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكىدە مەزكۇر ئورۇندا ساقلىنىۋاتقان«تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»نىڭ xkq-625 نومۇرلۇق چاغاتايچە نۇسخىسىدا،ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سىددىق خۇتەنى،دەپ كۆرسىتىلگەن[15]. ئېنىقكى بۇ يەردە ئەسەرنىڭ تەرجىمانى خاتا ھالدا ئاپتورى قىلىپ قويۇلغان. ئەمما تەرجىماننىڭ خۇتەنلىك ئىكەنلىكى ئالاھىدە كۆرستىلگەن.

4. مۇھەممەد سىددىق رەشىدىنىڭ تۇغۇلغان ۋاختىنىڭ 1715-يىلى ئەمەس،بەلكى1710 - يىلى ئىكەنلىكى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق دەلىللەنگەن.

2004-يىلى ئۆزبېكىستاندىكى «يېڭى ئەسىر ئەۋلادى» نەشرىياتى پىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى ئىكرامىددىن ئاستانەقۇلوۋ تەرىپىدىن نەشىرگە تەييارلانغان «ئەۋلىيالار سۇلتانى. تۇرانلىق ۋەلىيلەر» ناملىق كىتاپنى نەشىر قىلغان. كىتاپتا ئاساسلىقى مۇھەممەد سىددىق رۇشدى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «رىسالەئى قادرىيە» ناملىق ئەسىرنىڭ يەشمىسى، «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئايرىم پارچىلىرى بېرىلگەن. يۇقۇرىدىكى ئىككى ئەسەردىكى ئۇچۇرلارغا تايانغان ھالدا مۇھەممەد سىددىق رۇشدىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. ئەمما كىتاپنى نەشرگە تەييارلىغۇچى يۇقارقى ئەسەرلەرنى كۆچۈرگەن كاتىپنىڭ، ئەسەرنىڭ كۆچۈلگەن ۋاختى ھەققىدىكى ئەسلەتمىسىگە تايىنىپلا مۇھەممەد سىددىق رۇشدىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرىنى خاتا ھېساپلاپ چىققان. رۇشدىنىڭ يەكەندە ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ،بۇنىڭدا نىمىگە ئاساسلانغانلىقىنى كۆرسەتمىگەن. ئۇزى نەشىرگە تەييارلىغان مەنبەدە رۇشدىنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى خوجا كېپەك بەگنىڭ ئىلتىماسى بىلەن تۈركى(يەنى ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ئېنىق كۆرستىلگەن بولسىمۇ،لېكىن نەشرگە تەييارلىغۇچى ئۇنى باشتىن - ئاخىر مۇستەقىل ئىجادىي ئەسەر دەپ قارىغان.ھەتتا ئەسەر ماۋزۇسىدىكى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى» يەنى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»نىڭ تۈركى تىلىدىكى تەرجىمىسى دىگەن ئېنىق ئۇچۇرنىمۇ ھېساپقا ئالمىغان. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى بۇ ئالىم ئالدى-كەينىگە قاراپ باقمايلا «ئىلىم-پەنگە نامەلۇم» بىر مۆجىزىنى بايقىغۇچى سۈپۈتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزى شىنجاڭنىڭ يەكەندە ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى تەكىتلەۋاتقان رۇشدىنى «ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى» دەۋالغان.

مەن يۇقارقى كىتاپنى نەشرگە تەييارلىغان ئىكرامىددىن ئاستانەقۇلوۋنىڭ 2007 -يىلى «تاشكەنت ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى نەشرىيات - مەتبە بىرلەشمىسى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مۇھەممەد سىددىق رۇشدى ۋە ئۇنىڭ ‹تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى › ئەسىرى» ناملىق مونوگراپىيىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. مۇئەللىپ مونوگراپىيەدە مۇھەممەد سىددىق رۇشدى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋىي مىراسلىرى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ «ھەسبى ھال»

مەزمۇنىدىكى 158 مىسرالىق بىر مەسنىۋىيسىنى، بىر غەزىلىنى ئىنقىلاپ چىقىدۇ. رۇشدىنىڭ نەۋايىنىڭ غەزىلىگە يازغان بىر مۇخەممەسىنىڭ تېپىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بولۇپمۇ « تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى» ھەققىدە ئەسەرنىڭ نىزامى نامىدىكى تاشكەنت دۆلەت پېداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىسى ئاساسىدا ئەدەبىي، ئىلمىي ۋە تارىخي جەھەتتىن خېلى ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ [16]. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بىز يۇقۇرىدا تىلغا ئالغان سەۋەنلىكلەرنى يەنە كۆچەپ تەكرارلايدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ قىياسىغا تايىنىپ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى» قۇقاندا مەيدانغا كەلگەن دىگەن قاراشنى تەرغىپ قىلىدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىكرامىدىن ئاستانەقۇلوۋنىڭ مونوگراپىيىسىدە بىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدىغان بىر قىسىم مۇھىم بار. بۇ نوختىلارنىڭ بىرى مۇھەممەد سىددىقنىڭ تەخەللۇسىنى «رەشىدى» دەپ ئەمەس، «رۇشدى» دەپ ئىلىشىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدىكى يەكۈندۇر. مەن بۇ ئىككى سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆردۈم. «رەشىدى» دىگەن سۆزنىڭ ئۆزىكى «رەشىد» بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «مەرت، باتۇر، كامالىغا يەتكەن، ۋايىغا يەتكەن» دىگەندىن ئىبارەت ئىكەن. مۇھەممەد سىددىقنىڭ ئەلەم ئەھلى ئەمەس، قەلەم ئەھلى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلگەندە «ئەرزىمەس كەمىنە»، «كەمتەر»، «ساداقەتمەن» دىگەندەك سۆزلەرنى كۆپ ئىشلەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئالساق، بۇ سۆزنىڭ ئۇنىڭغا دىگەندەك ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. «رۇشدى» دىگەن سۆزنىڭ ئۆزىكى «رۇشىد» بولۇپ،مەنىسى «توغرا يول تېپىش، توغرا يولغا چۈشۈش، يېتىلىش» دىگەندىن ئىبارەت ئىكەن[17]. مۇھەممەد سىددىق تەرجىمە قىلغان كىتاپلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندىمۇ «رۇشدى» دىگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ماس كېلىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىكرامىدىن ئاستانەقۇلوۋنىڭ مونوگراپىيىسىدە مۇھەممەد سىددىقنىڭ بىر غەزىلى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەخەللۇس ئىشلىتىلگەن ئاخىرقى مىسراسى «قىلىپسەن، رۇشدىيا، غەمسىز خالايىق ئىچرە مىلك غەمگە» دەپ كەلگەن. ئەگەر بۇ يەردە «رەشىدى» دىگەن سۆز ئىشلىتىلسە، ئالدى بىلەن ۋەزىنگە تەسىر يېتىدۇ، ئاندىن قالسا مەزمۇنىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا تەخەللۇسنى «رۇشدى» دەپ مۇقىملاشتۇرۇشنى توغرا دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مۇھەممەد سىددىق رۇشدى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى» گە ئىلاۋە قىلغان مەسنىۋىسىدە مەۋلانە ئەرشى ۋە خوجا كىپەك بەگنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. بۇلار بىزنىڭ مۇھەممەد سىددىق رۇشدى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم نوختىلار ھېساپلىنىدۇ. يۇقارقىلاردىن ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ:

1. مۇھەممەد سىددىق بەرشىدى، مۇھەممەد سىددىق رەشىدى، مۇھەممەد سىددىق رۇشدى دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ تەخەللۇسىنىڭ تۈرلۈكچە ئوقۇلىشى ياكى يېزىلىشى بولۇپ،ئۇنىڭ توغرىسى مۇھەممەد سىددىق رۇشدىدۇر.

2. مۇھەممەد سىددىق رۇشدى مىلادىيە 1710-يىلى خوتەندە تۇغۇلغان. ۋاپات بولغان ۋاقتى ھازىرچە نامەلۇم. ئۇ تالانتلىق شائىر، ئەرەپ، پارىس تىللىرى بويىچە يېتۈك تەرجىمان بولۇپ، ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان «رىسالەئى قادىرىيە» (تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى مەلۇم ئەمەس)، «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى» (مىلادىيە 1780-يىلى تەرجىمە قىلىنغان)، «قابۇسنامە» (مىلادىيە 1786-يىلى تەرجىمە قىلىنغان) ناملىق نادىر ئەسەرلەرنى چاغتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

3. مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مۇھەممەدتۇرسۇن سىدىق، ئىزىز ئاتاۋۇللا

3. «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى» خوجا كىپەك بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، «قابۇسنامە» مۇھەممەد ئىبراھىم گۆك بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يەردىكى خوجا كىپەك بەگ ئەسلى خوتەن قاراقاشتىن بولۇپ ،خوجا كىپەك گۆك بەگ، ( بەزى مەنبەلەردە كۆك بەگ دەپ ئېلىنغان، بۇ توغرا ئەمەس)خوش كىپەك بەگ، خوش بەگ دىگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان[18]. ئۇ 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان ۋە قارا تاغلىقلار تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سەردارى خوجا ئابدۇللانى قوللىغان. شۇڭا ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى بۇرھانىددىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىدە قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە، ئىلاجسىز قەشقەردىن چېكىنگەن. بۇ ئەھۋاللار «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنغان. «قابۇسنامە»نىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا تەشەببۇسكارلىق قىلغان مۇھەممەد ئىبراھىم گۆك بەگ خوجا كىپەك بەگنىڭ ئوغلى بولۇپ، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتاپتا ئۇنىڭ «دادىسى خوش كىپەك قىرغىزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن قەشقەرگە ھاكىم بولغان» لىقى تىلغا ئېلىنغان [19]. «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى» نىڭ خوجا كىپەك بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1780-يىلى تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، مۇھەممەد ئىبراھىم گۆك بەگنىڭ قەشقەرگە ھاكىم بولغان ۋاقتى1780-يىلىدىن كېيىنكى چاغلارغا توغرا كېلىدۇ.

فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئەدەبىي، تارىخىي ۋە پەلسەپىۋىي جەھەتتىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ناملىق ئەسىرى يېتۈك تەرجىمان مۇھەممەد سىددىق رۇشدى تەرىپىدىن مىلادىيە 1780-يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمان مۇھەممەد سىددىق رۇشدى ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ھەققىدە: «تەرىخقا مىڭ بىر يۈز توقسان ئەردى ئېيتىدا قىلدىم. تۆرت يىل تەمام بولغاندا ئىتمامىغا يېتكۈردۇم» تۆرت يىل ئورتۇسىدا چېكىدىم رەقەم، نە ئىلىك ئارام ئالىب، نە قەلەم. دەپ ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ[20].

بۇنىڭدىن بىز ئەسەرنىڭ ھىجرىيە 1190 ـ يىلى (مىلادىيە 1776 ـ1777ـيىللىرى) تەرجىمە قىلىنىشقا باشلاپ، تۆت يىل تىنىمسىز ئىشلەش ئارقىلىق تاماملانغانلىقىنى بىلەلەيمىز.دېمەك ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى مىلادىيە ھېساۋى بويىچە 1776 ـ يىلى باشلىنىپ، 1780ـيىلى ئاخىرلاشقان.

تەرجىمان مۇھەممەد سىددىق رۇشدىنىڭ ئىلاۋىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، پاراسەت ئەھلىنىڭ ھامىيسى بولغان خوجا كىچىك بەگ ئۆمۈرنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى،دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ، ئۆزى مەشغۇل بولىۋاتقان ئىشنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، كەتكەنلەرگە ساۋابى يەتسۇن، قالغانلارغا يادىكار قالسۇن دەپ، ئۆزى تۇغۇلغان خوتەن دىيارىدا ئىككى مەدرىسە بىنا قىلدۇرىدۇ، يەكەندە بىر مەسجىدنى رېمونت قىلدۇرىدۇ. ئەمما مەدرىسە ۋە مەسجىدلەرنىڭمۇ ئۇزۇن ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بېغىشلايدىغان، سۇلتانلارنى ئادالەتكە ئۈندەيدىغان، ئەمىر ۋە تۆرىلەرنىڭ ئەمەلدارلارنى باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشتىن قايتۇرىدىغان مەڭگۈلۈك بىر ئىمارەت بىنا قىلىش نىيىتىدە، مۇشۇ مەخسەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ قاراپ مۇھەممەد سىددىق رۇشدىغا ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

خوجا كىچىك بەگ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» نىڭ پارىسچە، ئەرەپچە نۇسخىلىرىنىڭ تىلىنىڭ ئىنتايىن نازۇكلىقىنى، مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن ئاۋامنىڭ ئۇنىڭدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىنىڭ قىيىنلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، رۇشدىدىن بۇ ئەسەردىكى ھەقىقەت جەۋھەرلىرىنى سىرلار خەزىنىسىدىن چىقىرىپ، ئالەم بازىرىغا سېلىشنى يەنى ھەممە كىشى بىردەك بەھرە ئالالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ[21].

خوجا كىچىك بەگنىڭ دالالىتى ۋە مۇھەممەد سىددىق رۇشدىنىڭ تۆت يىللىق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋي مىراسلىرىنىڭ تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قولىمىزدا مۇھەممەد سىددىق رۇشدى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى»نىڭ بىز پايدىلىنالايدىغان نۇسخىسى بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئەتتار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسلى نۇسخىغا سېلىشتۇرۇش، ئەسلى ئەسەر بىلەن تەرجىمە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، تەرجىمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى دەلىللەشكە ئىمكانىيىتىمىز يار بەرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە سۆز ئېچىشنى باشقىلارغا قالدۇردۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇ تېما ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ توغرا باھاسىنى تاپىدۇ. قىسقىسى مۇھەممەد سىددىق رۇشدى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مۇنەۋۋەر تەرجىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن پارس

ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى، جۈملىدىن ئەتتار ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت قىممەتلىك ئەنئەنىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتىرىپ، پارىس ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشكە ئۇنتۇلماس ئەجىر سىڭدۈردى.

بىزگە مەلۇم بولغان مەنبەلەردىن قارىغاندا، ھازىرغىچە «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاغىلىق ناھىيەلىك ئارخىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋېتىپتۇ.بەلكىم بۇ تەرجىملەرنىڭ ئارىسىدا بىزگە نامەلۇم تەرجىمانلار تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان تەرجىمە نۇسخىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

## 4. ئەتتار ۋە ئۇبەيدۇللاھ

فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئەخلاقى مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان پەلسەپىۋى داستانى «پەندنامە» 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ تەرجىمىنىڭ تاش مەتبەدە بېسىلغان نۇسخا ساراتېكىن قاتارلىقلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 1999 -يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

داستاننىڭ ئاخىرىغا تەرجىمان تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان «سەبەبى تەبدىلى ‹چەھار كىتاب› پارسىدىن تۈركىغە ئانى بەيانى» ناملىق ماۋزۇ ئاستىدىكى مەسنىۋىدىن بۇ تەرجىمە ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش مۇمكىن. ئەينى چاغدا ئەل ئىچىدە «چاھار كىتاب» يەنى «تۆت كىتاب» ناملىق بىر مەجمۇئە شۆھرەت قازانغان بولۇپ، ئۇ شەرەفىددىن بۇخارىنىڭ «نامى ھەق» ناملىق ئەسىرى، جەلالىددىن كىشىنىڭ بىر ئەسىرى، نامەلۇم بىر ئاپتورنىڭ بىر ئەسىرى ۋە شەيخ ئەتتارنىڭ «پەندنامە» ناملىق ئەسىرىن تەركىپ تاپقان ئىكەن. ئەسلى پارىس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەرلەر مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان بولۇپ،زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارغا تۈرلۈك نۇقسانلار يەتكەن، شۇڭا ئوقۇغانلار ئۇنىڭدىن كۆڭۈلدىكىدەك نەپ ئالالمىغان. تەرجىمان ئۆزى شاھىد بولغان بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ، قايتا-قايتا ئۆيلۈنۈش ئارقىلىق بۇ مەجمۇئەنى رەتلەش،ئەڭ مۇھىمى ئۆزى ياشاۋاتقان ماكاندىكى كىشىلەرنىڭ تىلى بولغان تۈركى(يەنى ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىش قارارىغا كەلگەن:

ئويلاپ-ئويلاپ ئۆزگە غەيرەت ئەيلەدىم،

مۇنى تەرتىبغە ئۆزنى شەيلەدىم.
لېك تۈركى تىلنى كۆردۈم مۇڭا ئەپ،
بۇ ۋىلايەت مەردۇمنى تۈركى دەپ.

تەرجىمان ئۆزى نىشان قىلغان تەرجىمىگە كىرىشىشتىن بۇرۇن «چاھار كىتاب»نىڭ پارس تىلىدىكى نۇسخىلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قەدەر مۇكەممەل نۇسخىنى ئاساس قىلىپ ئالغان. تەرجىمان بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتىكى تۈپ مەخسىدىنى قىسقىلا قىلىپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

نۇسخەئى تۈركىغە تەبدىل ئەيلەدىم،
بەھرى ئالغاي تا قۇلغە ئالسە كىم.

يەنى «كىملا قولغا ئالسا بەھرى ئالغاي دەپ، تۈركى تىلغا تەرجىمە قىلدىم». بۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، بۇ ئەسەر مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلۇپ كېلىنگەن بولسىمۇ،لېكىن ئۇ پارس تىلىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىلا كىشىنىڭ ئورتاق بەھرى ئېلىشىدىن ئىبارەت نىشان مەلۇم چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ كەلگەن.قېرىنداشلىرىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۆزىنىڭ ھەققانى بۇرچى ھېساپلىغان تەرجىمان پارس تىلىنى مۇكەممەل بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى تۈركى-ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق، ئارىدىكى چەكلىمىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېساپلىغان.

يۇقارقىلاردىن بىز تەرجىماننىڭ «چاھار كىتاب»نىڭ ھەممىسىنى تەرجىمە قىلغانلىقىنى، ئەتتارنىڭ «پەندنامە»ناملىق ئەسىرىنىڭ شۇلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز.

بولغۇسى پەيدا چۇ تەئرىخى تەمام،
مىڭ ئۈچ يۈز ئونۇ ئالتى،ئەي كىرام.

دىگەن مىسرالاردىن ئەسەرنىڭ ھىجرىيە 1316-يىلى (مىلادىيە 1898-1899-يىللىرى) تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

تەرجىمان ئۆزى ھەققىدە پەقەت :
سورساڭىز ئاتىم ئۇبەيدۇللاھتۇر،
قەدرىم ئەھلى ئىلمگە كاھدۇر.

دىگەن ئۇچۇرنىلا قالدۇرغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز تەرجىمانىنىڭ ئىسمىنىڭ ئۇبەيدۇللاھ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. ئەمما ئۇنىڭ پەملىسىنىڭ نىملىكى، قاچان، قەيەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ھازىرچە ئېنىقلانمىغان. «پەندنامە»نىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىغا ئاساسەن، تەرجىمانىنىڭ تەخمىنەن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەتراپىدا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.گەرچە تەرجىمان ئۇبەيدۇللاھ ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىنى: « قەدرىم ئەھلى ئىلمگە كاھدۇر»-يەنى قەدرىم ئىلىم ئەھلىگە نىسبەتەن سامانەدەك سېرىقتۇر، دىگەن بولسىمۇ «پەندنامە»نىڭ تەرجىمىسىدىن ئۇنىڭ پارىس تىلىغا پۇختىلىقىنى، بولۇپمۇ شېئىرىي دىتىنىڭ نەپىس، راۋانلىقىنى ،شېئىرىي تەپەككۇرىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يەتكىلى بولىدۇ. چۈنكى پارىس تىلىدا مەسنىۋىي شەكىلدە يېزىلغان بۇ داستاننى ئۇبەيدۇللاھ يەنە شۇ شەكىلدە يۇقۇرى ماھارەت بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ ئارقىلىق تەرجىمان بىر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ پىشقان تەرجىمە سەۋىيىسىنى نامايەن قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئەدەبىي بەدىئىي تەرەققىياتىدىن بىشارەت بەرگەن. تەرجىمان ئۇبەيدۇللاھ فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ نامىنى ۋە ئۇنىڭ «پەندنامە» داستانىنى يۈكسەك ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلەن تىلغا ئېلىپ:

شەيخ ئەتتارى ۋەلىنىڭ سۆزلەرى،
ھەر يەردەدۇر سۆزلەرى، بار ئۆزلەر.

دەپ يازىدۇ. يەنى ئەۋلىيا شەيخ ئەتتارنىڭ سۆزلىرى نەدە بولسا، ئۆزىمۇ شۇ يەردىدۇر، دېيىش ئارقىلىق ئەتتار روھىنىڭ،ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇجەسسەملەنگەن مەرىپەت جەۋھەرلىرىنىڭ ئىلمنى، ئىلىم ئەھلىنى سۆيىدىغان ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا ھامان چاقناپ تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار-قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى» ناملىق كاتولوگدا «پەندنامە» نىڭ بىر پارىسچە، بىر چاغاتايچە ئىككى نۇسخىسى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، چاغاتايچىسىنىڭ ھجىرىيە 1331-يىلى (مىلادىيە 1912-1913-يىللىرى) تاش مەتبەدە بېسىلغان نۇسخىسى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان[22]. بۇ بەلكىم تەرجىمان ئۇبەيدۇللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمە بولۇشى ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىر مەنبەلىك نۇسخا بولۇشى مۇمكىن.

## ئىزاھلار:

[1] قاسىمجان سادىقوۋ (ئۆزبېكىستان): «ئۇيغۇر يېزىقى تارىخى»، تاشكەنت «مەنىۋىيەت» نەشرىياتى 1997-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى 22-بەت

[2] م. فۇئاد كۆپرۈلۈ :«تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، ئۆتۈكەن-1981-يىلى تۈركچە نەشرى، 321 -بەت

[3]بۇ يەردىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملە ئىچىدە كەلگەن، قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان، نەۋايىنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن مىساللار چۈشۈنۈشكە قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن «لىسانۇت تەير» داستانىنىڭ 1991- يىلى تاشكەنت نەشرىنىڭ نەسرىي باياندىن ئېلىندى.

[4] تىرناق ئىچىدىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن سۆزلەر «لىسانۇت تەير» داستانىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نەۋايىغا مەنسۇپتۇر.

[5] مۇھەممەدجان ئىمامنەزەروۋنىڭ ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان«شەرىق يۇلتۇزى» ژورنىلىنىڭ 1991-يىللىق 4-سانىغا بېسىلغان «ھەقىقەت ۋە ماجاز» ناملىق ماقالىسىغا، تۈركىيەلىك ئاگاھ سىررى لېۋەندنىڭ 1965 – يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان «ئەلىشىر نەۋايى -ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە كىشىلىكى» ناملىق ئەسەرىگە قارالسۇن.

[6] بېرتېلىسىنىڭ ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 2006-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان «نەۋايى ۋە شەرىق ئەدەبىياتى» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن.

[7] يۇقارقى مەنبەگە قارالسۇن.

[8] ئەلىشىر نەۋايىنىڭ مۇستاپا جانپولات تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «لىسانۇت تەير» داستانىنىڭ 1995-يىلى ئەنقەرەدە بېسىلغان نەشرىنىڭ كىرىش سۆزگە قارالسۇن.

[9] ئەلىشىر نەۋايى:«مەھبۇبۇل قۇلۇب»،1983 – يىلى تاشكەنت، غۇپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى، 26-بەتكە قارالسۇن.

[10] ئەلىشىر نەۋايى «مۇكەممەل ئەسەرلەر توپلىمى»-17-توم، «نەسائىمۇل مۇھەببەت»، 2001-يىلى تاشكەنت بەشرى، 459-461-بەتلەرگە قارالسۇن.

[11] مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006-يىلى بېيجىڭدا نەشىر قىلىنغان « ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 2-توم، 659-بەتتىكى ئىزاھقا ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995-يىلى نەشر قىلىنغان «مەنتىقۇت تەير» داستانىنىڭ 7 – بېتىگە قارالسۇن.

[12] «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 1988-يىللىق 4-سانى 106-بەتكە قارالسۇن.

[13] «سىددىقنامە»نىڭ 2006-يىلى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرپىدىن نەشر قىلىنغان نەشرىنىڭ «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن»دىگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى 1-ئىزاھاتقا قارالسۇن.

[14] يۇقارقى مەنبە،«نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» دىگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى 4-بەتكە قارالسۇن.

[15] «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار-قەدىمكى ئەسەرلەر تېزىملىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988-يىلى نەشرى، 199-بەتكە قارالسۇن.

[16] ئىكرامىددىن ئاستانەقۇلوۋنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ئۆزبېكىستاندا «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى» نىڭ نىزامى نامىدىكى تاشكەنت دۆلەت پېداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ كۈتۈپخانىسىدىكى نۇسخىسىدىن باشقا، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادىمىيىسى ئەبۇ رەيھان بېرۇنى نامىدىكى شەرىقشۇناسلىق ئىنىستىتوتىدا ئىككى قول يازما نۇسخىسى، تاشكەنت ئىسلام ئۇنۋېرستېتى مەنبەلەر خەزىنىسىدە بىر قول يازما نۇسخىسى،قۇقان شەھرى ئىلمىي مەركىزى كۈتۈپخانىسىدا بىر قول يازما نۇسخىسى بار ئىكەن.

[17] «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2002 ـ يىلى نەشرى 302-، 321-بەتلەرگە قارالسۇن.

[18] ۋېي لىياڭتاۋ،لىيۇ جىڭيىن«خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 431 ـبەتكە قارالسۇن.

[19] ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987-يىلى نەشرى 856-بەتتىكى ئىزاھقا قارالسۇن.

[20] «ئەۋلىيالار سۇلتانى.تۇرانلىق ۋەلىيلەر» (ئىكرامىددىن ئاستانەقۇلوۋ نەشرگە تەييارلىغان)، 2004-يىلى تاشكەنت، يېڭى ئەسر ئەۋلادى نەشرىياتى ، 112- بەتكە قارالسۇن.

[21] بۇ مەزمۇنلار ئىكرامىددىن ئاستانقۇلوۋنىڭ «مۇھەممەد سىددىق رۇشدى ۋە ئۇنىڭ ‹تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركى›ئەسىرى »ناملىق مونوگراپىيىسىدە «تەزكىرە» قوليازمىسىدىن چاغاتاي تىلى بويىچە كەلتۈرۈلگەن مىسال ئاساسىدا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشىگە قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن يىغىنچاقلاپ،ئاممىباپ ئۇسۇلدا بايان قىلىندى.

[22] «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار-قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988-يىلى نەشرى، 270-271-بەتلەر .

www.kitaphumar.com

# ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى

(بۇ ماقالەمنى تەجەللىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 160 يىللىقىغا، ۋاپاتىنىڭ 81 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

مۇختار مامۇت مۇھەممەدى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى باغلاشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغۇچى ئەدىبلەرنىڭ بىرى، مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق شائىر، داڭلىق تېۋىپ، مائارىپچى ۋە خىمىك ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى مىلادىيە ھىجرىيە 1262-يىلى (1848-يىلى)① خوتەن② ۋىلايەتلىك، قاغىلىق ناھىيە زوڭلاڭ يېزا ئايكەن كەنتىدە ئىسلام دىنىي ئالىمى، ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

پ بېرىپ، ئىسمائىل ھاجىم بىلەن قۇدا بولۇشىدۇ. بۇ جەرياندا تېۋىپلىق ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن قاغىلىقتىكى ئۆلىما، يۇرت-مۆتىۋەرلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن كىلىياڭ يېزىسىدىكى ئۆينى مۇساق ئاخۇن دېگەن كىشىگە 50 تەڭگىگە سېتىۋېتىپ قاغىلىققا كېلىدۇ. قاغىلىقتىكى بارلىق خەلقلەر ئۇنى مۇددەرىسلىك ياكى خاتىپلىققا ئوخشاش بىرەر خىزمەت ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما، ئالىم ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ھاۋالىقراق يېزىلارنىڭ بىرىدە ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى ئاڭلىغان قاغىلىق چارباغ يېزا شور ئېرىق كەنتىدىكى مەرىپەتپەرۋەر شائىر، مۆتىۋەر زات نازارىخان ھاجىم تەجەللىگە ئىخلاس قىلغانلىقتىن، يېڭىدىن ياساپ ئەمدىلا كۆچۈپ چىقاي دەپ تۇرغان يەتتە ئېغىز ئۆي، بىر يۈرۈش باغلىق ھويلىنى ياردەم قىلىدۇ. ئالىم بۇ جايغا چىققاندىن كېيىن، ئايالى بۇۋى مەينىسا خېنىم ۋە ھىندىستاندىن قايتىپ كەلگەن شائىر فۇرقەت بىلەن تېبابەتچىلىك ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەتنىڭ ئۇرۇقىنى ھەممە يەرگە چاچىدۇ. تەجەللىنىڭ ئىلىم-پەزىلىتى ۋە ئۆلىمالىقتىكى شۆھرىتىدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر، يەركەن، پوسكام، گۇما، خوتەن قاتارلىق يىراق-يېقىندىكى بىر قىسىم ئىلىم تەلەپكارلىرى ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ھازىر بولۇپ، ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىپ، ئىلىم تەھسىل

قىلغاندىن باشقا، ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلىرى دەپ سانالغان پېشقەدەم ئۆلىما مۇدەررىسلەرمۇ ئۆز بىلىملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلىم ئىقتىدارىنى سىناش يۈزىسىدىن تەجەللىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن دەرس ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەدەبىي تەلىماتلىرىدىن ئەڭ سۆيۈملۈك شاگىرتى گۇمىلىق ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم، شۇنىڭدەك ئالىم ۋە ئەدىبلەردىن ئابدۇقادىر داموللا، تاتار ئالىمى مۇسا جارۇللا، يەركەنلىك سالىھ داموللا، زىرىپ قارى ھاجىم، قەشقەرلىك ئابدۇقادىر زىيائى، پوسكاملىق ئىسراپىل داموللام، تۇرپاندىن مۇتىۋۇللا ئەلەم، قاغىلىقتىن ئابدۇۋايىت قازاخۇنۇم⑥ قاتارلىقلار ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق ئالغان.

ئۇ ئۆز تىببىي ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل كېسەللەرنى، جۈملىدىن يۈرەك كېسىلى، ئۆپكە، سىل كېسىلى قاتارلىق كېسەللەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە داۋالاپلا قالماي، بەلكى، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا بويىچە داۋاسى تېپىلمىغان راك⑦(سەرتان) كېسىلىنى يىلان گۆشى(زەھىرى) بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋالاپ ساقايتقان. تەجەللى يەرلىك چۆپ-دورىلارنىڭ خىمىيىۋى تەركىبلىرىنى تەكشۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىققانلىقى ئۈچۈن، كېسەل كىشىلەرنى كۆپىنچە ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتقان.

دورىگەرلىك جەھەتتە، قەدىمكى تىببىي كىتابلاردىكى نۇسخىلار ۋە ئۆزى تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈپ چىققان نۇسخىلار ئاساسىدا تەرياك، ھەببى زۇفا، ھەببى جەۋھىرى، ئازاراقى سىسترخىنى كومۇلچى، پولات كۆشتىسى، سىماب كۆشتىسى، پۈتۈن بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان ھالۋايى بىزە قاتارلىق ياخشى دورىلارنى ئىجاد قىلىپ، خەلقنى داۋالاپ، كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان ھەمدە بۇ تىببىي ئەسەرىدىن «تەجەللى نۇسخىلىرى»، «شىپايى سىيادادى⑧»، «مۇجەررىباتى تەجەللى⑨»، «شىپايى شەيىخ⑩»، «مۇرەببى تەجەللى»⑪ قاتارلىق قولىيازما كىتابنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى خەلقىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان.

خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى 125 يېشىدا ۋاپات بولغان مۇدىر ۋراچ، داڭلىق پېشقەدەم تېۋىپ تۇردى ھاجىم (مەزكۇرغا 1983-يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن ئىكەن) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، داڭلىق تېۋىپلاردىن قاغىلىقتىن يۇسۇپ ئەپەندىم، ياسىن ئاخۇن داموللام، سەيدىنا ئەپەندىم، سادىق مەخسۇم، گۇمىدىن مەھمۇد ھاجىم، ئىبراھىم ھاجىم، قەشقەردىن يۇسۇپ ھاجىم قەشقىرى (سۆھبەتدىشى)، مۇسا ئاخۇنۇم (شاگىرتى) قاتارلىقلار ئۇنىڭ تىببىي ماھارىتىدىن تەربىيە ئالغان تېۋىپلاردۇر.

www.kitaphumar.com

تەجەللى ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە مەككىگە بارغان، ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى مەككىنىڭ مەدرىسلىرىدە ئالغان. ئوغلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىجتىھاتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئاتىسى سەئىد قۇتبىدىن شاھ ئۆز پەرزەنتىنى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ ئىمتىھان بەرگۈزۈپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، دېھلى شەھىرىنىڭ دېھلى دارىلئولۇم مەدرىسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ ئىسفاھان دارىلفۇنۇنىدا، ئافغانىستاننىڭ كابۇل دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇتىدۇ. تەجەللى ئوقۇش جەريانىدا ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ھىندى تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، خىمىيە، تېبابەت، ئىلمي نۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىياتقىمۇ قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەلۇم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نەتىجىلىرى بىلەن «مەۋلىۋى»③لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، مەدرىسنى تاماملىغان تەجەللى ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن مەككە، مەدىنە، دېھلى، كابۇل، تېھران، تۈركىيە، ھەتتا روسىيىلەرگىچە بېرىپ ساياھەت ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن خېلى بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ.

تەجەللى ھەج قىلىش ۋە ئىلىم ئېلىش پائالىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىندىستاندىن قايتىش يولىدا پاكىستاننىڭ گىلگىتقا كەلگەندە ئانىسى بۈبى گۈلسۈم خېنىم④ بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەركەن دەرياسى باش ئېقىنىنىڭ چاتۇلى يولىدىكى كېچىكتىن ئۆتۈشىدە بارلىق بىساتلىرى دەرياغا غەرق بولىدۇ. تەجەللى قاتمۇقات مۇسىبەت، يول ئازابىدا غەم-قايغۇغا چۆمگەن ھالدا يەركەنگە كېلىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. بۇ چاغدا شائىر تېخى يىگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىت ئىدى. شۇ چاغدىكى يەركەن ۋالىيسى شائىرنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەت-كامالەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئاتىسى بىلەن بىرگە ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئىلىم-مەرىپەت بىلەن تولغان سۆزلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كۆپلەپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. شائىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يازغان بەزى شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئۆلىمالار ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا قولدىن-قولغا ئېلىنىپ ئوقۇلىدۇ. شۇنداقلا ئالىملار ۋە ئەدىبلەرگە سۆزلىگەن دىنىي، پەننىي، ئەدەبىي بايانلىرى تىللاردا داستان بولۇپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب خىسلىتى ھەر تەبىقە زاتلىرىنى، ئاۋام خەلقنى مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يەركەندىكى «يېشىل مەدرىسە»گە مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. نۇرغۇن تالىپلار ئۇنىڭ ئىلىم-مەرىپەت دەرياسىدىن قېنىپ سۇ ئىچىپ، شېئىرىيەت گۈلشەنىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇ چاغلاردا ئۇ يەنە تېبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن بىمارلارنىڭ كېسەلدىن شىپا تېپىشىغا يېقىندىن يار-

يۆلەكتە بولدۇ. يوقسۇزلاردىن ھەق ئالمايدۇ ھەم خىمىيە ئىلمى بويىچمۇ تەجرىبە-تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تېبابەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇنداق ئۇڭۇشلۇق شارائىت تەجەللىگە ئىنتايىن ئاز ۋاقىت خۇشاللىق ۋە يورۇقلۇق كەلتۈرىدۇ. ئالىمنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا مۇنداق چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشى ئاز ساندىكى مۇتەئەسسىپ، خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە ھەسەت ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئالىمغا بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. ئاخىر ئالىمغا ئىنتايىن رەزىل ۋاستىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش كويىغا چۈشىدۇ. تەھدىت، ئەپسانىلەرنى توقۇپ ۋە ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئالىمنىڭ ئىناۋەت ھۆرمىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەتتا، ئالىمنىڭ ئالدىدا يۈزمۇيۈز بىئەدەپلىك قىلىپ، ئۇنىڭ پاك قەلبىنى ئازاب-كۈلپەت خەنجىرى بىلەن جاراھەتلەندۈرىدۇ. مۇشۇنداق ھەسەتخور نادانلارنىڭ غەيۋەت شىكايەتلىرىگە نىشان بولۇپ قالغان نازۇك تەبىئەتلىك، يۈكسەك غەيرەتلىك ئالىم خېلى ئۇزاق مۇددەت يەركەن شەھىرىدە دەرد-ئەلەملەر بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ جەرياندا ئۇ قەلەم شەمشىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر تىللىرىدا قەسىدە-شېئىرلارنى يېزىپ، ھەسەتخورلارنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇ قەسىدىلەر ۋە شېئىرلار ئالىمنىڭ «بەرق تەجەللى»، «سەبەقە مۇجەللى»، «دىۋان ئەرەبى» ۋە «توھپەتۇل بەھرەيىن» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

بۇ ۋاقىتتا ئۇ يېقىن بۇرادىرى مۇتىۋۇللا ئەلەم⑤ ئاخۇنۇمنىڭ جان-دىل بىلەن قوغدىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە بىر مەزگىل خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. بىراق، مەرىپەت ئەھلىگە ھەسەت قىلىش ۋە دۈشمەنلىك زەھرىنى چېچىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئەبلەخلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى يەنە ئەۋجىگە چىقىدۇ. ھەتتا ئۇلار بۇ ۋاقىتتا ئەينى دەۋردىكى مۇستەبىت ئەمەلدارلارغا تەجەللى ئۈستىدىن نۇرغۇن تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بەتنام چاپلاپ، ئۇنىڭ خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشىگە تەھدىت سالىدۇ. ئاخىرى ئۇ مۇتىۋۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يەركەننى تاشلاپ قاغىلىققا يۆتكىلىدۇ. ئالىم مۇتىۋۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم باشلىق قاغىلىقتىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەجەللىنى قاغىلىق بازىرىدا ئولتۇرۇپ مۇددەرىسلىك قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئالىم ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بولغان زوڭلاڭ يېزا ئايكەن كەنتىگە ئورۇنلىشىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بورا كەنتىدە تۆت يىل تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن گۇما ناھىيىسىنىڭ كوھتامغا (ھازىرقى كىلىياڭ) يېزىسىنىڭ دەريا بويىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە سۈپۈرگە ھاجىم دېگەن كىشىدىن 82 تەڭگىگە بىر يۈرۈش ئۆي، يەر، ئورمان سېتىۋېلىپ، بۇ جايدا ئائىلىسى بىلەن يەتتە يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. شائىر ھەم خەتتات ئىسمائىل ھاجىمنىڭ قىزى ھەمراخاننى ئوغلى ئوبۇل ھۇداخانغا

ئېلى تەجەللى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ مەزمۇنلارنى توغرا ئىزاھلاش، توغرا شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش يۈزىسىدىن مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر كىتابلىرىنى قايتا ئىشلەپ تولۇقلىغان. يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈگىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئاساستا ئۇنىڭغا شەرھ يازغان.

ھىجرىيە 515-يىلى (مىلادىيە 1121-يىلى) ياشىغان خۇراسانلىق مەشھۇر ئالىم ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ «تەپسىرى كەششاف» ناملىق كىتابىنى يېڭىلاپ يازغان «تەجدىدى كەششاف» (12) دېگەن ئەسىرى ئەنە شۇ مەقسەتتە قىلغان ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ بىرىدۇر.

تەجەللى جامائەتچىلىككە گەرچە ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ۋە مەشھۇر تېۋىپ سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خېلى كۆپ ۋاقتى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلىنىپ، ئۆز ئانا تىلىدا ئەدەبىيات ۋە تېبابەتكە دائىر مول مەزمۇنلۇق گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقاندىن باشقا، شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ كۈچ سەرپ قىلىپ ھىندى، ئەرەب، ئوردۇ، پارس، ئۇيغۇر تىللىرىدا كۆپلىگەن غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلغان.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولغان «بەرقى تەجەللى»، «سەبەقە مۇجەللى» ناملىق دىۋانى ھىجرىيە 1317-يىلى (مىلادىيە 1899-يىلى) 43 يېشىدا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان قەشقەردىكى «مەتبەئى خۇرشىد» (13) مەتبەئەسىدە 1000 دانە بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شان-شۆھرىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر تارقىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. تەجەللىنىڭ تالانتىغا قايىل بولغان نۇرغۇن يازغۇچى-شائىرلار ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، خەت يېزىپ ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتقان.

تەجەللىنىڭ قوقانلىق شائىر مۇھى، شائىر زاكىرجان خال مۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت(14) ، گۇمىلىق شائىر ئىسمائىل ھاجى قاتارلىقلار بىلەن ئالماشتۇرغان خەتلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.
تەجەللى مۇھىنىڭ دوستلۇق خېتىگە نەزمە يېزىپ، مۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ (15) .

ئابى ھايات ئىچكەن كەبى مەسىھ قولىدىن،
سېنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭدىن تىرىلىپ كەتتىم.
فۇرقەت گويا تولا قەدەھ مەي ئۇزارتقاندەك،
سېنىڭ لەتىپ مەكتۇبىڭنى بەردى سۆيۈندۈم.
فۇرقەت قەلبلەر تېۋىپىدۇر دائىم ساق بولسۇن،
خەت تاپشۇرۇپ بېرەلىدى دىللەرگە شىپاھ،
سەن ياخشى سۆز بۇلبۇلى سەن سايرا ۋەر مۇدام،

بۇ ئالەمدە ناۋايىدەك بولۇپ قال يەكتا.

مانا بۇ جاۋاب خەتتىن تەجەللىنىڭ مۇھىمغا بولغان كۆڭۈل ئىزھارى ۋە تەشەككۈرىنى، مۇھىمنىڭ نەتىجىسىگە بولغان ھېسسىياتىنى، تىلەكداشلىق پوزىتسىيىسىنى، شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر-قويۇقلۇقىنى ھەم بۇ دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەملىنىشىدە فورقەتنىڭ ۋاستىلىك رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەجەللىنىڭ شان-شۆھرىتى ئەينى دەۋردە يالغۇز قاغىلىقتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرقىي ئاسىيا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر تارقىلىشى ئۇنىڭ بىر قىسىم دۆشمەنلىرىنىڭ قاتتىق ھەسەتخورلۇقىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەجەللىنى يوقىتىش كويىغا چۈشكەن بۇ چۈپرەندىلەر ئۆزئارا تىپىشىپ، بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا ئىغىز-بۇرۇن يالىشىپ، تەجەللىگە قارشى بىرلەشمە سۇيىقەست پىلانلاپ، جاي-جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، تەجەللىنىڭ كىتاب ئەسەرلىرىنى يىغىپ يەركەندە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن تەجەللىنى قاغىلىقتىكى مۇھەممەد نىياز بېگىم دېگەن كىشى يېتىملىقۇم يېزىسىنىڭ كاسكى مەھەللىسىگە تەكلىپ قىلىدۇ. تەجەللى مەرھەمەت قىلىپ كېلىپ بۇ يەردە 25 يىلغا يېقىن تۇرۇپ، ھىجرىيە 1345-يىلى (مىلادىيە 1927-يىلى) رامىزان ئېيىنىڭ 11-كۈنى سەيشەنبە كەچ 73 يېشىدا كېسەللىك بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئالىمنىڭ جەسىتى قاغىلىق ناھىيە بازىرى مەركىزىدىن بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان كاسكا مازىرىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

ئالىم ئوتتۇرا بوي، چاچ-ساقاللىرى قويۇق، ئۇستىخانلىرى چىڭ، قاڭشارلىرى ئىنچىكە، چىرايلىق ۋە تۈز، بۇغداي ئۆڭلۈك، گۆلدەك ئېچىلغان تەبەسسۇملۇق، چىرايىدىن مېھىر-مۇھەببەت جۇلالاپ، كۆزلىرىدىن تەپەككۇر نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدىغان، جەسۇر ئىرادىلىك كىشى بولۇپ، ئىلمىي مەشغۇلاتى كۆپ، تۇرمۇشى رىيازەت بىلەن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ۋۇجۇدى ئورۇقراق ئىدى.

تەجەللى ئوغۇللارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، تەجەللىنىڭ ئىككى ئاكىسىنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى سەبدەر ئىلى، كىچىكىنىڭ ئىسمى ھەيدەر ئىلى ئىكەن. ئەنگلىيە ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن.

تەجەللىنىڭ ئۆگەي ئانىسى بۇبى خەدىچە خېنىم، تەجەللى ھەزرىتىنىڭ ئانا بىر بولەك تۇغقانلىرى: مۇنىردىنخان ھەزرىتىم، نۇسرىدىنخان ھاجىم، سەئىد پارۇخخان ھەزرىتىم، مەختۇم خېنىم، مەپىزە خېنىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. نۇسرىدىنخان ھاجىم گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزا ئىسمىسسلا كەنتىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن: ئىسراپىلخان بار،

قالغان تۆت بىر تۇغقىنىنىڭ ئەۋلادلىرى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاڭ يېزا دۆڭچاقار، ئايكەنت، قاغىچى، قاراڭغۇ ئېغىز قاتارلىق كەنتلەردە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

تەجەللى ھەزرەت ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن. تۇنجى ئايالىدىن تۆت ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنت كۆرگەن. بۇ ئايالىنىڭ ئىسمى بۇبى مەيىنسا خېنىم بولۇپ، زوڭلاڭ مازىرىنىڭ شەيخى يۈنۈس شەيخىمنىڭ قىزى. ئىككىنچى ئايالى زىننەت خېنىم گۇمىنىڭ پىشنا يېزىسىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى ئايالىدىن كارامەتنىسا خېنىم ئىسىملىك بىر قىزى بولغان. بىرىنچى ئايالىدىن بولغان بالىلىرىنىڭ ئىسىملىكى: سەئىد ئەبۇلھۇداخان، سەئىد رۇھۇلھۇداخان، سەئىد نۇرۇلھۇداخان، سەئىد زورۇلھۇداخان، قەمەرنىسا خېنىم، بۇبى ئالىي خېنىم، ھاسسانى خېنىم، مەھبۇبە خېنىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## تەجەللىنىڭ ئىجادىي پائالىيتى

تەجەللىنىڭ ئىجادىيىتى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۆلگىسى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى ئۆزئارا باغلاشتۇرۇپ تۇرغانلىقى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي ھاياتىنى ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدەك مۇھىم قىممىتى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەجەللى يازغان ئەدەبىيات، تېبابەت، پەلسەپە، دىن ئىلمىگە دائىر كۆپلىگەن مول مەزمۇنلۇق نادىر ئەسەرلەردىن خەلق قولىدا ساقلىنىپ قالغان «بەرق تەجەللى»(16) ، «سەبەق مۇجەللى» ناملىق 114 بەتلىك چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي دىۋانى بىلەن خوتەن، گۇمىدا ياشىغان مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر يېزىقىدا بۇلغارىيىدە نەشر قىلىنغان «دىۋان تەجەللى» ناملىق ئەسىرى ۋە شۇ زاماندىكى تۈركىيە سۇلتانى ئابلىمىت خانغا يېزىپ تەقدىم قىلغان «رەيىت»(17) ناملىق كىتابى ھەمدە «دىۋان ئەرەبى»(18)، «مەجمەئەتۇل قەسايىد»(19) ، «سەبدەر نامە»(20)، «تىلسىم ئىشىق»، «ساقى نامە»، «مۇراققى كەلىمە شېرىف» قاتارلىق كىتابلىرى يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى قىممەتلىك بەدىئىي يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«بەرقى تەجەللى»، «سەبەقە مۇجەللى» ناملىق توپلىمى ئالىمنىڭ ھىندىستاندىكى ئوقۇش مەزگىللىرىدىن تارتىپ تاكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەبچە ۋە ھىندى تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن 17 پارچە

قەسىدە، 31 پارچە مۇسەددەس، 15 پارچە ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلىرىدىن ۋە شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان نەزملىك سالام خەتلىرىدىن تەركىب تاپقان لىرىك شېئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت.

ئالىم توپلىمىدىكى شېئىرلىرىنى زور ئىجتىھات بىلەن بەدىئىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزگەنلىكتىن، ئەينى ۋاقىتتا ئالىمنىڭ ھايات چاغلىرىدىن باشلاپلا، كونا مەكتەپلەردە ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىپ ئوقۇلغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئوي-پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، پەلسەپىۋى مۇلاھىزىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، مەنتىقە باغلىنىشچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تىلىنىڭ گۈزەل، نەپىسلىكى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇخىل رەڭدارلىقى ھەمدە بەدىئىي سۈپەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇش، كۈچلۈك لوگىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەسىلەن:

سەنسىز ئولسەم باغ ئارا، ئول باغ مېھنەت تاغىدۇر،
سەن بىلەن باغ ئىچرە يۈرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر.

(سەن بولمىساڭ باغ ئىچرە يۈرگىنىم بىلەن ئۇ باغ ماڭا زۇلۇمنىڭ تېغىدۇر، سەن بىلەن تاغدا يۈرسەم ئۇ تاغ ماڭا جەننەتنىڭ بېغىدۇر)

بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ يۇقىرىقى ھېسسىياتىنى قىسمەن بولسىمۇ چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن، شائىر ھۈسەيىنخان تەجەللى بىلىم ئۆگىنىش، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى خاسىيەتلىك ئىش دەپ بىلىدۇ. «دۇنياغا كېلىش ۋە ياشاشتىن مەقسەت، بەخت-سائادەت يارىتىش ۋە بىلىم ئېلىش ئۈچۈندۇر» دېگەن ئىلغار قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جۈملىدىن، «ھايات گۈلىستانىغا»، «شامالدەك ئۈچۈپ كىرىپ»، «چىمەن ئىچىدە بەزمە قۇرايلى» دەپ يېزىپ، ئەجىر ھەم مېھنەت بىلەن ھايات ھۇزۇرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.

مەسىلەن:

ھەقايىقدە گاھ ئەجدىھادەك ئۈرۈپ دەم،
مەئارىفدە گاھ ئارسلاندەك يۈرەلىم.
باھاردا ۋە فايىق غەنىيمەتتۇر ئول كىم،
چىمەن ئىچرە، بىر بەزمە ئىشرەت قۇرەلىم.

www.kitaphumar.com

(ھەقىقەت ئىلمىدە ئەجدىھاغا ئوخشاش دەم تارتىپ مائارىپتا يولۋاس سۈپەت يۈرەيلى، باھارنىڭ ۋاپاسى يوق ئۇنى غەنىيمەت بىلىپ، گۈلشەن ئارا ئىشرەت بەزمىسى قۇرايلى).

1895-يىلى ئۈستۈن ئاتۇشتىكى مۇسابايى ھاجى ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئوغۇللىرىغا «ھەزرىتى ھەببب ئەجەم» مازىرىنى ياساپ چىقىشنى ۋە يېنىغا ئازادە مەكتەپ بىنا قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. مۇشۇ ۋەسىيەت بويىچە «ھەزرىتى ھەببب ئەجەم» مازىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ھۈسەينىيە مەكتىپىنىڭ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشى 1896-يىلى رەسمىي ئىش باشلىنىپ، 1898-يىلى ئىككى يىلغا يېتەر-يەتمەي گۈمبەز مۇنارىسى ئاسمانغا بوي تارتقان كۆركەم مازار بىلەن ئازادە سىپلىنغان يېڭى مەكتەپ بىناسى ئىكساقتا قەد كۆتۈردۇ. بۇنى كۆرگەن تەجەللى ئۆزىنىڭ مەدھىيە شېئىرىدا بۇ ئىككى چوڭ قۇرۇلۇشنى ياساشقا ۋەسىيەت قالدۇرغان مۇسابايى ھاجىغا ۋە بۇ ئىشنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بەجا كەلتۈرگەن ھۈسەيىن ھاجى بىلەن باھاۋۇدۇن بايغا ۋە قۇرۇلۇشنى سالغۇچى ماھىر ئۇستىلارغا يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە غەزىلىي تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

تەجەللى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يازغان بۇ قەسىدىسىدە «ھەببب ئەجەم مازىرى» ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تەسىس قىلىنغان «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ھەمدە بۇ ئىككى بىنانىڭ قۇرۇلۇشىدا مەردلىك كۆرسەتكەن مۇسا ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن بۇ قۇرۇلۇشقا بەل باغلىغان ئوغۇللىرى ھۈسەيىن ھاجى، باھاۋۇدۇن بايلارنى ئىنتايىن يۈكسەك بەدىئىي تىل بىلەن مەدھىيىلىگەن.

ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ «بەرق تەجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ماۋزۇلۇق قەسىدىسى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ھۈسەيىنخان بۇ قەسىدىدە ئۆتكۈر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىسى ئارقىلىق «قارا» بىلەن «ئاق»نىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىقىنى ۋە زىددىيەتلىرىنى كۆركەم بىر بەدىئىي شەكىلدە ئۇتۇقلۇق ئىپادىلەپ بەرگەن.

قەسىدىدە «ئاق»، «قارا» سۆزى باشتىن-ئاخىر مەجازى ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىلغان، ئۇنىڭدىن بىز پىشقان بىر پەيلاسوپنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ئانالىزلىرىدىن ھادىسە ۋە شەيئىلەرگە بولغان ئوبيېكتىپ باھالىرىنى، مەلۇم قىممەتكە ئىگە ئىلمىي چۈشەنچىلىرىنى ھېس قىلالايمىز.

تەجەللى ئىجادىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىشقا تېگىشلىككى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىك ھېسسىيات چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. ھايات ھادىسىلىرىگە بولغان چۈشەنچە ۋە باھالار بىر قەدەر كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرى بەدىئىي سۈپەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇش خۇسۇسىيىتى بىلەنمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۈبھە ئاقلىقدىن نۇرى بار،

قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى فىرار.
كەيمىش ئىردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلىسان،
ئانى مېھر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار تار.
چەشمائى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ،
يۈپ يۈزىدىن قارىسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

(سۈبھى ئاق نۇرىدىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەن ئىدى، ئالەم سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گۇرۇھى قاچتى. قارا ئەتلەستىن پۈركەنجى تون كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا تونىنى قۇياش نۇر تىرنىقى بىلەن تال تال قىلىپ يىرتىۋەتتى. قۇياشنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قارىنى (قاراڭغۇلۇقنى) يۇيۇپ، سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك روشەن قىلدى).

بۇ مىسرالاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، روشەن سىيلىشتۇرۇش ۋە ئىلمىي يەكۈن قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ھەرقانداق كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

ھۈسەيىنخان (تەجەللى)نىڭ ئىجادىيەتلىرىدە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ پارسچە شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ پارس تىلىغا ماھىر كىشى ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلدىمۇ ئەسەرلەر يارىتىشتا ئالاھىدە قابىلىيىتى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ «بەرق تەجەللى»، «سەبەق مۇجەللى» ناملىق ئەسىرىمۇ ئاساسەن ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھايات، گۈزەللىكنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئازادلىق، ھۆرىيەتكە ئىنتىلىشتەك ئىلغار ۋە جەڭگىۋار قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، ئىجتىمائىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىكنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ساداقەت، سەممىيەت، مۇھەببەت قاتارلىق ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى ئۇلۇغلاپ، ساختىپەزلىك، زالىملىققا ئوخشاش رەزىل، ئىپلاس قىلمىشلارنى كەسكىن قارىلىغان.

ئۇ يەنە «تىبىبىي ئەزەم» نامىلىق پارسچە تىبابەت كىتابىنى قاغىلىقنىڭ زوڭلاڭدا ياشىغان مەزگىلىدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن.

## تەجەللىنىڭ قەبرىسى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ رەتلىنىشى ھەمدە گۈمدىكى

## ئۆيىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش

www.kitaphumar.com

تەجەللىنىڭ قەبرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يېڭىلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. تەجەللى دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، قاغىلىق خەلقى ئالىمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى بىلەن قەبرىسىنىڭ چۆرىسىگە ياغاچتىن پەنجىرە ياسىغان، قەبرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا بىر مو چامىسىدىكى دائىرىنى قورشىغان ھالدا قورۇ-تام ياسىغان ھەمدە قەبرە قورۇسىغا كىرىدىغان چوڭ ياغاچ دەرۋازا بېكىتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قاغىلىق ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئالىمنىڭ قەبرىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتى پارلاق نۇرىنى چاچتى. 2-بىناكارلىق ئەترىتىدىكى ئۇستا نەققاشچىلار ۋە يەركەندىن چىققان ئۇستىكارلار قاغىلىقنىڭ بىشىرىق يېزىسىدىكى ئۇستا نەققاشچىلار تەرىپىدىن ئورنى يىتۈپ كېتەي دېگەن مەقبەرىنىڭ ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا سەككىز پۇڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، پىششىق خىش بىلەن ئىككى يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە قورۇ-تام چۆرۈدى. قەبرىنى كۆركەم قىلىپ ياساپ، گۈل-نەقىش چىقىرىپ ياغاچ پەنجىرىنىڭ ئىچىگە ئالدى ھەمدە خىش، سېمونت، پولات چىۋىق بىلەن ئۇيغۇرچە نۇسخىدا قەبرىگە كىرىش ئىشىكى ۋە گۈمبەز چىقاردى ھەمدە چوڭ قاتناش يولىدىن قەبرىگە بېرىش ئۆچۈن، كەڭلىكى تۆت مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 680 مېتىر قىلىپ يول ياسالدى. مەخسۇس بىر كىشىنى قەبرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بېكىتتى. 2007 يىلى 10-ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر بۇ جاينى زىيارەت قىلىش ئۆچۈن، بۇ ناھىيىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن كەلگەندىن باشقا قوشنا ناھىيە، ۋىلايەتلەردىن بىر قىسىم يازغۇچى، شائىر، مۇخبىرلار، تەتقىقاتچىلار ۋە چەت ئەلدىن ئۇرۇق-تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن ساياھەتچىلەردىن بولۇپ، نەچچە ئون مىڭلىغان كىشى بۇ مەقبەرىنى زىيارەت قىلدى.

شائىر ھۇسەيىنخان تەجەللى خوجا-ئىشانلارنىڭ پىتنە-پاساتلىرىدىن خالىي بولۇش مەقسىتىدە، شائىر ھەم خەتتات ئىسمائىل ھاجىمنىڭ تەكلىپى بىلەن شۇ زاماندا گوما ناھىيىسىنىڭ كىلىياڭ يېزا كۇتام مەھەللىسىگە كېلىپ، بۇ يەردىكى سۇپۇرگە ئاخۇن دېگەن كىشىدىن بىر يۇرۇش ئۆي ۋە يەر سېتىۋالغان، كۇتام گوما دەرياسى (تازغۇن دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بويىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن باشلاپ يىپەك يولىنىڭ بىر تارمىقى مۇشۇ يەردىن كېسىپ ئۆتكەن. بۇ جاينىڭ ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. تەجەللى مۇشۇ جايدا تۇرغان مەزگىللەردە نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىلغار پىكىرلىك زاتلار بىلەن تونۇشقان، ھەمسۆھبەتتە بولغان. ئەتراپتىكى نۇرغۇن دېھقان، چارۋىچىلارنى داۋالاپ ساقايتقان، نۇرغۇن ياشلارنى ئوقۇتقان. تەجەللى كۇتامدا ئالتە يىل تۇرۇپ، 1922-يىلى ئۆيلىرىنى مۇساق ئاخۇن دېگەن كىشىگە سېتىۋېتىپ، قاغىلىقنىڭ كاسكى يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن.

1984-يىلى 9-ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «تەجەللى مۇجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلىپ 15 مىڭ نۇسخا تارقاتتى.

2000-يىلى 9-ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى مۇختار ماموت مۇھەممەدى تۈزگەن «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» نامىلىق قاتتىق مۇقاۋىلىق توپلامنى 3000 نۇسخا تارقاتتى.

مەرھۇم باتۇر روزى يازغان «شېئىرىيەت نۇرى-تەجەللى» نامىلىق كىتابنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 5000 نۇسخا تارقاتتى.

تەجەللى ئەسەرلىرىنى قېزىش ئىشلىرىمۇ ياخشى ئىشلەندى. يىغىندىن بۇيان، تەجەللىنىڭ ئاق كېسەل قاتارلىق كېسەللەر ئۈچۈن يازغان 80 پارچىگە يېقىن يەككە دورىلار رېتسېپى «شىپايى سىيادادى»، «تەجەللى نۇسخىلىرى»، «مۇجەررىباتى تەجەللى» نامىلىق ئەسەرلىرى دوست-بۇرادەرلىرىگە يازغان 280 مىسرادىن ئارتۇق ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە شېئىرىي سالاملىرى «تۆھپەتۇل بەررەئىن»، «دىۋان ئەرەبى»، «بەرق تەجەللى»، «سەبەق مۇجەللى»، «مەجمەتۇل قەسەئىد» قاتارلىق كىتابلىرى ھايات ۋاقتىدا بېشىغا ئورىغان مەلىلە رەڭ سەللىسى، يىزىقچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن رەڭ چىلىغان دۇۋىتى، كېسەل داۋالىغاندا راك كېسىلىگە تاماق بەرگەن چىلان ياغىچىدىن ياسالغان تەخسىسى، دورا قۇتىسى ۋە ھاسىسى قاتارلىق نەرسىلىرى تېپىلغاندىن باشقا، ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمى ھەققىدە يازغان بىر قوليازما كىتابىنى يەركەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تاپشۇرۇۋېلىپ ساقلىغان بولۇپ، 1958-يىلى بېيجىڭدىن ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن خادىملارغا يەركەن مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى تاپشۇرۇپ بەرگەن.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى» نامىلىق كىتابتا يەنە مەۋلانە ھۆسەيىن ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ مىلادى 1894-يىللىرى «تەمەتتۇل ھەۋاشى ئىزلەتتۇل غەۋاش» نامىلىق بىر كىتاب توغرىسىدا ئۇچۇر بەرگەن، بۇنىمۇ مەن ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ كىتابى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنىڭ قايتىدىن ياسىلىشى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە مىللىي دىنىي سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى. بولۇپمۇ، ئىلىم سۆيەر، ئەمگەكچان قاغىلىق خەلقىنىڭ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش، ئىلىم-پەننى ئۆگىنىپ، تۆتنى ئىشقا ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىغا زور ئىلھام بەردى.

نۆۋەتتىكى خۇش خەۋەر شۇكى، ئالىم تەجەللى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇن ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى مەخسۇس تەستىقلىدى. تەجەللىنىڭ مازىرىنىڭ قورۇسىغا قويۇلغان باشقا مېيىتلەر

يۆتكۈۋېتىلدى. تەجەللى مازىرى بۇ يىل ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق قىلىپ تەستىقلاندى. ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ «شىپايى سەھىيددى» ناملىق تېببىي كىتابى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئاخىردا كىتابخانلاردىن ئۆتۈنىدىغىنىم، ئالىم تەجەللىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. بولۇپمۇ تېببىي ئىلمىگە دائىر رېتسېپلىرى ئاز تېپىلدى. ئۇلۇغ ئالىم توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى ساقلاپ قويغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئىزاھاتلار:

①ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەجەللىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى مۇشۇ ماقالىدە دېيىلگەن بويىچە بېكىتىلدى.

② ئۇ مەزگىللەردە قاغىلىق خوتەنگە تەۋە ئىدى.

③ مەۋلىۋى: ئوقۇغان مەكتىپىدىن ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان.

④ بۇبى گۈلسۈم خېنىم: يەركەندە ئۆتكەن سېيىت جالالىدىن ھەزرىتىمنىڭ قىزى.

⑤ مۇتىۋۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم: (ھىجرىيە 1823-يىلى) مىلادىيە 1908-يىلى ۋاپات بولغان، ئەسلىي تۇرپانلىق كىشى بولۇپ، قاغىلىققا ئەلەم بولغان.

⑥ سۈت ئاقىدىغان ئېرىق دېگەن مەنىدە.

⑦ ئابدۇۋايىت قازى ئاخۇنۇم قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەۋرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، مەرھۇم ئەيسا شاكىرنىڭ بوۋىسى بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئۇششاقباش ۋە زوڭلاڭ يېزىلىرىنىڭ قازىسى بولغان.

⑧ يەنە بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا شۇ زاماندىكى كۇچانىڭ چوڭ ئەمەلدارىنىڭ قىزىنىڭ بويۇن راكىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا داۋالىيالماي قاغىلىققا ئەكېلىپ تەجەللىدە ئىككى ئاي داۋالىتىپ سەللىمازا ساقايتىپ ئەكەتكەن ئىكەن.

⑨ شىپالىق مۇھىم رېتسېپلار

⑩ تەجەللىنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى.

(11) شىپايى ئۇستاز.

(12) غەمخور تەجەللى.

(13) كەشپىياتنى يېڭىلاش.

(14) مەتبەئى خۇرشىدى: قۇياش مەتبەئەسى.

www.kitaphumar.com

⒂ زاكىرجان خال مۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت: 1859-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى قوقەند شەھىرىدىكى غىشت كۆۋرۈك گوزەرى «ئىشىكى پىشرىق» مەھەللىسىدە كاسىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1909 يىلى 9-ئايدا بوغۇز ئاغرىقى بىلەن يەركەندە ۋاپات بولغان.

⒃ ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

⒄ تەجەللىنىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان يالقۇن.

⒅ تەجەللىنىڭ مۇسابىقە جەريانىدا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن شېئىرلىرى.

⒆ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى.

⒇ قەسىدىلەر توپلىمى.

تەجەللى — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، چاقناپ تۇرغان نۇر، مۇجەللى مۇسابىقە مەيدانىدا بىرىنچىلىكنى ئالغۇچى دېگەن مەنىدە.

## پايدىلانمىلار:

① ئابدۇرېھىم سابىت: 1985-يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 2-قىسىم، 2-كىتاب.

②ئاتۇش ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەپ باسقان «مەشئەل» ناملىق ژۇرنال، 12 — ، 13-بەتلىرى.

③ ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى نەۋرىلىرىدىن شەمھۇلداخان غوجا ۋە سەئىد قۇبىدىنخان تەمىنلىگەن ماتېرىياللار.

(مەنبە: «مىراس» ژورنىلىنىڭ 2009-يىللىق 1-سانى)

# ما جۇڭيلك، يولۋاسقا مەجبۇرىي ئەسكەر بولغان چاغلىرىم

هاجى ئىساق مىرى

مەن 1915ـ يىلى 7ـئايدا قۇمۇل شەھرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى غولئېرىق كەنتىدە تۇغۇلدۇم. ئۈسمۈرلۈك چېغىمدا يۇرتۇمدا دىنىي تەربىيە ئالدىم.

ئەجدادىمنىڭ ئەسلى يۇرتى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيىسى بولۇپ، قۇمۇلدىكى تۇنجى بوۋام ئىسلام ئاخۇن 1677- يىلى 2 ـ ئوغلى ئابدۇگۇل ئاخۇننى ئېلىپ يەكەندىن قۇمۇلغا كېلىپ ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ) 1697 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان ( ئوردىسىدا ئاخۇنلۇق قىلغان، ئىسلام ئاخۇن بوۋىمىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇگۇل ئاخۇن ۋاڭ ئوردىسىدا ئىشلىگەن. بىز 7 ئوغۇل، 4 قىز بولۇپ، 11 بالا ئىدۇق. 1931 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇمۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كەڭ ـ كۆلەملىك دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ چاغدا مەن مەكتەپتە( موللىدا) ئوقۇۋاتاتتىم. دېھقانلار ئىنقىلابى باشلىنىشى بىلەن خەلق قۇمۇل تاغلىرىغا، ياقا يۇرتلارغا قېچىشقا باشلىدى. بىزمۇ ئاراتامغا قېچىپ چىقتۇق.

تاغدىن قايتىپ كېلىپ 2 يىلدىن كېيىن(1933 ـ يىل ياز ئايلىرى) بازاردا ئولتۇرۇشلۇق ئايلىرئاپام ماڭا: سەن بازاردا بىزنىڭكىدە تۇرۇپ، مېۋە- چېۋە ساتساڭ بولمامدۇ؟- دېگەن تەكلىپنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن بازارغا كىرىپ، ئايلىرئاپامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئۇششاق تىجارەت قىلدىم. 1933 ـ يىل 01 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى بازاردا تىجارەتچىلەر «تۇڭگانلار كەپتۇ!» دېيىشتى. مەن، تۇڭگانلار نەدىن كەلگەندۇ؟ دەپ ئويلىدىم. مەن بازاردا كىشىلەرگە ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ چاھارباغقا چىقسام، دېگەندەك تۇڭگانلار كېلىۋېتىپتۇ، قارىساق تۆگىلەر ۋە ئەسكەرلەر كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار تاراتىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان تۇڭگانلار ئىكەن. ئۇلار تۆگىلەرگە ئارتقان يۈكلەرگە قوڭغۇراق ئېسىپ قويغاندەك قىلاتتى، يېقىن كەلگەندە قارىساق قوڭغۇراق ئەمەس ئادەمنىڭ بېشى ئىكەن. بىرى سىدىق تۆەنجاڭ« مارجان» يەنە بىرى مۇتىئى ئاخۇننىڭ ئۇكىسى ياسىن لىيەنجاڭنىڭ بېشى ئىكەن. تۇڭگانلار باستۇرۇپ چىققاندا قۇربان دورغا ئاران دېگەندە يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئاتلىق قېچىپ كېتىپتۇ. تۇڭگانلار بازارغا كېلىپ توختى دورغىنىڭ سارىيىغا چۈشتى ۋە سىدىق تۆەنجاڭ بىلەن ياسىن لىيەنجاڭنىڭ بېشىنى سۇپىغا تاشلاپ قويدى. بىزنىڭ ئۆينىڭ كەينىدە بىر دەڭ بار بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ تۇڭگانلار چۈشكەندى.

ئەتىسى بىزنىڭ ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئۇرۇلۇپ، ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن، ئۇلار ئىشىكنى ئاچ، دەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، بېرىپ ھويلىنىڭ ئىشىكنى ئاچتىم، ئۇلار

هويلىغا كىردى. مەن ئايلىرئاپامنى چاقىرىپ چىقتىم، ئۇ، نېمشقا سىرتقا چىقسەن؟! دەپ ماڭا ئاچچىقلىدى. تۇڭگانلار يەنە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىمۇ ئۇرۇپ، ئادەم بارمۇ؟! دەپ ۋاقىراشتى، مەن بۇ ئىشىكنىمۇ ئېچىپ بەردىم ۋە بۇ ئۆيدە قاسساپلار بار، دېدىم. قاسساپلار، بىز قېرى تۇرساق، بىزنى نېمە قىلىسىلەر؟ دېدى. تۇڭگانلار ئايلىرئاپامنىڭ يولدىشى ئىبراھىم باي ئاكام ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭغا، تۇر ئورنۇڭدىن! تالاغا ماڭ! دەپ ۋارقىراشتى. ئۇ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇ تۇڭگانلارغا «مەن كېسەل تۇرسام، مېنى نېمە قىلىسىلەر؟» دېدى. تۇڭگانلار گەپكە ئىشەنمەي، كېسەل بولساڭ ئاغزىڭنى ئاچ! دېدى. تۇڭگانلار ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئۇنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. بۇ چاغدا ئايلىرئاپام تۇڭگانلارنىڭ ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، مېنى دەرھال سىرتتىكى ئۆيگە باشلاپ چىقىپ، چوڭ بىر ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى ۋە «شەپە چىقارماي جىم يات!» دېدى. مەن ساندۇقنىڭ ئىچىدە يېتىپ، سىرتتىكى «تاراق- تۇرۇق» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا قارىشىمغا، بىر تۇڭگان ئەسكەر كېلىپ «زۇ!» دەپ مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئايلىرئاپام ماڭا قاراپ، ھەي، ھەي ... كىچىك بالا دېگەننى قارىمامدىغان، مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، نېمە دەپ ساندۇقتىن چىقسەن؟... ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ دېگىنىچە ھويلىدا قالدى. كوچا ئادەملەرگە تولۇپ كېتىپتۇ، مېنى شۇ ئادەملەرگە قوشۇپ قويدى. تۇڭگانلار بىزنى ھەيدەپ يۇقىرىقى مەسچىت( ھازىرقى تۆت كوچىنىڭ غەربىي تەرىپى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مەسچىت) نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مەسچىت ئالدىدا پەقەت كېرەم ئىمام( قۇمۇل شەھىرى ئارائاقيەر مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق پېشقەدەم مائارىپچى، مەرھۇم نۇرئەخمەتخان مۇئەللىمنىڭ دادىسى) يالغۇز ئىكەن. ئۇ، مەسچىتتە پەقەت مەنلا قالدىم، مەسچىتنىڭ جامائەتلىرىنى تۇڭگانلار ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى، خۇدا ئامانلىق بەرسۇن، دەپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ. تۇڭگانلار بىزنى باۋۇدۇن دېڭگە ھەيدەپ بېرىپ سولاپ قويدى.

ئەتىسى ئاپام جاننارى ئاپپاق مېنىڭ خەۋىرىمنى ئاڭلاپ يىغا- زارە قىلىپ بازارغا كىرىپتۇ. تۇڭگانلار بىزنىڭ دۆربەجىن غولئېرىق مەھەللىسىدىن قۇربان دۇئا( قۇربان باي)، زىكرىيا ئەشمىيا( زىكياخۇن)، سېيىت ئاداش( سېيىت تۆمۈر)... لەرنىمۇ تۇتۇپ كەپتۇ. ئەتىسى كېچىدە تۇڭگانلار بىزنى داۋانچىڭغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ چاغدا خاڭگوڭدىكى داتۇ بايلار يۈزلۈك ئادەملەر ئىدى. 2- ئاكام ئابدۇخالىق ئاخۇنۇم ئىسمائىل داتۇغا ئەھۋالنى ئېيتقانىكەن، ئۇ: بۇ ئىش چاتاق بوپتۇ، ئۇكىلىرى قانچە ياشقا كىرگەن؟ دەپ سوراپتۇ، ئاكام:16 ياشقا كىرگەن، دەپتۇ( ئەمەلىيەتتە مەن 18 ياش ئىدىم، ئاكام مېنى قۇتۇلۇپ قالارمىكىن دەپ، 16 ياش دەپتىكەن)، «تۇڭگانلار نېمە ئالسا مەن بېرەي، ئۇكامنى قويۇپ بەرگەن بولسا» دەپتۇ ئاكام. ئىسمائىل داتۇ ئاكامغا: ــ ئىككى ئات تەييارلىسىلا، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكام 5 ــ ئاكام ئابدۇللا ئاخۇنىنىڭ بايتىلىنى مىنىپ، يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ، بىز بىلەن بىللە مېڭىپ، سۇمقاغىغىچە بېرىپ باقاي،

ئۇ يەردە ئۇكامنى قويۇپ بەرسە ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ. بىراق سومقاغىدا مېنى قويۇپ بەرمىدى. تۇغىچىغا بارغاندا ئىسمائىل داتۇ ئاكامغا، ئۇكىلىرىنى تۇڭگانلار كۆرگىدەك، دەپتۇ. تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى: ــ ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك بالا بولسا ئېلىپ كېلىڭلار! دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ باشلىقنىڭ يېنىغا كىردىم، يېشى كىچىكلەردىن يالغۇز مەنلا بولغان بولسام قويۇپ بېرەر ئىكەن، بىراق بىز ئىككى بولۇپ قالدۇق، چاچتۆمنىياز دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى سۇلايمانمۇ 16 ياش ئىكەن. تۇڭگان باشلىق ئىسمائىل داتۇغا: ــ يېشى كىچىكلەر بىرلا بولغان بولسا قويۇپ بەرسەك بولاتتى، بىراق هازىر ئىككى بولۇپ قالدى، بىرىنى قويۇپ بېرىپ، بىرىنى ئېلىپ قالساق بولمايدۇ، شۇڭا بۇلارنى قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ مېنى قويۇپ بەرمىدى. ئاكام يەنە بىرگە ئەگىشىپ جىگدىگىچە باردى، بۇ يەردە دۆربەجىن يۇقىرى مەهەللىلىك مۇختەر ئاخۇنۇم( دورغا موللاخۇن) بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى تۆمۈر نىياز يولۋاسنىڭ قول ئاستىدا تۈەنجاڭ بولۇپ، يولۋاسنىڭ يېنىدا ئىدى. يولۋاس ئۇ چاغدا تۇرپاننىڭ مۇداپىئە قوماندانى ئىدى. ئاكام مۇختەر ئاخۇنۇمغا: ــ ئاداش، تۇڭگانلار ئۇكامنى قويۇپ بەرمىدى، تۇرپانغا بارغاندا ئاكىلىرىغا دېسىلە، ئۇكامنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولارمىكىن، دەپ ئامانەت قىلىپ، قولىغا پۇل بەردى. مۇختەر ئاخۇنۇم: ــ بولىدۇ، تۇرپانغا بارغاندا ئۇكىلىرىنىڭ ئەهۋالىنى ئاكامغا دەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەمنى تۇتۇپ بېرىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولار ... دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكام مەن بىلەن خوشلىشىپ قايتتى.ئاكام كەتكەندىن كېيىن بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. قىش كۈنلىرى بولغاچقا، ئۇسساپ كەتسەك يول بويىدىكى قارنى يېدۇق. بىز شىڭچىڭزى دېگەن يەردىن ئۆتۈپ يەنجۈن دېگەن يەرگە كەلگەندە، مەن ئاغرىپ قالدىم ۋە ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. يېنىمدا قۇربانباي ئاكا بار ئىدى، ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بولمىغاندا ئەهۋالنى تۇڭگانلار باشلىقىغا ئېيتىۋىدى، مېنى زاغرىنان قاچىلاپ ماڭغان هارۋىغا سېلىپ قويىدى. بىز ۋە تۇڭگان ئەسكەرلەر داۋاملىق يول يۈرۈپ پىچان ئارقىلىق لۈكچۈنگە بېرىپ بىر كېچە قوندۇق. ئارىمىزدا قۇمۇل شەهەرئىچىلىك نىياز ئىسىملىك بىرسى بار ئىدى، ئۇ كېچىدە هاجەتكە چىقىپ قاچماقچى بولۇپ، هاجەتخانىنىڭ تېمىدىن سىرتقا ئارتىلغاندا، پوستا تۇرغان قاراۋۇللار كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى تۇتىۋاپتۇ ۋە ئېتىۋەتمەكچى بولغاندا لۈكچۈنلۈك كىشىلەر تۇڭگان باشلىقىدىن ئۇنى تىلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نىياز قۇتۇلۇپ قالدى. ئەتىسى بىز لۈكچۈندىن يولغا چىقىپ تۇرپان ئاستانىغا بېرىپ، مەخمۇت سىجاڭنىڭ قورۇسىغا چۈشتۇق. مەن يەنىلا ماڭالمايتتىم. ئەتىسى بىز ئاستانىدىن تۇرپان بازىرىغا باردۇق. مۇختەر ئاخۇنۇملار بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرپانغا كەتكەنىدى. تۇرپان شەهرىدە ما جۇڭيىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. بىز تۇرپان شەهرىدە بىر كېچە قوندۇق، ئەتىسى ما جۇڭيىڭ بىزنى داۋانچىڭغا ئېلىپ ماڭدى. مۇختەر ئاخۇنۇم مېنى تۇڭگانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرالمىدى. داۋانچىڭغا بارغاندىن كېيىن مەن هاساتاياق بىلەن ماڭىدىغان بولدۇم. داۋانچىڭدا بىز

قۇمۇلدىن چىققانلارغا مىلتىق ۋە ھەربىي فورما تارقىتىپ بەردى. تۇڭگان باشلىق ماڭا قاراپ: ئۇ كېسەل ئىكەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا قورال ۋە ھەربىي فورما بېرىلمىدى. ھەربىي فورما بۆز رەخت بولۇپ، قومۇچىنىڭ پۆپىكىدە بويالغانىكەن.

بىز داۋانچىڭدا 7 كۈن تۇردۇق. بىر كۈنى جەڭ قائىدىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، بىزنى بىر سايغا باشلاپ باردى. ئاتلىقلار غەربتە، پىيادىلەر شەرقتە تۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن كاناي چېلىندى. بىزمۇ، ئاتلىقلارمۇ يۈگۈردۇق، ئۈستىمىزدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۆتۈۋاتاتتى. بىر ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ كېلىپ: بۇنى مانېۋىر دەيمىز، ئۇرۇش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، دېدى. مانېۋىردىن كېيىن تۇرالغۇمىزغا قايتىپ كەلدۇق. كېچە بىر چاغدا، «ئەسكەرلەر يولغا چىقسۇن!» دەپ بۇيرۇق كەلدى. بىز كېچىچە يول يۈرۈپ سايئوپاغا كەلدۇق. بۇ يەردە ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش ئورىكى كولاپ ئۇرۇشقا تەييارلاندۇق. مەن يەنىلا ماڭالمايتتىم. بىر چاغدا يىراقتىن زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەمما ئادەم كۆرۈنمەيتتى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بىز يەنە بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدۇق، مەن داۋانچىڭغا قايتىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئويلىدىم، چۈنكى ئۇ يەردە نەرسە ـ كېرەكلىرىمىز قالغانىدى. بىزنى داۋانچىڭغا باشلاپ بارماي، بىر داۋانغا ئېلىپ كەلدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزدىن بۇرۇن داۋانغا چىقىپ بولغانىكەن. داۋانغا چىققاندىن كېيىن ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزنى توختىتىپ: ئەمدى ماڭمايمىز! مۇشۇ يەردە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز! دېدى. بۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ: مەن كېسەل، دېۋىدىم، ئۇلار ماڭا: ــ ئاغزىڭنى ئاچ! دېدى. ئۇلار ئاغزىمغا قاراپ ــ راست كېسەل ئىكەن... دەپ مېنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، كەينىمدىن بىر گاچا بالا كېلىپ ئىشارەت قىلدى، تۇڭگانلار ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ كۆرۈپ: ــ بۇ كېسەل ئەمەسكەن، دەپ ئۇنى ئۆتكۈزمىدى. مەن داۋاندىن پەسكە چۈشۈپ قارىسام بىر كەپە بار ئىكەن. كەپىدە بىر قازان، قازاندا شوۋاگۈرۈچ بار ئىكەن. مەندىن بۇرۇن كەپىگە كىرگەنلەر ئۇنىڭدىن ئىچىشىپتۇ، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەچكە مەنمۇ بىر قاچا ئىچتىم ۋە بۇ يەردە تۇرمايلا ئۇرۇش بولغۇچە باشقىلار بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. تۇزكۆلگە يېقىن قالغاندا ئاسماندا ئايروپىلانلار پەيدا بولۇپ بىزگە بومبا تاشلىدى، بىز قېچىپ تاشلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدۇق. ئايروپىلانلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىز يەنە مېڭىپ تۇزكۆلگە كەلدۇق. بىر يەردىن ئىس چىقىۋاتاتتى، مەن بىرەرسى ئۇ يەردە چاي قايناتقىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ شۇ يەرگە بارسام، بايىقى ئايروپىلانلارنىڭ بومبىسى بۇ يەردە پارتلاپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مەن تېخىمۇ قورقۇپ تۇرپان تەرەپكە مېڭىشقا پېتىنالماي، كىشىلەرگە ئەگىشىپ توقسۇن تەرەپكە ماڭدىم. بىر چاغدا يېنىمىزدىن ئاتلىقلار ئۆتۈپ كەتتى. يېنىمدا تونۇشلار يوق ئىدى. بىر چاغدا كەينى تەرەپتىن «گار ـ گار» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ماشىنىمىكىن دەپ كەينىمگە قارىسام تانكا ئىكەن، ئىچىدە ما جۇڭيىڭ بار ئىكەن، ئۇ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىزگە قاراپ قويۇپ توقسۇن تەرەپكە كەتتى. كۆپ يول يۈرۈپ

www.kitaphumar.com

چارچاپ كەتكەچكە، بەزىدە مېڭىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشمەن، بەزىدە ئۇخلاپ قېلىپ، سوغۇقتىن ئويغىنىپ كېتىپ يەنە يول يۈردۈم. ئەتىسى كۈن چىققاندا توقسۇنغا يېقىنلاشتۇق، بۇ چاغدا تۇڭگانلار يەنە مېنى توسىۋالدى، مەن ئۇلارغا كېسەللىكىمنى ئېيتسام، ئۇلار يەنە ئاغزىمنى ئاچقۇزۇپ كۆرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. مەن بىر تاياقنى ھاسا قىلىۋالغانىدىم، ھاسىغا تايىنىپ يۈرۈپ توقسۇنغا كەلدىم، بىر مەھەللىنىڭ بېشىدا چوڭ بىر خامان، خامان ئەتراپىدا ئۆيلەر بار ئىكەن، خامان يېنىدا لىق نان قاچىلانغان بىر ھارۋا تۇرۇپتۇ، مەن ھارۋىكەشتىن: ــ بۇ ئۆيلەردىكى ئادەملەر ئۇيغۇرمۇ، خەنزۇمۇ؟ دەپ سورىسام: ــ ئۇيغۇر، كىرسىڭىز بولىدۇ، دېدى. مەن بىر ئۆيگە كىرسەم بىر بوۋاي بار ئىكەن. مەن بوۋاي بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ قۇمۇلدىن كەلگەنلىكىمنى ۋە كەچۈرمىشلىرىمنى بوۋايغا سۆزلەپ بەردىم. بوۋاي مېنى ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، گەرچە ئۇچامدا ھەربىي كىيىم بولمىسىمۇ، تۇڭگانلارنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىپ ئېتىپ تاشلىشىدىن قورقۇپ، بوۋايغا مېنى يوشۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. بوۋاي: ــ تالادىكى يوغان خامانىدا بىر قانچە دۆۋە سامان بار، سىز سامان ئىچىگە يوشۇرۇنىۋېلىڭ، دېدى. مەن بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە خامانغا چىقىپ بىر دۆۋە ساماننىڭ ئىچىگە چۈشتە كىرىۋالغان پېتى نامازدىگەرگىچە ياتتىم. خامان يېنىدىكى يولدا گۈلدۈر ــ گۈلدۈر قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر چاغدا بوۋاينىڭ نەۋرىسى سامانلىققا كېلىپ: ــ قۇمۇللۇق، ھەي قۇمۇللۇق! دەپ چاقىردى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ: ــ نېمە بولدى، دېسەم، ئۇ: ــ بوۋام سىزنى چاقىردۇ، دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: ــ تۇڭگانلار كەتتىمۇ، دەپ سورىسام، ئۇ: ــ كەتتى! رۇسلار بىلەن خەنزۇ ئەسكەرلەر تۇڭگانلارنى قوغلاپ كەتتى! دېدى. مەن سامانلىقتىن چىقىپ، ئۆيگە كىرسەم، بوۋاي: ــ قورقماڭ، ھەممىسى كەتتى، دەپ مېنى خاتىرجەم قىلدى. مەن بوۋاينىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئەھۋال ئىگىلەپ باقماقچى بولۇپ كوچىغا چىقىپ، قۇمۇللۇق بىرسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ــ سەن بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭ؟ دەپ سورىسام، ئۇ: ــ مەنمۇ بۇ يەرگە تۇڭگانلار بىلەن بىللە كېلىپ، بىر ئۆيگە يوشۇرۇنىۋېلىپ قۇتۇلۇپ قالدىم، دېدى. بىر ئازدىن كېيىن ئىككىمىزگە قۇمۇل لەڭگەرلىك سالى ئاكا( يولداش ئاخۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىر قۇمۇلدا ھايات) ئۇچراپ قالدى، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش قۇتۇلۇپ قاپتۇ. كوچىدا يۈرۈپ قۇمۇل پالۋانتورلۇق پەزۇل ئاخۇن قاتارلىق بىرنەچچەيلەن سېپىمىزگە قوشۇلۇپ، 8 ~ 10دەك ئادەم بولۇپ قالدۇق. بىز توقسۇن بازىرىغا قاراپ مېڭىپ بازارغا ئاز قالغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئامالسىز ئەتراپتىكى بىر ئۆيدە قونۇپ ئەتىسى تۇرپانغا يولغا چىقتۇق. تۇرپان شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا بىزگە 3 ئاتلىق ئادەم ئۇچرىدى. بىز ئۇلاردىن تۇرپان شەھىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىساق، ئۇلار تۇرپان شەھىرىنى رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە تۇرپانغا كىرمەسلىكىمىز توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىز شەھەر ئىچىگە كىرمەي، تۇرپان ئاستانىغا بېرىپ، قورساقلىرىمىزنى تويغۇزۇۋېلىپ، يولىمىزغا ماڭدۇق. بىز تۇيۇق غوجامغا كەلسەك، ئادەملەر ئۈزۈم ئېچىۋاتقانىكەن. ئۇلار بىزگە: ــ ئۈزۈم ئېچىشقا ياردەملەشسەڭلار پۇل بېرىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەندىن باشقىلار ئۈزۈم ئاچقىلى كەتتى، سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا، مەن بىر جايدا ئولتۇردۇم. بىر چاغدا بىر ئادەم كېلىپ مەندىن: ــ ھۈنىرىڭىز بارمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن: ــ موزدوزلۇقتىن بىر ئاز خەۋىرىم بار، خۇرۇمنى كېسەلمەيمەن، بىراق كېسىپ بەرگەننى تىكەلەيمەن، دېدىم. ئۇ ئادەم ماڭا: ــ ئۇنداق بولسا بىزگە ياردەملىشىڭ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن موزدوزغا 7 كۈن ئىشلەپ بېرىپ، 7 سوم پۇل تاپتىم. 01 كۈنچە بولغاندا ھەممىمىز بىر يەرگە جەم بولۇپ كېتىشنى مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن يەنە يولغا چىقتۇق. كىشىلەردىن تۇيۇقتا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كارىزى بارلىقىنى ئاڭلاپ «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كارىزى بولغاندىن كېيىن، بىزگە ئىگىدارچىلىق قىلامدىكىن» دېگەن ئۈمىدتە كارىزغا كەلسەك، بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىزگە ئىگە بولغۇدەك ھالى يوق ئىكەن. بىز بۇ يەردىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزۈپ لەمجىنگە باردۇق ۋە مەسلىھەتلىشىپ ھەممىمىز ئۆي ــ ئۆيلەرگە تارقىلىپ يېمەكلىك تەييارلىدۇق. لەمجىندىن خاندوغا بارغىچە خالتىلىرىمىزنى نانغا توشقۇزدۇق. بىز خاندودا مەھەللىدىكى بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كەلسەك، بىر نەچچە ئايال نان يېقىۋاتقانىكەن، بىز ئۆي ئىگىلىرىگە ئەھۋالىمىزنى ئېيتىپ، قوساقلىرىمىزنى توقلىغاندىن كېيىن مۇشۇ يەردە كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. ئەتىياز بولغاچقا، كېچىسى ھاۋا سوغۇق ئىدى. بىز تونۇرنىڭ ئوتىدا ئىسسىنىپ ئولتۇردۇق، توڭلىساق تونۇرغا چۈشۈپ نۆۋەت بىلەن ئىسسىنىپ تاڭ ئاتقۇزدۇق. تاڭ يورىغاندىن كېيىن پىچانغا قاراپ ماڭدۇق. پىچانغا كېلىپ بىر بوۋاينىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ، ئاندىن بازارغا كىردۇق. بازاردا ما جۇڭيىڭنى قوغلاپ پىچاندا تۇرۇپ قالغان شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن كەينىمىزگە قايتىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقتىمىغا باردۇق. سالى ئاكا: ــ ئالدىمىزدا غازى ئاقساقالنىڭ كارىزى بار، شۇ يەردىن قۇمۇلغا كىرىپ كېتىمىز، دېدى ۋە بىزنى كەچكە يېقىن شۇ كارىزغا باشلاپ كەلدى. كارىزدا بىرلا ئائىلە بار ئىكەن، بىز ھويلىغا كىرسەك بۇ يەردە بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن، بىزگە ئوخشاش قۇمۇللۇق باللار بار ئىكەن. بىز بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى سالى ئاكىنىڭ يولباشچىلىقىدا قۇمۇلغا قاراپ ماڭدۇق. كەچتە قوشقا يېتىپ كېلىپ، ئارام ئېلىپ، يېرىم كېچە بولغاندا يەنە يولغا چىقتۇق. كۈندۈزى ئوتتۇراگەمە دېگەن يەرگە كېلىپ دەم ئالدۇق. بىز مۇشۇ تەرىقىدە ئۈدا ئۈچ كېچە- كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسى لاپچۇق كەنتىنىڭ قارىسىنى كۆردۇق. تۇرا دېگەن يەردىن ئۆتۈپ بىر ئازدىن كېيىن ئىككى ئات يېتىلىۋالغان بىر ئادەمنىڭ بىزنى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى ئادەم بىزگە يېقىنلاشتى، قارىسام 6 ــ ئاكام ئىمىن ئاخۇن ئىكەن، ئۇ بىر ئاتنى مىنىپ 5 ــ ئاكام ئابدۇللا ئاخۇننىڭ بىر ئېتىنى

يېتىلەپ كەلگەنىكەن. ئاكام ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق. ئاپام بىزدىن ئىلگىرى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەن باللاردىن بىزنىڭ يولدا كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىمىزنى ئاڭلاپ، ئىمىن ئاخۇن ئاكامنى ئالدىمغا ئەۋەتكەنىكەن. ئات ئىككى، بىز ئون نەچچە بولغاچقا ھەممىمىز بىللە مېڭىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاكام ئىككىمىز يولداشلىرىم بىلەن خوشلىشىپ، ئاتلىرىمىزنى ئۆي تەرەپكە قارىتىپ بولۇشىغا چاپتۇردۇق. چۈش بولغاندا لاپچۇقتىكى ھەمدۇل موللامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ غىزالاندۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ نامازدىگەرگە يېقىن شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق 2 ـ ئاكام ئابدۇخالىق ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز ئۇنىڭ ئۆيىدە چاي ـ پاي ئىچكەندىن كېيىن، ئۇ بىزگە: ـ تېزدىن دۆربەجىن غولئېرىققا چىقىپ، ئاپام بىلەن كۆرۈشكىلار، ئاپام يولۇڭلارغا قاراپ، تولا يىغلاپ، كۆزىنىڭ قارىسى ئېقىپ كېتەي دېدى، دەپ بىزنى يولغا سالدى.

بىز ئاكام بىلەن خوشلىشىپ، نامازدىگەردىن سەل ئۆتكەندە مەھەللىگە كەلدۇق. ئاپام، چوڭ ئاكام موللانۇر( ھاجى ئىمام) ۋە باشقا قېرىنداشلار مەھەللىنىڭ غەربىدىكى باغچە بېشىغا چىقىپ بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. بۇ كۈن روزى ھېيتنىڭ ھارپىسى بولۇپ، جامائەت ھېيت تەييارلىقى قىلىۋاتقانىكەن. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئاپام ۋە قېرىنداشلىرىمغا بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن خۇشال ـ خورام ھېيت ئۆتكۈزدۈم. مۇشۇنداق خۇشال، غەمسىز، تىنچ تۇرمۇش ئاران 3 ئايچە داۋاملاشتى.

ما جۇڭيىڭ شېڭ شىسەي ـ سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە، تۇرپان شەھىرىنىڭ مۇداپىئە قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان يولۋاس يېقىنلىرىنى ۋە تۆمۈر نىياز تۆەنجاڭ، مۇختەر ئاخۇنۇملار بىلەن بىللە، بىز قۇمۇلغا كېلىشتىن بۇرۇن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، قۇمۇل گارنىزونىنىڭ قوماندانى ۋە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغانىكەن. شۇ چاغدا يولۋاسنىڭ قولىدا بىر تۆەن ئەسكەر بار بولۇپ، تۆمۈر نىياز بۇ تۆەننىڭ تۆەنجاڭى ئىكەن. مۇختەر ئاخۇنۇم يۇرتى دۆربەجىن يۇقىرى مەھەللىگە قايتىپ ئاخۇنلۇق قىلىۋاتقانىكەن.

يولۋاس قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن قول ئاستىدىكى چوڭ ياشلىق ئەسكەرلەرنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ، ئورنىغا ياش باللارنى ئەسكەرلىككە ئېلىشقا باشلىدى. يولۋاس «بىر ئائىلىدە ئىككى ئوغۇل بولسا، بىرى چوقۇم ئەسكەر بولۇشى كېرەك، يالغۇز ئوغۇل بولسا ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ، مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ» دېگەن بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدىكى نۇرغۇن ياشلار ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى. يولۋاسنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ئەسكەرلەر گازارمىدا ئىككى ئاي تۇرسا، ئائىلىسىدە ئىككى ئاي تۇرۇش بەلگىلەندى. تۆمۈر نىياز تۆەنجاڭ بىزنىڭ مەھەللىدىن سالى ئاخۇن( ھازىر ھايات)، تالىپ ئاخۇن، مەمەت تاھىر ۋە مېنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، بىزنى ئۆزىنىڭ كانۋېيى قىلىۋالدى. بىزمۇ بەلگىلىمە بويىچە گازارمىدا 2 ئاي، ئائىلىدە

www.kitaphumar.com

2 ئاي تۇردۇق. مەن ئەسكەرلىكتىن ناھايىتى قاتتىق بىزار بولۇپ كەتكەچكە، 5 ـ ئاكام ئابدۇللا ئاخۇن مېنىڭ ئورنۇمدا بىر نۆۋەت گازارمىدا 2 ئاي تۇردى. بىز شۇ تەرىقىدە تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭنىڭ يېنىدا 4 يىل تۇردۇق.

1937ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ، شېڭ شىسەي بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى. 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا يولۋاس تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭنى باركۆلدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى( شېڭ شىسەي تەختكە ئولتۇرغان كۈن) غا قاتنىشىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ مەمەت تاھىر بىلەن مېنى بىللە ئېلىپ چىقتى. باركۆلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەمۇرىي ئەمەلدارى( قازاق) بىزنى كۈتۈۋالدى. بىز باركۆلدە بىر ھەپتە تۇرۇپ «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىغا قاتنىشىپ قايتتۇق. ئەسلىدە شېڭ شىسەينىڭ باركۆلدىكى ئادەملىرى بىزنى قولغا ئېلىپ يوقاتماقچى بولغانىكەن، بىراق قولىمىزدا قورال بولغاچقا، قول سېلىشقا پېتىنالمىدى. قايتىشىمىزدا باركۆلنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى نيۇ جېنخەن بىزگە، سىلەرنى داۋانغىچە ئۇزىتىپ قويايلى دەپ، ئىككى ئەسكەرنى قوشۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ پىلانى يولدا بىزگە قول سېلىش ئىكەن. بىراق قوللىرىمىزدا قورال بولغاچقا، نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. بىز قۇمۇلغا كەلسەك قۇمۇلنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. شېڭ شىسەي يولۋاستىن خاتىرجەم بولالماي، ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن شۇ يۇگۇاڭنىڭ قوماندانلىقىدا 2000 كىشىلىك قوشۇننى قۇمۇلغا ئەۋەتكەنىدە، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يولۋاسمۇ توغۇچىغا قوشۇن ئەۋەتىپ، شۇ يۇگۇاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى قۇمۇلغا كىرگۈزمەپتۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە «شەرق تەرەپتىنمۇ قوشۇن كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. يولۋاس تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭغا «سىز بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىڭ» دەپ ئىسمائىل لىيەنجاڭ( زاھىدىن ئىسمائىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قوماندانلىقىدا 100 كىشىلىك ئەسكەرنى قوشۇپ بەردى. تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ، تۇەن ھەربىي لاۋازىمەت مۇدىرى لى شىزەي، مەن ۋە قۇمۇل ج خ ئىدارىسىدىن ۋاڭ كېجاڭ باشلىق 4 ئادەم( بۇلار شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى) بولۇپ يەتتەيلەن ماشىنىلىق، ئىسمائىل لىيەنجاڭلار ئىككى چوڭ ماشىنا بىلەن يولغا چىقتۇق. بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يولۋاس ئۆلكىلىك چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇمۇل ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى دۇ جياتيەن بىلەن قۇمۇل ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈ چېڭفانى( شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى) تۇتۇپ قېلىپ، «ئەگەر تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ باشلىق ئادەملىرىم سالامەت قايتىپ كېلەلمىسە، ئىككىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن» دېگەنىكەن.

بىراق بىز كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىككىسى يولۋاسنىڭ ئايالى داناخانغا پارا بېرىپ، ئۆزلىرىنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، داناخان يولۋاسنىڭ نامىنى سېتىپ بۇ ئىككىسىنى قويغۇزۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈ چېڭفا باركۆلگە، دۇ جياتيەن ئارايۇلتۇزغا قېچىپ كېتىپتۇ. بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يولۋاس تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭغا «قارىمۇقچى، سايبۇلاق

www.kitaphumar.com

بىلەن مېڭىڭلار، ئۇ يەردىكى قورۇللاردا تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشۈپ تۇرايلى، ئەگەر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولسا سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن» دەپ تاپىلاپتۇ. بىراق بىز ساقىغا كەلگەندىن كېيىن، شوپۇر تۆەنجاڭغا: ــ قارىمۇقچى، سايىۋۇلاق بىلەن ماڭساق يول قوم، ماشىنا ماڭالمايدۇ، بىز ئۇدۇللا تۆگە قوتىنى ئارقىلىق يەندۇنغا ئۆتۈپ كەتسەك، دېگەن تەكلىپنى بەردى. تۆەنجاڭنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بىز شۇ بويىچە ماڭدۇق. يەندۇنغا بېرىپ تۆەنجاڭ يولۋاسقا تېلېفون بەردى. تېلېفوندا يولۋاسنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي، تۇرۇپكىنى ۋاڭ كېجاڭغا بەردى، ۋاڭ كېجاڭ تېلېفوندا «سۆزلىشىپ» بولۇپ، تۆەنجاڭغا: ــ يولۋاس بىزنى داۋاملىق مېڭىڭلار، دەيدۇ، دېدى. ئەمەلىيەتتە يەندۇندىكى تېلېفونىست شېڭ شىسەيىنىڭ ئادىمى بولۇپ، قەستەن تېلېفوندىن چاتاق چىقىرىپ، تۆەنجاڭنى يولۋاس بىلەن سۆزلەشكىلى قويمىغانىكەن. ۋاڭ كېجاڭ سۆزلەشكەندە يولۋاسنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما تۆەنجاڭغا يولۋاسنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئەكسىنى يەتكۈزگەنىكەن. ئەمەلىيەتتە يولۋاس تېلېفوندا: ــ كەينىڭلەرگە قايتىڭلار، قۇمۇلنىڭ ئىشى تۈگىدى، بىز قۇمۇلدىن تاغقا قاراپ قاچتۇق، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى چەتكە ئېلىڭلار، دېگەنىكەن.

ۋاڭ كېجاڭ تۆەنجاڭغا: ــ يولۋاس سىلىنىڭ سىلەرنى ئارايۇلتۇزدىكى ئادەملەرنىڭ ئاز ــ كۆپلۈكىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ كېلىڭلار، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، ئەسكەرلەر كەينىڭلاردىن بارىدۇ، دېدى، دەپ يالغان سۆزلىسە تۆەنجاڭ بۇنىڭغا ئىشىنىپ قاپتۇ. ئىسمائىل لىيەنجاڭنىڭ ماشىنىلىرى قىزىپ كەتكەچكە، بىز ئاۋۋال مېڭىپ تۇرىدىغان، ئۇلار كەينىمىزدىن بارىدىغان بولۇپ يەنە يولغا چىقتۇق. بىز ساچۆەنزىگە كەلگەندە، 6 ~ 7 كىيىك ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى. تۆەنجاڭ مېنى كىيىكلەرنى ئېتىشقا بۇيرۇدى، مېنىڭ ئۇلارنى ئېتىشقا رايىم بارماي ئوقنى مىلتىقتا قەستەن تەتۈر سالدىم. يېنىمدىكى خەنزۇ: ــ ئوقنى قورالغا تەتۈر سېلىۋاتىسەنغۇ، دەپ مىلتىقنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئوقنى چىقىرىپ ئوڭ سېلىپ قولۇمغا بەردى. ئاڭغىچە كىيىكلەرمۇ يولنى بوشىتىپ كېتىشتى. بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ چۆشكە يېقىن ئارايۇلتۇزغا كەلدۇق، ئەتراپىمغا قارىسام تاغ بېشىدا قارا قاغىدەك نۇرغۇن ئەسكەر بار ئىكەن، بىز بىر ئويمانلىقتا بېرىپتىمىز، ئۈستىمىزدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتكىلى تۇردى، ئەسكەرلەر بىزنى قورشاپ ئەسىرگە ئالدى. بىر نەچچە ئەسكەر كېلىپ تۆمۈر نىياز تۆەنجاڭنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ يان قورالىنى ئېلىۋالدى. ئەسكەرلەر بىزنىمۇ قوراللارنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. تۆەنجاڭ: ــ بېرىڭلار، بىز قۇمۇلغا چىققاندا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، دېدى. يولۋاس بىزدىن ئەنسىرەپ، كەينىمىزدىن ماشىنىلىق ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار ئىسمائىل لىيەنجاڭلارغا يېتىشىۋېلىپ بىزنى سوراپتۇ ۋە ئارايۇلتۇزغا بېرىپ بولغانلىقىمىزنى پەرەز قىلىپ، ئىسمائىل لىيەنجاڭلارنى كەينىگە قايتۇرۇپ كېتىپتۇ.

بىزنى ئەسىرگە ئالغان بۇ قوشۇن جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى قىزىل 4 ـ ئارمىيىگە قاراشلىق 30- جۈن 88 ـ شى 268- تۈەن بولۇپ، مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەچكە، جەڭگە قاتناشماي غەربىي يول ئارمىيىسى بويىچە ساقلىنىپ قالغان بىردىن بىر تۈەن ئىكەن.

ئۇلار بىزنى بىر ئۆيگە قاماپ قويىدى. بىزنى بىردەم ـ بىردەم ھاجەت قىستايدۇ، بىراق ھاجەتكە چىقساق ھېچنېمە يوق، ئادەم قورقۇپ كەتسە شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، يەنە ھاجەتكە چىقىشنى تەلەپ قىلساق، ئەسكەرلەر رۇخسەت قىلمىدى. مەن مۈگدەپ قاپتىمەن، ئويغىنىپ قارىسام ئۆيدە تۆەنجاڭ ئىككىمىزلا قاپتۇق، لى شىزەي يوق تۇرىدۇ. مەن قورقۇپ ئۆينىڭ كىچىك دېرىزىسىدىن تالاغا قارىسام، بىر نەچچە ئەسكەر لى شىزەينى ھەيدەپ تاغ ئارىسىغا ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن «پاك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئەسكەرلەر لى شىزەينى ئېتىۋەتكەندى. مەن يەنە مۈگدەپ قاپتىمەن، ئويغانسام يېنىمدا تۆەنجاڭ يوق، ئۆزۈم يالغۇز قاپتىمەن، ئېرىپ دېرىزىدىن قارىسام 7 ~ 8 ئەسكەر تۆمۈر نىياز تۆەنجاڭنى ھەيدەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، ساناپ تۇرسام تۆەنجاڭغا 7 پاي ئوق ئاتتى. مەن «بۈگۈن بېشىمغا ئۆلۈم كەپتۇ، مەن ئۆلۈپ كەتسەمغۇ كارى چاغلىق، ئەمما ئاپامغا يامان بولىدىغان بولدى... » دېگەنلەرنى كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم. بىر ئازدىن كېيىن ئەسكەرلەر كىرىپ مېنى ئېتىرىپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. ئارايۈلتۈزدا بىر ساقچىخانا بار بولۇپ، 10 دەك ساقچى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسمائىل ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر( ئاقسۇلۇق) بار ئىكەن، ئۇمۇ ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئىكەن. مەن ئىسمائىلغا: ــ مېنىڭ دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار، دېدىم. ئىسمائىل گېپىمنى ئەسكەر باشلىقىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئەسكەر باشلىقى ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ قولۇمنى يەشكۈزۈۋەتتى. مەن ھەربىي كىيىمىنىڭ تۈگمىسىنى يەشمەستىنلا تارتىپ تۈگمىلىرىنى ئۈزۈپ سېلىپ تاشلىدىم، ئاندىن ئۇلارغا قاراپ:
ــ مەن ھەربىي ئەمەس، پۇقرا، ئىچ كىيىمىمگە قاراڭلار! دېدىم. ئۇچامدا كۆك شەيتان تېرىسىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك بار بولۇپ، ئۇنى ئاپام تويۇمدا تىكىپ بەرگەنىدى. مېنىڭ تويى قىلغىنىمغا ئەمدىلا 2 ئاي بولغانىدى. ئۇلار گېپىمگە ئىشەنگەندەك قىلدى، مەن تېرىقچىلىق قىلىۋاتقانىدىم، ئۇلار كېلىپ بىزنى باشلاپ يولغا چىقىرىپ قويي، دەپ مېنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، دەپ ھەربىي ئىشتانىمنىمۇ سېلىۋەتتىم. بۇ ۋاقىتتا بىز بىلەن بىللە ئارايۈلتۈزغا بارغان خەنزۇلاردىن بىرى: ــ بۇ بالا راستىنلا ئەسكەر ئەمەسكەن، ئۇ يولدا كەلگۈچە مىلتىققا ئوقنى تەتۈر سېلىۋاتىدۇ، ئەقەللىيسى مىلتىق تۇتۇشنىمۇ بىلمەيدىكەن، دەپ گۇۋاھلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي باشلىق مېنىڭ پۇقرالىقىمغا تولۇق ئىشەندى ۋە مېنى باشقا ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئالدىمغا ھورنان ۋە چاي قويىدى. مەن بەك قورقۇپ كەتكەچكە موما گېلىمدىن زادىلا ئۆتمىدى. موما ئەكەلگەن خەنزۇ ماڭا تەسەللى بەردى ۋە ئۆزىنىڭمۇ قۇمۇللۇق ئىكەنلىكىنى،

www.kitaphumar.com

ئۇلارنىڭ ماڭا زەخمە يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق گېلىمدىن يەنىلا تاماق ئۆتمىدى. كېيىن ئۇلار مېنى ئاشپەزگە ياردەملىشىدىغانغا ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويدى. ئاشپەز چوڭ ياشلىق بىر خەنزۇ ئىكەن، ئۇ تۆمۈر نىياز تۈەنجاڭنىڭ خۇرجۇنىنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا بەردى، مەن ئالغىلى ئۇنىمسام، ئۇ خۇرجۇننى يەنە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئاشپەزگە ياردەملىشىپ ئوت قالاپ، سۇ توشۇدۇم. 2 كۈندىن كېيىن ھاشىم ھاجى كەلدى، ئۇ يولۋاسنى قوغلاش داۋامىدا چېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ مەغلۇپ بولۇپ، ساقىغا كېلىپ، ساقلىق شەرۇل ئاكىنى يول باشلىتىپ ئارايۇلتۇزغا كەلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە شەرۇل ئاكا ماڭا ھەمراھ بولدى. ئارىدىن 3 كۈن ئۆتۈپ، ئاسماندا ئايروپىلانلار پەيدا بولۇپ، ھاۋادىن ئوق قاچىلانغان ساندۇقلارنى تاشلىدى، ھەممىمىز يەرگە چۈشكەن ساندۇقلاردىكى ئوقلارنىڭ ساقلىرى بىلەن بۇزۇلغانلىرىنى ئايرىپ چىقتۇق. ئەتىسى يەنە ئايروپىلانلار كېلىپ تاغاردا نان تاشلىدى، ھەممىسى ئۈرۈمچىدە يېقىلغان نانلار ئىدى. ئەتىسى ئايروپىلانلار يەنە كېلىپ يەرگە قوندى، بۇ قېتىم ملتىق ۋە ھەربىي كىيىم ئېلىپ كەلگەنىدى. 5 ~ 6 ـ كۈنلىرى ئەسكەرلەر كېلىشكە باشلىدى، بۇلار شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، قۇمۇلدا يولۋاسنى قوغلاپ تۇتالماي، بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. شۇ كۈنى چۈشتە بارلىق ئەسكەرلەر ماشىنا بىلەن قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقتى، بىزنىمۇ مەخسۇس بىر ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. ھاشىم ھاجىمۇ بىز بىلەن ماڭدى. بىز يول بويى بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچراتمىدۇق. مەن كۆڭلۈمدە «شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى قۇمۇلنىڭ پۇقرالىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم. بىز قىزىل يۇلغۇن مەھەللىسى( قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىغا قاراشلىق، پۈتۈنلەي خەنزۇلار ئولتۇرۇشلۇق كەنت) دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر تامنىڭ يوچۇقىدىن ئىككى تونۇش ئادەمنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇلاردىن بىرى مەن بىلەن ئەسكەر بولغان يۇقىرى مەھەللىلىك سالى ئاخۇن، يەنە بىرى غوجابدۇل قارى ئىدى. بىز نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن غوجامبۇلاق( ھازىرقى پالۋانتۇر يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ئورنى) قا كەلگەندە ماشىنىلار توختاپ ئەسكەرلەر يەرگە چۈشۈپ، مىلتىقلىرىنى ئوقلاپ مۇداپىئەگە تەييارلاندى. بىزنى ماشىنىدىن چۈشكىلى قويمىدى. بىر ماشىنا شەھەردىن چىقىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىدۇ، كېيىن يەنە شەھەرگە كىرىپ كېتىدۇ، بۇ ماشىنا يەنە چىقىدۇ، يەنە كىرىپ كېتىدۇ. بىلسەك بۇ ماشىنىدىكىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خادىملىرى ئىكەن. بىز يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بازارغا كىرسەك، ئەسكەرلەر رەت ـ رەت تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئەسكەرلەر پارول سورايدۇ، جاۋاب بېرەلىسە ئۆتكۈزىدۇ، بولمىسا تۇسۇۋالىدۇ. ئارىمىزدا بىر تۇڭگان بار ئىدى، ئۇ چاقىرتىلىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، كېيىن ئاڭلىسام ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بىز ناھىيىلىك يامۇلدا بىر نەچچە كۈن تۇردۇق. ئۇ يەردىن بىزنى ئېگەر قويىدىغان ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى. ئەتىسى تالاغا ھاجەتكە چىقسام ئىلگىرى يولۋاسقا ئەسكەر بولغان بالىلاردىن ئىككىسى ئۇچراپ قالدى. مەن ئۇلاردىن: ـ سىلەر بۇ يەردە ئىكەنسىلەرغۇ؟

دەپ سورىسام، ئۇلار: ــ بىز خوتۇنتامدا ئىدۇق، يولۋاس ئىچكىرىگە كىتىپ بىز قالدۇق، شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىزنى «ئاتلارنى قومۇلغا ئەكىلىشىپ بېرىڭلار» دەپ مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، دېدى. بىر ھەپتە ئۆتۈپ بىر كۈنى ئات ئېغىلىدا بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئېشىكىگە ئوت ــ سامان بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، قارىسام بۇ كىشى قومۇل لەڭگەرلىك رەمزە ئاتىغا ئىكەن. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي تۇرۇپ( قاراشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى) : ــ رەمزە ئاكا، مېنى تونىدىڭمۇ؟ مەن ئىساق ئاخۇن، ئاپامغا خەۋەر قىلىپ قويغان بولساڭلا، مەن ھازىر قومۇلغا چىقىپ قالدىم، دېدىم. ئۇ ئەتىسى دۆربەجىنگە چىقىپ ئاپامغا، شەھەرگە كىرىپ 2 ــ ئاكامغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئاكام خۇش بولۇپ كىتىپ مەن تۇرغان قورۇغا كەپتۇ. دەرۋازىدىكى پوسمۇ ئاكامنى كۆرمىگەن ئوخشايدۇ، ئاكام مېنى كۆرۈپ: ــ ئۇكام، جېنىم ئۇكام، بارمۇ سەن؟ ھايات ئىكەنسەن، دەپ مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى، مەنمۇ يىغلىدىم. ھويلىدىكى باشلىقلاردىن بىرى: ــ بۇ يەر پۇقرالار قالايمىقان كىرىدىغان يەر ئەمەس، بۇنىدىن كېيىن دىققەت قىلغىن، دېدى. بۇ يەردە قارىمۇقچىنىڭ دورغىسى سېيىت رېھىمنىياز بار ئىدى. ئۇ كىشى باشلىققا: ــ بۇ ئادەم بىلمەي كىرىپ كېتىپتۇ، ئەمدى دىققەت قىلسۇن، دېدى. ئۇلار قولىمىزغا خەت يېزىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاكام ئىككىمىز ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. تۆمۈر نىياز تۆەنجاڭنىڭ ئۆيىدىكىلەر مېنىڭ كەلگىنىمدىن خەۋەر تېپىپ، بىر كۈنى چوڭ ئوغلى ئاقمۇللام مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ: ــ ئۆزلىرى دادام بىلەن بىللە كەتكەن، ھازىر دادام قەيەردە؟ ئۇرۇمچىدىن بىر خەنزۇ كەپتىكەن، ئۇ دادامنى ئۈرۈمچىدە كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى، مەن ئۇنىڭغا بەش كۈرە بۇغداي بەردىم، دېدى. مەن قورقۇپ راست گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى مېنى قويۇپ بەرگىچە «كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭنى بىرىكىمگە تىنمايسەن» دەپ تاپىلىغانىدى. موللاخۇن ئاكام( مۇختەر ئاخۇنۇم) ئۇنىڭغا: ــ سىلەر ئىساق ئاخۇندىن ئىنچىكىلەپ گەپ سورىماڭلار، چۈنكى ئىساق ئاخۇن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن باردى، دېدى. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئاقمۇللامغا: ــ داداڭلارنى ئارايۇلتۇزدا ئېتىۋەتتى، دەپ راست گەپنى قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ياشلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتىدىغان ئىشلار قايتا يۈز بەرمىدى.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى ھاجى ئىساق مىرى 1999 ــ يىل 21 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى 85 يېشىدا غولئېرىقتا ۋاپات بولدى.1997 ــ يىل 01 ــ ئايدىكى ئۇنىئالغۇ لېنتىسىغا ئاساسەن رەتلىگۈچى: ئابلىمىت ئابدۇللا( ھاجى ئىسھاق مىرىنىڭ 5 ــ ئاكىسىنىڭ ئوغلى)

مەنبەسى: شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى 2006-يىل 3-سان

www.kitaphumar.com

# سىيىت نوچىنىڭ ھايات-ماماتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق

1

خەلقپەرۋەر باتۇر سىيىت نوچى 1876-يىلى بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ تاغ بويىغا قاراشلىق بايلا كەنتىدە توختى مۇھەممەد ئىسىملىك ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئانىسىنىڭ ئىسمى توختىخان ئاچا بولۇپ سىيىت ئاخۇن ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. سىيىت ئاخۇن تۇغۇلغان يىلى ئۇنىڭ ئاكىسى مۇسا 10 ياشقا كىرگەن بولۇپ ئاتا-ئانىسىغا ياردەملەشكۈدەك بولغان. بۇ ئائىلىنىڭ يەر-زېمىنى بولمىغاچقا، كۆپ ۋاقىتلاردا باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلەپ ياكى يەر ئىجارە ئېلىپ تېرىپ، ئورتاقچىلىق قىلىپ تۇرمۇشىنى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزگەن. گەرچە توختى مۇھەممەد بىر قانچە ئەۋلادتىن بېرى ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ناۋاي ئەۋلادى بولسىمۇ، قىسقا مەزگىللىك ياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىغا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىۋاتقان ئۆتكۈنچى ۋەزىيەتتە يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك خارابلاشقان بولغاچقا، ئۇنىڭ بەشكېرەمدىكى ھۈنەر-كەسىپ تىرىكچىلىكى يۈرۈشمىگەن. توختى مۇھەممەد ئوغۇلباللىق خاراكتېرى كۈچلۈك، مىجەزى چۇس ھەم لۈكچەك سۈپەت، ئەمما ئاق كۆڭۈل، دۇرۇس ئادەم بولغاچقا يەنە باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلەۋېرىشكە كۆڭلى كۆتۈرمەي، مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىل سىرتىغا جايلاشقان كوزىچى يار بېشىغا كۆچۈپ كىرىپ ماكانلاشقان. ئاندىن 17-18 ياشلارغا كىرىپ قالغان چوڭ ئوغلى مۇسانى ئۆزىگە يانداپ گۈزەردە ناۋايلىق دۇكان ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلغان. توختى مۇھەممەد ۋە توختىخان ئاچىلار مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن قارا تۈرك كىشىلەر بولغاچقا باللىرىنى ئوقۇتۇش ئورنىغا ھۈنەر كەسىپ ئەھلى قىلىشقا تىرىشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن سىيىت ئاخۇن نامرات ئائىلە مۇھىتى ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارائىتتا قېقىلىپ-سوقۇلۇپ ئاقكۆڭۈل، سەممىي، مەرد، خۇشچاقچاق، ئەمما ساددا بالا بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ 15 ياشقا كىرگۈچە دادىسىدىن ناۋايلىق ھۈنىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن.

1895-يىلى سىيىت ئاخۇن 19 ياشقا كىرگەندە ماھىر جانباز-مەمەت جانبازنى ئۇستاز تۇتۇپ چامباشچىلىق ۋە قىلىچۋازلىقنى ئۆگەنگەن. مەمەت جانباز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن،

يۈسۈپ جانبازنى ئۇستاز تۇتۇپ چامباشچىلىق ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان. 1902-يىل 6-ئاينىڭ باشلىرىدا سىيىت ئاخۇن دوستلىرى بىلەن ھەزرەت سەيلىسىگە چىقىپ، شەربەت كۆلى يېنىدىكى مەيداندا ئۇيغۇر چېلىشىش قائىدىسىگە مۇخالىپ ھالدا ئۆزىگە قارشى چېلىششقا چۈشكەن رەقىبلىرىنى چىماقلاپ ھىيلە بىلەن يىقىتقانلىقىدىن كۆرەڭلەپ كەتكەن يامۇل چېرىكى بىلەن چېلىششقا چۈشۈپ، كۆچمەيلا يۇلۇپ ئېلىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە مەيداننى ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇرغان. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ قەشقەر خەلقى ئىچىدە «سىيىت نوچى» دەپ ئاتالغان[1].

سىيىت ئاخۇن «سىيىت نوچى» دەپ ئاتالغان كۈنلەردە دادىسى ئۇشتۇمتۇت قازا قىلغان. ئاكىسى ئۇچتۇرپاندا ئولتۇراقلىشىپ ناۋايلىق قىلىۋاتقان تاغىسىنى پاناھ تارتىپ بېرىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن 26 ياشقا كىرگەن سىيىت نوچى بىر مەزگىل قەشقەردىن ئۇچتۇرپانغا بېرىپ -كېلىپ تۇرغان. كەمبەغەل ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۆزلەشتۈرگەن «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۆچۈڭنى خار قىل» دېگەن ھالال ئەقىدە بويىچە ناۋايلارغا نىمكار ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ مەزگىللەردىكى ھاياتى «سىيىت نوچى قوشاقلىرى» ۋە «سىيىت نوچى» داستانلىرىدا مۇنداق سۈرەتلەنگەن:

ئەلگەك بىلەن ئۇن تاسقاپ،
ئۆتمەكتە ئۆمۈر.
ئەتىگەندىن كەچكىچە،
ئەيلەيمىز خېمىر.
خېمىر تاۋلاپ بولۇپتۇ،
بىلەكلەر تۆمۈر.
سىيىت نوچى گىردىسى دەپ،
داڭقىم يېيىلدى.
داستىخانغا دەرمان بولۇپ،
ماختاپ يېيىلدى.
بۇ گىردىنى ھەر ياققا،
ئېلىپمۇ كەتتى.
ئالدى ئاقسۇ ئارقىسى،
يەركەنگە يەتتى.

نەچچە يىلدىن ئىمكار ئىشلەپ،
تەننى پىشۇردى.
بىلەكلەرگە دەرمان بېرىپ،
قۇۋۋەت ئاشۇردى.

سىيىت نوچى كىچىكىدىن يالغانچىلىق، ساختىلىققا قارشى تۇرۇپ، ئادالەتسىزلىككە، ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالمايدىغان خىسلەت بىلەن راستچىللىق، سەممىيلىك قاتارلىق پەزىلەتلەردىن يۇغۇرۇلغان مەردانە يىگىتلىكنى يېتىلدۈرگەن بولغاچقا، 1912-يىلى «قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشقان. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 3-ئاينىڭ 8-كۈنى چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۇەن داخۇا بېيجىڭغا تېلېگرامما يوللاپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلىپ ھەم ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سوراپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا قەشقەر دوتىيى يۇەن خۇڭيۈنى يوشۇرۇن تەۋسىيە قىلغان. 4-ئاينىڭ 25-كۈنى بېيجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى يۇەن داخۋانىڭ ئىستىپاسىنى تەستىقلاپ، قەشقەرنىڭ دوتىيى يۇەن خۇڭيۈنى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىگەن. 5-ئاينىڭ 7-كۈنى سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان شىنجاڭ تۇتۇقى يۇەن خۇڭيۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى، يۇەن خۇڭيۇنىڭ مەسلىھەتچى سەركەردىسى تاڭ دىيەنخېڭ، قەشقەر پىكشەھەرنىڭ ئامبىلى جاڭ بىگدۇ، جاڭ شۇئى قاتارلىقلار دەل «قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ۋەقە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۈجۈغانلىقتىن، 5-ئاينىڭ 18-كۈنى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا، قوشۇمچە ئاۋام ئىشلىرى ئورنىنىڭ باشلىقلىقىغا، ۋاڭ شۆزېڭنى قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىگە، جۇ جىدېنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا تىرىشقان[2]. سىيىت نوچى مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا بۇ ئۇيۇشمىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ سەپكە نېمە ئۈچۈن قاتناشقانلىقى «سىيىت نوچى قوشاقلىرى» ۋە «سىيىت نوچى» داستانلىرىدا سۆيۈنۈش ۋە پەخىرلىنىش ئىچىدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

بوزەك قىلسا باي غوجاملار
ئاجىز پۇقرانى.
قانداق چىداپ تۇرالايدۇ
سىيىت ۋىجدانى.
ئاگاھ بەردى سىيىت كۆپ رەت،
ھۆكۈمران بەگكە.
نەزەرگە ھېچ ئىلمىغاندا

قىتىلدى سەپكە.

ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ‹‹قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى› تەيپىڭتيەنگو ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، مىڭ سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئاممىۋى مەخپىي تەشكىلات»[3] بولۇپ، بۇ تەشكىلات، يەنى ‹‹قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى› شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە ھەرقايسى جايلاردا ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ مەقسىتى ئىستىخىيلىك ھالدا خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇلار پەقەت ‹مەنسەپدارلار ئۆلتۈرۈلسىلا زۇلۇم تۈگەيدۇ› دەپ تونۇغان»[4]. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى كەينىدە بۇ ئۇيۇشما ئەزالىرى شىنجاڭغا چىقىپ كەڭ كۆلەملىك پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بىراق، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولغاچقا، يەرلىك مىللەتلەردىن چىققان، ھۆكۈمران سىنىپقا نىسبەتەن قارشى تۇرۇش ئىدىيەسى كۈچلۈك ھەم تەسىر دائىرىسى كەڭ بولغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۆزىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ۋە يەتمەكچى بولغان نىشانى خەلقنىڭ دېموكراتىك ئارزۇ-ئۈمىدىگە ئۇيغۇن بولغانلىقتىن، خەلق بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ پائالىيىتىنى قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ‹‹شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرغان»[5] شۇڭا ‹‹ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىمۇ ‹قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى›نىڭ تارمىقى قۇرۇلغان. سىيىت نوچى بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىپ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن»[6] ئۇ، بۇ جەريانىدا يەنە يەركەن، قەشقەر ئەتراپىدا جانبازلىقتا داڭ چىقارغان، شۇنىڭدەك باتۇرلۇقى بىلەن قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ غوللۇق ئەزاسىغا ئايلانغان ھاشىم گېلاۋخۇيدىن چامباشچىلىق ئۆگىنىپ، ئۆز ماھارىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە ئىزچىل تۈردە ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەزگىلدىكى كەچۈرمىشلىرى ‹‹سىيىت نوچى قوشاقلىرى» ۋە ‹‹سىيىت نوچى» داستانلىرىدا مۇنداق بايان قىلىنغان:

بولدى مېنىڭ يۆلەنچىم
گېلاۋخۇي ھاشىم.
چامباشلىقنى ئۆگەتتى ئۇ،
جان دوست-ئاداشىم.
گېلاۋخۇيغا جەم بولدۇق،
دارىڭغا قارشى.
خىيانەتچى، پارىخور

زالىمغا قارشى.
بەلنى باغلاپ يەك تۇرۇپ،
كۆتۈردۇق غوۋغا.
مەيلى دېدۇق بىزنى باغلاپ،
ئاسسىمۇ دارغا.
ھەر قەيەردە ئۆلۈم بولۇپ،
باشلىدۇق جېدەل.
ئەل ئاغزىدا داڭقىمىز
بولۇپتۇ غەزەل.

دېمەك، سىيىت نوچىغا دائىر قوشاقلار ۋە داستانلاردا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندەك، ئۇ گېلاۋخۇيچىلارغا قېتىلىپ سىيىت گاڭگۇڭ ئاتالغان ھەم قان شورىغۇچى تىرىك تاپ بايلار، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغان ئىدى. بىراق «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان قەشقەر قوزغىلىڭى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن دەھشەتلىك باستۇرۇلۇپ، نۇرغۇن قوزغىلاڭچىلار ئۆلتۈرۈلگەن ۋە تۇتقۇن قىلىنغان[7]. مۇشۇنداق خەتەرلىك شارائىتتا سىيىت نوچىنىمۇ تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەنلىكتىن ئۇ قەشقەردە تۇرالماي ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاقسۇنىڭ ئۇچتۇرپان بىلەن ئايكۆل دائىرىسىدە كۆپرەك تۇرغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئاقسۇ نوچىسى ئايكۆللۈك ئاقسوپى بىلەن دوست-بۇرادەر بولۇشقان ھەم يېقىن-يورۇقلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئايكۆلدىن ئۆيلىنىپ، بىر پەرزەنتلىك بولۇپ، ئوغلىغا دادىسى توختى قاغا ئىسمىنى تەۋەررۇك قىلىپ «توختاخۇن» قويغان[8]. بىراق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ گوماشتىلىرى يەنە ئارام بەرمىگەنلىكتىن سىيىت نوچىنىڭ ئايكۆلدىكى ئائىلىۋى خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپ، كۇچاغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. كۇچادا ئۆزىنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن. قاراشەھەردە خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلىپ، يىلىكىدە سۇ ئىچىپ، يۈرەكلەرنى لەختە قىلىۋەتكەن ۋەھشى زومىگەر — پور بايۋەچچىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، خەلقنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئىلىغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغان. بىراق، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان سىيىت گاڭگۇڭنىڭ قەشقەردىن يىراق ئىلى ۋادىسىدىمۇ خاتىرجەم تۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان. ئۇ ئىلىغا بارغان ھامان يەنە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت چېرىكلىرى ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەن. سىيىت نوچى تەمتىرىمەستىن ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئەدىپىنى بەرگەن. يەنە بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇ

«تۇرمىگە قامالغان بىگۇناھ كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ، تىللاردا داستان بولغىدەك قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن»[9]. ئىلى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران دائىرىلىرى ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن قوراللىق چېرىكلەرنى ئىشقا سالغاندا، ئۇ يەنە بىر مەزگىل ئىلى دەريا بويلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇم تۈپەيلىدىن غېرىب-غۇرۋا، مۇساپىر-يېتىملارغا ئايلانغان مېھنەتكەش خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ بىر مەزگىل تۇرغان. قولغا ئېلىنىپ زىندانغىمۇ تاشلانغان. ئايدىڭ كېچىدە زىنداندىن قېچىپ قۇتۇلغاندىن كېيىن، 1919-يىللىرى، بەزى ماتېرىياللار بويىچە 1920-يىلى ئىلى دەرياسى ئارقىلىق سوۋېت رۇسىيەسىگە چىقىپ كەتكەن[10]. بۇ مەزگىلدىكى قىسمەتلىرى «سىيىت نوچى قوشاقلىرى» ۋە «سىيىت نوچى» داستانلىرىدا مۇنداق ئىپادىلەنگەن.

ئىلىخوغا بارماڭلار،
يولى خەتەردۇر.
زىمىستان قىش نەشتىرى
جاندىن ئۆتەردۇر.
مۇساپىرلار، دەردمەنلەر
يولدا ياتاردۇر.
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ
غەمگە پاتاردۇر.
ئىلىخوغا مەن بېرىپ،
قالدىم بالاغا.
ياغاق يۈزلۈك چېرىكلەر
ئالدى ئاراغا.
ئالتىسىنىڭ سۇندۇرۇپ
ئۇتتۇر چىشىنى.
پەشۋا بىلەن مۇشت بىلەن
ياردىم بېشىنى.
ئىلى دەريا بويىدا
چالدىم راۋابنى.
خالاس ئەتتىم قۇل-يېتىمنى،
تاپتىم ساۋابنى.

www.kitaphumar.com

قۇل-يېتمنىڭ ياتقان يېرى
پىتلىق ئاۋاختا.
قۇل-يېتىمغا ئاش بىرەركەن
سۇنۇق تاۋاقتا.
ئاۋاختىنى ئاي يۇرۇقى
ئايدىڭدا چاقتىم.
قوش قۇلۇمنى قېيىق قىلىپ
دەريادا ئاقتىم.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سىيىت نوچى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قارا قول(پىرژىۋالىسكىي)، توقماق، بىشكەك(فرونزى) ۋە ئالمۇتا قاتارلىق جايلاردا تۇرغان[11]. ئۇنىڭ سوۋېت رۇسىيەسىگە قەدەم قويغان مەزگىلى سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى چاررۇسىيە زېمىنلىرىدا، يەنى سوۋېت دائىرىسىدە ئۆزىگە خاس يېڭى تۈزۈم ئورنىتىش مۇددىئاسىدا ھەرقايسى رايونلار ئارا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، يەنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى كۈچەپ قانات يايدۇرۇۋاتقان يىللارغا توغرا كەلگەن. گەرچە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، نىسپىي تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سوۋېت رۇس ھاكىمىيىتى يەنە نۇرغۇن يېڭى چېگىش مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن. بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن ھاكىمىيەت قۇرۇش بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا ئايرىم-ئايرىم جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن تالاش-تارتىش بولغان. ھەتتا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەن. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى بىلەن ئۇلارغا قارشى ئاقلار ئارمىيەسى ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن ۋە خېلى بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشقان. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن بىر قىسىم ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى قەشقەرگە قېچىپ كېلىۋالغان. بۇنىڭغا قارىتا «1919-يىلى 7-ئاينىڭ 2-كۈنى ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭغا (马福兴) تېلېگرامما بېرىپ، مەيلى ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بولسۇن ياكى ئۆزلىرىنى مۇساپىر دەۋالغانلار بولسۇن، ئۇلارنى بىردەك توسۇپ، چېگرادىن كىرگۈزمەسلىك كېرەك، دەپ بۇيرۇق قىلغان. 10-ئاينىڭ 25-كۈنى مۇخانوپ مەغلۇپ بولغان نەچچە يۈز ئەسكەرنى باشلاپ، زورلۇق بىلەن قارۇۇلخانىدىن ئۆتكەن. ياڭ زېڭشىن تېلېگرامما بېرىپ، خەلقئارا ئورتاق قانۇن بويىچە ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق بەرگەن»[12]. ھەتتا ئاقلار ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى دۇتۇپ بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى باشلاپ 1920-يىلى شىنجاڭغا كىرگەن[13] ۋە بۇ يەردە كۈچ توپلاپ سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغان. شۇنىڭدەك، سوۋېت دائىرىسىدىكى بەزى رايونلاردىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ

مۇستەقىل مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە تىرىكەشكەن. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى رايونلارغا قارىتا ئىچكى ئۇرۇشنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا قانات يايدۇرۇپ «سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب»نى ئەۋجىگە كۆتۈرۈشكە باشلىغان. بۇنداق يۈزلىنىش قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا نىسبەتەن ئېغىر بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ھاكىمىيىتى ھەرقايسى جايلاردا كۆرۈلگەن مىللىي ھەم دىنىي، سىياسىي ھەم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا يەتتە سۇ، ياركەنت، چىمكەنت، ئوش، بىشكەك، قارا قول، تاشكەنت، بۇخارا، پەرغانە قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن بىر تەرەپلىمە سىياسەت قوللىنىپ، تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەر بىلەن باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغان. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدىكى قېرىنداشلار شىنجاڭ رايونىغا قېچىپ كېلىشكە باشلىغان. مانا مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە تارىخىي ۋەزىيەتتە بۇ يەرگە كەلگەن سېيىت نوچى بۇ جايلارنى بىر قۇر ئايلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ كۆزى ئېچىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشاۋاتقان مېھنەتكەش خەلقىمىزگە دائىر نۇرغۇن قانلىق پاجىئەلەرنىڭ تىرىك شاھىتى بولغان بىچارە قېرىنداشلار بىلەن سىردىشىپ، ھال-مۇڭ بولۇشقاندىن كېيىن، بۇ يىللاردىكى «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش»لەر جەريانىدا خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاچچىق قىسمەتلەردىن خەۋەردار بولۇپ قايغۇرغان. بىھۇدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان قېرىنداشلارغا ھېسداشلىق قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپالاتاتسىيەگە قارشى ئىرادىسى تەبىئىي رەۋىشتە كۈچەيگەن. بىراق، ئەينى ۋاقىتتا چاررۇسىيە ئارمىيەسى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ياڭ زېڭشىنىنىڭ قەشقەردىكى قوشۇنلىرى ئەمەس، بەلكى «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» قوشۇن تەشكىللەپ قارشى تۇرغان بولغاچقا، ئەمدىلىكتە مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ ئەزاسى بولغان سېيىت نوچىنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتى كونتروللۇقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پەيدا بولۇشى رۇس قوشۇندىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، كەينىگە پايلاقچى سېلىپ قويغان.

سېيىت نوچى 1922-يىلى باش باھاردا ئالمۇتا ئارقىلىق يەنە ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، بىر مەزگىل تۇرۇپ، بۇرۇنقىدەكلا زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان قېرىنداشلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن. بۇنى «خەلق ئارىسىدىكى قۇتراتقۇلۇق» دەپ بىلگەن ئىلى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ماداخۇا يەنە سېيىت نوچىنى تۇتۇش بۇيرۇقىنى چىقارغان. مانا مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدا سېيىت نوچى ئىلىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى سۇلتان باينىڭ

ياردىمى بىلەن مۇز داۋان ئارقىلىق ئۈچتۇرپانغا كەلگەن[14]. ئايكۆلگە بېرىپ ئايالىنىڭ ياتلىق بولغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولغان بولسىمۇ، بالىسى توختىنىڭ بىر چىرايلىق چوڭ بولۇپ قالغانلىقىدىن سۆيۈنگەن. ئوغلىغا كېتەرلىك خىراجەتنىڭ يولىنى قىلىپ بەرگەندىن كېيىن يەنە ئۈچتۇرپانغا قايتىپ بېرىپ، ئۆزۈن ئۆتمەي يۇرتداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر بەشكېرەمدىن چىقىپ ئۈچتۇرپاندا ئۇلتۇراقلىشىپ قالغان داۋۇت تاقىچى دېگەن كىشىنىڭ قىزى ــ ھۆسنەرىخان بىلەن توي قىلغان.

بۇ مەزگىللەردە ئۇ ئۆزىنىڭ چامباشچىلىق ۋە قىلىچۋازلىقتىكى ماھارىتى، قىران يىگىتلەرگە خاس جاسارىتى بىلەن ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ يۈكسەك ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ھەتتا ئۈچتۇرپانلىق تەكتى كۈچالىق يەرلىك ئەمەلدار مەمتىمىن شيەتەي ۋاڭ تەرىپىدىن شيەتەي يامۇلىغا قاراشلىق چېرىكلەرنىڭ مەشقاۋۇللىقىغا تەكلىپ قىلىنغان[15]. سوۋېت رۇسىيەسىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىدىن ئەقىل تېپىپ، «يولى كەلسە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئۇيغۇر چېرىكلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ ئىش تەۋرىتىش»كە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىق ھېس قىلغان سېيىت گاڭگۇڭ بۇ تەكلىپنى مەقسەتلىك ھالدا قوبۇل قىلغان.

بۇ چاغدىكى ئۈچتۇرپان ئامبىلى ماشاۋۇ (马绍武) ئەسلىدە قەشقەردە ھەربىي ھەم مەمۇرىي خىزمەت ئۆتىگەن ۋە ئەينى چاغدا «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشقانلارنى يوقىتىشتا داڭ چىقارغان چوڭ جاللات بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى سېيىت نوچىنى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتەلمەي ئارماندا قالغان. بۇ قېتىم ئۇنى كۆرۈپ، باشتا بىراز بىئارام بولغان بولسىمۇ، مەمتىمىن شيەتەي ۋاڭدەك يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەنمۇ مەقسەتلىك ھالدا يېقىن ئۆتۈۋاتقان سېيىت نوچىغا بىۋاستە قول سېلىشقا پېتىنالماي، پۇرسەت كۈتكەن. يەنە بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ماشاۋۇ ئۈچتۇرپاندا تۇرغان مەزگىلدە تۈركىستاندىكى خۇيزۇلار ئارقىلىق سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىگە قويغان ئامبىلى بولۇشقا قارىماي، يەنە ئىچكى جەھەتتە سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلغان جاسۇس[16] بولغاچقا، سوۋېت رۇسىيەسى كەينىگە پايلاقچى سېلىپ قويغان كىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. شۇڭا، مەخپىي بۇيرۇق بويىچە ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى تۇرغۇزۇپ، «جىنايەتلىرى»نى تىركەپ چىققان. ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، سېيىت نوچى بۇ قېتىم كەلگەن مەزگىلدە ئۈچتۇرپاندا ئەپيۇنخانا، قىمارخانىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەربىيلەر ۋە ئەمەلدارلار ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن خەلقنى بۇزۇقچىلىق كوچىسىغا باشلىغان. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن سېيىت نوچى قاتتىق نەپرەتلەنگەن. ھەتتا ھەربىيلەر ئاچقان قىمارخانىدا قەستەن جېدەل

www.kitaphumar.com

چىقىرىپ، قىمارخانا غوجايىنىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. قىمارخانا غوجايىنى ئۇنى تۇتقىلى سەككىز-ئون ئەسكەرنى ئەۋەتكەندە، سېيىت نوچى بوي بەرمەي، ھەممىسىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتكەن. بۇ يىللاردا ما شاۋۋۇ ھەربىي مەمۇرىيلار بىلەن بىرلىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئەپيۇن توشۇپ كېلىپ، ئەپيۇنخانا، قىمارخانا ئېچىپ پۇل تېپىۋاتقان بولۇشىغا ھەم قىمارخانا غوجايىنلىرى بىلەن بىر ئېقىمدا بولۇشىغا قارىماي، سېيىت  نوچىدىن پايدىلىنىش غەرىزىدە ئۇنى ھىمايىسىگە ئېلىپ، ھېلىقى قىمارخانىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بەرگەن. ھەتتا ئۇ سېيىت نوچىغا غەرەزلىك ھالدا «دوستانە ئىلتىپات» كۆرسىتىپ، ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقان. سېيىت نوچى ئۇنىڭ غەرەزلىك «ئىلتىپاتى»دىن بەھرىمەن بولغان. ئەمما قىسقا بىر مەزگىللىك ئېزىقىشتىن كېيىن ھوشىنى يىغقان سېيىت نوچى بۇ يەردە ئىلگىرى ئويلىغان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ما شاۋۋۇنىڭ ئۆزىدىن پايدىلىنىش مۇددىئاسىدا «ئىلتىپات» قىلغانلىقىدىن ئىچى سىقىلغان. ئۇ قەشقەرگە قايتىش قارارىغا كەلگەندە بولسا، كۆڭلىگە بىر تالاي شۇملۇقنى پۈككەن ماشاۋۋۇ ساختا تەكەللۇپلار بىلەن ئۇنىڭ قەشقەر دوتىيى جۇ رۈيچىگە بىر پارچە «سالام خەت» ئالغاچ كېتىشنى ئۆتۈنگەن[17]. يولدا ئۇچرىغانلار ئاغزى چاپلانمىغان خەتتىن گۇمانلانغاندا بولسا، سېيىت نوچى قىلچە گۇمانلانمىغان. ئەكسىچە:

ئامانەتكە خىيانەت
نامەرد ئىشىدۇر.
پالاكەتنىڭ ئامرىقى
قورققان كىشىدۇر.
ھاياتىمدا نامەردلىك
قىلغان ئەمەسمەن.
جاننى ئالتۇن-كۈمۈشكە
ساتقان ئەمەسمەن.
كەلسە ئەجەل ناۋادا
جاننى ئالادۇر.
سۇلار ئېقىپ ئاستىدا
تاشلار قالادۇر.
قەشقەرىمدە يارەن كۆپ
يالغۇز ئەمەسمەن.
كىمكى قىلسا يامانلىق

ئادەم دېمەسمەن.

دەپ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاب بەرگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، ما شاۋۋۇ سىيىت نوچىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ياك زىبىشىنغا «سىم قېقىپ»، يەنى تېلېگراممىا يوللاپ مەخپىي يولىيورۇق ــ «خان يارلىقى» ئېلىپ، ئاندىن سىيىت نوچىنىڭ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققانلىقى توغرۇلۇق قەشقەرگە «سىم قېقىپ»، جۇ دوتەيىنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ، ھىيلە-مىكرى بىلەن ئۇنى يوقىتىشقا شارائىت ھازىرلىغان. نەتىجىدە سىيىت نوچىنىڭ قەشقەرگە كېلىۋاتقانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق خەۋپسىرىگەن جۇ دوتەي باشلىق قەشقەر دارىنلىرى بىردەك: «ئۇ يۇقرالار بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ بولغىچە يوق قىلىۋەتمىسەك بىزگە ئامانلىق بولماس. شۇڭا دەرھال سەكسەن چېرىك ھازىر بولسۇن، سىيىت نوچىنى تۇتۇشقا يۈرسۇن. سىيىت نوچى گۇندىخانىغا كەلتۈرۈلسۇن» دېگەن قارارغا كېلىشكەن ھەم ئۇنىڭ سېپىل سىرتى كوزىچى يارىبېشىدىكى ئۆيى ئەتراپىغا پايلاقچى قويۇپ قويغان. بىشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن سىيىت نوچى ئەل ياتقۇ مەزگىلىدە قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يېنىدىكى پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىپ: «جېنىم ئانا، مەن بۇسۇغىڭىزنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدىم.كۆڭلۈم بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىمايۋاتىدۇ، قەشقەرنىڭ سېپىللىرى كۆزۈمگە قان كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ماڭا دۇئا قىلىڭ، ھەرەمگە كېتەي. شۇڭا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن قەشقەر شەھىرىدىن چىقىپ كېتەي....» دېگەن. بىراق ئانىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا چىدىماي، بىر كۈن قونۇپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلىپ چىڭ تۇرغان. سىيىت نوچى ئانىسى بىلەن مۈڭدىشىپ قونۇپ قالغان ۋە غۇسلى تاھارەت ئېلىپ نامازغا چىققان. نامازدىن يېنىپ، ئەھلىجامائەت بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر ساماۋەرخانىغا كىرىپ ناشتىغا ئولتۇرۇشقان. ئاندىن ئىنىسى مۇھەممەد خان بىلەن ھەزرەتكە چىقىپ، شەربەت كۆلنىڭ بويىدا دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن سىردىشىپ ئولتۇرغىنىدا ئاتالمىش «خان يارلىقى» بىلەن قەشقەر دوتەي يامۇلىنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان. سىيىت نوچى ھېچقانداق گۇناھسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ما شاۋۋۇنىڭ جۇ دوتەيگە ئەۋەتكەن «سالام خېتى»نى ئېلىپ كەلگەچكە، ئانچە قارشىلىق كۆرسەتمەيلا يامۇلغا بارغان. بىراق، ئۇ سىيىت نوچىنىڭ ئاتالمىش «ئۆلۈم خېتى» بولۇپ چىققان. ئۇ ما شاۋۋۇنىڭ «قۇرئان» تۇتۇپ بەرگەن «قەسەملىرى»گە زىيادە ئىشەنگەچكە، ئاتالمىش «ئۆلۈم خېتى»گە ھېچ ئىشەنمەي، قاتتىق تىركىشىپ، ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر ئۆزى نۇرغۇن چېرىكلەرگە تەڭ كېلەلمەي تۇتۇلۇپ قالغان. ئۇ سەۋەبىنى سورىغاندا دوتەي: «سېنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە خان يارلىقى بار، گۇناھىڭ ئېغىركەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، ھېچقانداق گۇناھسىزلىقىغا قارىماي، زىندانغا تاشلانغان سىيىت نوچى ئاخىرى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن. بىراق

تولمۇ كىچىككەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچتۇرپاندىن قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئۇنىڭ بۇ سۈيىقەستلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن نۇرغۇن دوستلىرى ئاساسەن خەۋەرسىز قالغان. مۇشۇنداق شارائىتنى ئۆزىگە پايدىلىق بىلگەن جۇ دوتەي 1924-يىلى باھاردا، يەنى 4-ئاينىڭ 6-كۈنى سىيىت نوچىنى باستۇرۇپ، خەلققە ئاتالمىش ئىبرەت قىلىش، ئەڭ مۇھىمى قەشقەر خەلقىنى ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇندۇرغان قىلىشتەك رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن 400 چېرىك بىلەن يالاپ چىقىپ «سىيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ كەلگەن» دېگەندەك بەتنام بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن[18]. ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان «سىيىت نوچى قوشاقلىرى» ۋە «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ قەشقەر ۋاريانتلىرىدا سىيىت نوچى ئۆلۈم ئالدىدا:

ئەزىزانە يۇتداشلار،
مەندەك نادان بولماڭلار.
چۈشۈپ ھىيلە-قىلتاققا،
ناھەق قۇربان بولماڭلار!....
خوش، ئامان بول قەشقەرلىك
جان-جىگەرلەر تۇغقانلار.
بۇگۈن جۇمە قۇلاق سال،
سۆز قەدرىنى ئۇققانلار.
جامائەت جەم بولۇپسىز،
مەندىن بولۇڭلار رازى.
مەھشەردە كۆرۈشكەيمىز،
بولغاندا خۇدا قازى!

دەپ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھىيلە-قىلتىقىغا چۈشۈپ، ناھەق قۇربان بولۇۋاتقانلىقىنى خەلق ئاممىسىغا ئۆز ئاغزى بىلەن بايان قىلىشقا مۇيەسسەر بولغان بولسا، «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ مەرھۇم خەلق داستانچىسى شاھ مۇھەممەد ئورۇنلىغان خوتەن ۋاريانتىدا سىيىت نوچىنىڭ جۇمە كۈنى ئەتىگەندە جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىشتىن بۇرۇن يۇقىرىدىكىدەك ناھەقچىلىقنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، يەنە ئىنىسى مۇھەممەد خانغا بېرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ مېيىتىنى دەرھال يۇيۇپ-تاراپ چوقۇم ھېيتكاھتىكى بۇگۈنكى جۇمە نامىزىغا ئۈلگۈرتۈش ئارقىلىق 16 مىڭ قەشقەرلىكنى نامازغا قاتناشتۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن،

مېيىت نامىزىنى ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇش، مېيىت نامىزى ھەققىگە ئۆزىنىڭ ئۈچتۇرپاندىن منىپ كەلگەن ئىنىنى بېرىش، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ 40 تالىپىنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق 40 كۈنگىچە تۇپراق بېشىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، مېيىت يەرلىككە قويۇلۇشتىن ئىلگىرى ئانىسىغا خەۋەر قىلماي تۇرۇش قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيەت قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ئىشلار ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئىبلىپ بېرىلگەن ئىكەن.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، سىيىت نوچى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى قەشقەردە تىجارەت ئاساسەن توختىغان. قەشقەر خەلقى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە چوڭقۇر ماتەم تۇتقان. مانا بۇ ئۇنىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە ئىچىنىشلىق تىراگېدىيەسىنىڭ قىسقىچە جەريانىدۇر.

2

مەلۇمكى، سىيىت نوچىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە سۆز بولغانلىكى سورۇندا ئۇنىڭ ساۋاتسىزلىقى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، ئۇنىڭ «ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى ئىبلىپ كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۆلتۈرۈلگەن»لىكى تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇ خەلقىمىز تارىخىدىكى «نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىقنىڭ قۇربانى» سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۈچتۇرپان ئامبىلى ما شاۋۋۇ يېزىپ بەرگەن «ئۆلۈم خېتى»نى ئوقۇپ بېقىپ ياكى ئوقۇتۇپ بېقىپ تاشلىۋەتكەن بولسا، قۇتۇلۇپ قالىدىغاندەك بىر خىل بىمەنە كۆز قاراش خەلقىمىزنىڭ، جۈملىدىن بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ روھىغا سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا خەلقىمىز «سىيىت نوچى قوشاقلىرى» ۋە «سىيىت نوچى» داستانلىرىنى خەلق داستانچىلىرى ۋە ۋايىزلاردىن ھەر بىر قېتىم ئاڭلىغىنىدا ئۇنىڭ ھاياتىدىكى قەھرىمانلىقلىرىدىن، يامانىدىن قورقماي، ياۋاشىنى بوزەك قىلماي ھەققەتنى ياقلايدىغان لۆكچەك مىجەز نوچىلىقىدىن سۆيۈنسە، ئۇنىڭ سىرلىق ھەم ئىچىنىشلىق ئۆلۈمىدىن قاتتىق ئۆكۈنگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمرانلار پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك يوسۇندا ئوتتۇرىغا چىقارغان تۈرلۈك سىياسىي ئويۇنلارنىڭ پەقەت بىر كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئىش بېشىدىكى بىر قىسىم قارا نىيەتلەرنىڭ «ئۆلۈم خېتى» ھەققىدىكى يالغان تەشۋىقاتىغا ئالدىنىپ قايمۇققان خەلقىمىز بۇ تىراگېدىيەنىڭ قەبىھ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە سەل قارىغان. بۇ خىل سەل قاراش بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ، سىيىت نوچىنى ئۆزى ياشىغان دەۋردىن ئايرىغان ئاساستا بۈگۈنكى نۇقتىنەزەر بىلەن «ئەخمەق»، «مۇناپىقسىمان ئادەم»... قاتارلىق كاتېگورىيە بويىچە «قايتا باھالاش»تەك نامۇۋاپىق ئەھۋاللارمۇ كۆزگە چېلىقماقتا. ئەمەلىيەتتە، تارىخىي شەخسلەرگە باھا بەرگەندە مۇنداق يەكلىلىك قىلىش ئادىللىق ئەمەس. دەرۋەقە، تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، «ئۇيغۇر خەلق

www.kitaphumar.com

قەھرىمانى»[19] سىيىت نوچى بەزى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان بولسىمۇ، پىششىپ يېتىلگەن ئاڭلىق ئىنقىلابچى بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭ ھۆكۈمەتكە، ما تىنەي، ما شاۋۋۇدەك زالىم، مەككار ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن تونۇشى مۈجمەل. شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ قۇۋلۇق-شۇملۇقلىرىنى سېزەلمەي ئالدىنىپ كەتكەن. ھەتتا ئۇنىڭ كاللىسىدا «خاننىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دەيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشمۇ بار. بىر تەرەپتىن، سىيىت نوچى گەرچە ئامىنىڭ سىردىشى، غەمخورى بولۇش سۈپىتىدە، خەلقنىڭ بېشىغا چۈشۈۋاتقان جەبىر-زۇلۇملارنى ئاڭلىق ھېس قىلىپ، ئامىنى ھىمايە قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ ئامىغا زۇلۇم قىلىۋاتقانلار بىر ئۇچۇم زالىم ئەمەلدارلار دەپ قاراپ، ھۆكۈمەتتىن گۇمانلانمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ شەخسى قەھرىمان بولۇپ، ئامىنى كۈرەشكە قوزغاشنى بىلمىگەن. سىيىت نوچى بۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن سىنىپىي كۈرەش قارشى يوق دېيەرلىك بولغان جەمئىيەت لۆكچەكلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ جەھەتتىن ئۇ تولىمۇ نادان، ھەتتا ئۇنىڭدا بەزى ناچار ئىللەتلەرمۇ يوق ئەمەس[20]. بۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى تارىخىي چەكلىملىك بولۇپ، تارىختا ئۆتكەن «ھەرقانداق بىرىگە ئۇنى ئۆز زامانىسىدىن ئايرىپ، ياكى ئۇنىڭغا بۈگۈنكى نۇقتىنەزەر بىلەنلا قاراپ بىر تەرەپلىمە باھا بەرسەك، ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىمىز»[21]. شۇڭا، «تارىخىي شەخسلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئورنىنى باھالىغاندا، ئالدى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتنى كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك»[22]. «ئەلۋەتتە، زىددىيەتلىك، قارغىش تەگكۈر دەۋردە ياشىغانلىقتىن ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئارتۇقچىلىقى، كەمچىللىكى، ھەتتا يەنە بىمەنىلىكى بولغاندۇر»[23]. بىراق، ئۇلارغا باھا بەرگەندە «مۇناپىقلىق قىلمىغانلارنىمۇ مۇناپىقلىق قىلدى دەپ ئېغىز ئېچىش ئەلۋەتتە توغرا بولمايدۇ»[24].

بىز سىيىت نوچىنىڭ قەشقەردە «نوچى» ئاتىلىپ ئوتتۇرىغا چىققاندىن تارتىپ، تۈرلۈك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، يەنە قەشقەردە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدەك قىسقىغىنا ھايات تارىخىنى ۋاراقلىساق، ئۇنىڭ ئاساسلىق كەچۈرمىشلىرىنىڭ يەنىلا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپلۇقىنى بىلەلەيمىز. يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك 1912-يىلى 5-ئايدا يۈەن خۇڭيۇ قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ تۇتقۇلۇقىغا تەيىنلەنگەن. 6-ئاينىڭ 13-كۈنى قەشقەر كۇنشەھەردىكى «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» ئەزالىرى ئادەم تويلاپ، ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. بۇ چاغدا ما شاۋۋۇ «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» باشچىلىقىدىكى قەشقەردىكى بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. 6-ئاينىڭ 22-كۈنى 840 كىشىلىك چاررۇسىيە قوشۇنى مېيول قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق قەشقەرگە كىرىپ، يەتتە جايغا بۆلۈنۈپ، كونىشەھەرنىڭ يارباغ دەرۋازىسى(ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبى) غا كېلىپ ئورۇنلاشقان. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ياڭ زېڭشىن ئۇلارغا قارشى تۇرماقتا

يوق، ئەكسىچە قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بېگى بىلەن دوتېيگە تېلېگرامما بېرىپ: «چاررۇسىيە ئارمىيەسى چېگرادىن كىرگەن بولسا، بىز تەرەپتىن يەنە ئەسكەر كۆپەيتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئىچكى قىسمنى تەرتىپكە سېلىشقا ھەققىي ئەھمىيەت بېرىش لازىم» دەپ، ئىچكى قىسمنى، يەنى قەشقەر خەلقىنى «تەرتىپكە سېلىش»قا بۇيرۇق قىلغان. 7-ئايدا ياڭ زېڭشىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئالاقە ئەۋەتىپ، چاررۇسىيە تەرەپ بىلەن سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلغان. چاررۇسىيە ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن، قەشقەردە يەنە 500 ئەسكەر كۆپەيتكەن. توپ، پىلىمۇتلىرىنى دوتەي يامۇلىغا بەتلەپ قويۇپ، ئاشكارا تەھدىت سالغان. 7-ئاينىڭ 15-كۈنى چاررۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوكوۇ چاررۇسىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئارقىلىق يۈەن شىكەيىنى «چىرا ۋەقەسى»دىكى قاتىللىنى جازالاپ، ناماقۇل بولۇش ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا تۆلەم بېرىشكە قىستىغان. 8-ئاينىڭ 27-كۈنى چاررۇسىيە قوشۇنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، كونىشەھەرنىڭ يارباغ دەرۋازىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە قەشقەردىكى ھەر ساھە «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» ئەزالىرىدىن ئىككى باتالىيون تەشكىللەپ قارشى تۇرغان. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى قەشقەرگە يەنە 1000 ئەسكەر يۆتكىگەن. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بېگى جيا داجۇ ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە چاررۇسىيەلىكلەرگە ناماقۇل بولۇپ، «چىرا ۋەقەسى»نى بىر تەرەپ قىلغان جۇڭگو ئەمەلدارىنى تەكشۈرۈپ جازالىغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ ئىشتىن كېيىن، «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» ئەزالىرىدىن تەشكىللىنىپ، چاررۇسىيەنىڭ قەشقەردىكى تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغان ئىككى باتالىيون ئۆلكە ئارمىيەسىگە تەۋە «خۇيزۇ باتالىيون»ى نامىدا ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ ھەممىسى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلگەن. 1912-يىلى 10-ئاينىڭ 29-كۈنى ياڭ زەنشۈي قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىقى ــ ياساۋۇل بەگلىكىگە قويۇلغان ھەم 1913-يىلى 1-ئاينىڭ 28-كۈنى رەسمىي ۋەزىپىدە ئولتۇرغان[25].

مەلۇمكى، «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنىڭ تۇنجىسى بولغان قەشقەر، شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تىنچ ياكى مالىمان بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان جاي»[26]، شۇنىڭدەك، رۇسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كونسۇلخانىسى ئورۇنلاشقان مۇھىم ئورۇن بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن چەت ئەلنىڭ تەسىرى بىلەن قەشقەردە ئۆزىگە پايدىسىز ۋەقە يۈز بېرىپ قېلىشىدىن داۋاملىق ئەنسىرەپ تۇرغان. ھەتتا ئۆزى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ياساۋۇل بېگى ياڭ زەنشۈيگىمۇ ئىشەنچ قىلالماي، ياڭ دېشىڭنى قوشۇمچە مۇئاۋىن ياساۋۇل بېگى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنداقتىمۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، 1914-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى ياڭ دېشىڭنى قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بەگلىكىگە، قوشۇمچە قورۇقلۇق ئارمىيە بېرىگادىلىقىغا تەيىنلىگەن[27]. 1915-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى ما شاۋۋۇ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ

www.kitaphumar.com

ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەن[28]. 12-ئاينىڭ 2-كۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىنىڭ بىر يۇرتلۇقى ھەم ئۇنىڭ قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ يول باشچىسى تۆمۈر خەلپىنى ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي شتابتا موھاپىزەتچىلىرى بىلەن قوشۇپ قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن، ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئاساسەن «ما فۇشىڭ بولىدىكەن ياڭ زېڭشىن بولىدۇ، ياڭ زېڭشىن بولىدىكەن ما فۇشىڭ بولىدۇ» دەپ قەسەم بېرىشىپ دوستلاشقان[29] ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ــ خۇيزۇ قوشۇنىنىڭ سەردارى ما فۇشىڭ 20 نەچچە باتالىيون ئەسكەرنى باشلاپ قەشقەرگە كەلگەن. 12-ئاينىڭ 16-كۈنى ئىلگىرىكى ياساۋۇل بېگى ياڭ دېشىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ما فۇشىڭ ياساۋۇل بېگى، ئوغلى ما جىۋۇ ياردەمچى دوتەي بولۇپ ۋەزىپىدە ئولتۇرغان. يەنە ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئىنىسى ياڭ زېڭبىننى قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت دوتەيلىكىگە قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن[30]. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ما شاۋۋۇ بىلەن ما فۇشىڭدىن ئىبارەت ئىككى خۇيزۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان.

ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، «ما شاۋۋۇ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا ئۇستا، كۆپنى كۆرگەن، بىلىمى مول، قەشقەردىكى خۇيزۇلار ئىچىدە ئابرۇيلۇق بولۇپ، بىر مەزگىل قەشقەردە قازى بولغان. ما فۇشىڭنىڭ يۈننەنلىك ئايالى ما شاۋۋۇنىڭ مۇخلىسى بولۇپ، ما شاۋۋۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەن ۋە ما شاۋۋۇنى نەدىلا كۆرسە ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ ‹ئۇستازىم› دەپ باش قويغان»[31]. مەلۇمكى، ما شاۋۋۇ قەشقەر كونا شەھەرنىڭ ئامبىلى، ئەمما مافۇشىڭ قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بېگى، يەنى پۈتۈن قەشقەرگە «تىتەي»(«تۇتۇق بېگى»نىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى) بولغاچقا، ما فۇشىڭنىڭ ئۆز ئايالىنىڭ ئۆزىدىن باشقا مەزھەپتىكى ھەم ناھايىتى تۆۋەن مەنسەپتىكى مەمۇرىي ئەمەلدار ما شاۋۋۇنى ئۇستاز تۇتۇپ، كۆرگەنلا يەردە ئۇنىڭغا تىزلىنىپ سالام قىلىشى ئۇنىڭ نەزىرىدە «ما فۇشىڭنىڭ يۈزىنى چۈشۈرگەنلىك» بولۇپ، قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. دەرۋەقە، «ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى تۆت شەھەر (قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن)نىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭ پىيادە قىسىملىرى، ئاتلىق قوشۇنلىرى، توپچى قىسىملىرى بولۇپ ئون مىڭغا يېقىن ئادىمى بولغان. شۇ چاغدا بۇ قوشۇنلار قەشقەرنىڭ كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەركەن، مارالبېشى ناھىيەلىرى ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا تۇرغان»[32]. شۇڭا ئۇ «ئاچچىقىدا ما شاۋۋۇنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغان. ما شاۋۋۇ دەردىنى ئىچىدە بىلسىمۇ، ئەمما قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۆچ ئېلىش پەيتىنى كۈتكەن. ئۇ قەشقەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ياڭ زېڭشىنغا ئەرز قىلغان. ياڭ زېڭشىن ما شاۋۋۇنىڭ دىنىي ساھەدە ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خۇيزۇ تالىپلىرىنى يېنىغا تارتىپ ئۆزى ئۈچۈن كەتمەن چاپتۇرماقچى بولغان ھەم ما شاۋۋۇنى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىگە ھاكىملىققا تەيىنلەپ، ساداقىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان»[33]. ئەمما 1917-يىلى 1-ئاينىڭ

13-كۈنى جۇ رۇيچىنى قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىگە بەلگىلىگەن[34]. ئۆزىنىڭ ئوغلى، يەنى ياردەمچى دوتەي ما جىۋۇنى دوتەيلىككە ئولتۇرغۇزۇش تاماسىدا يۈرسىمۇ، ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆز ئىنىسى ياڭ زىڭبىننى قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت دوتەيلىكىگە بەلگىلىگەنلىكى سەۋەبلىك غىلىڭ قىلالماي يۈرگەن ما فۇشىڭ ئەمدىلىكتە جۇ رۇيچىنىڭ قەشقەرگە دوتەي بولغانلىقىدىن كۆڭلىدە نارازى بولغان. ئويلىغانلىرىنىڭ ئەكسىچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى پۈتۈنلەي جۇ رۇيچىدىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ قويغاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ يۈرگەن. بىر ئاز چاندۇرۇپ قويغاندا بولسا، جۇ رۇيچى ئۆزىنىڭ مەمۇرىي ئەملدار، ما فۇشىڭنىڭ ھەربىي ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئارتۇقچە بىر نېمە دېيەلمىگەن. ما فۇشىڭ يەنە پەيتىنى كەلتۈرۈپ جۇ رۇيچىنى ياڭ زېڭشىنغا مەخپىي ھالدا چېقىپمۇ ئۈلگۈرگەن. بۇنىڭدىن خەۋەرسىز جۇ رۇيچى ياڭ زېڭشىنغا ئەھۋال ئېيتقان بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن قەشقەرنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بىلەن ھەربىي ئەمەلدارىنىڭ بەك ئىتتىپاق بولۇپ كېتىشىنى خالاپ كەتمىگەچكە ئاڭلىماسقا سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن.

دېمەك، ياڭ زېڭشىن دەسلەپ ما فۇشىڭنى ھەر تەرەپتىن قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلىكتىن، ئۇ قەشقەردە «ئۆزى خان، ئۆزى بەگ» بولغان ئەيش-ئىشرەتلىك ھۆكۈمرانلىق ھاياتىنى باشلىغان. خەلققە ھەددى-ھېسابسىز زۇلۇم سېلىپ، «موم ئالۋىڭى» بىلەن خەلقنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلغان بولسا، «قۇشقاچ ئالۋىڭى» بىلەن قەشقەر خەلقىنى سەرسان-سەرگەردان قىلغان.... ما فۇشىڭ ئۈستىدىن ياڭ زېڭشىنغا نۇرغۇن ئەرز-شىكايەتلەر بارغان بولسىمۇ، ئۇ قۇلاق يوپۇرۇۋېلىپ قەستەن قانات ئاستىغا ئالغان. نەتىجىدە ما فۇشىڭنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، نىيىتى تېخىمۇ يامانلىشىپ، قىسىملارنى 30 باتالىيونغا يەتكۈزگەن. ھەتتا ئۆزىنى «پاشا» («پادىشاھ») دەپ ئاتىۋېلىپ، تېخىمۇ كۆرەڭلىگەن. بۇنىڭدىن گۇمانلانغان ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا قوشۇننى قىسقارتىشنى بۇيرۇغاندا رەت قىلغان ھەم ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن چىقىپ كېتىشكە، ھەتتا ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا چىقىشقا ئۇرۇنغان. شۇڭا ئۇ تاشقى جەھەتتە چاررۇسىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، يولى كەلگەندە چەت ئەللەرنىڭ مەدەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ «مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلىتى» قۇرماقچى بولغان. ئىچكى جەھەتتە جىمىنىڭ ئۇرۇشىدا يېڭىلگەن فېڭ يۈشياڭ بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، ياڭ زېڭشىننى يوقىتىپ ئۆزى شىنجاڭنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە، جېجياڭلىق خوتۇنىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ تۇغقان يوقلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ شىمالىي مىلىتارىستلاردىن ساۋكۈنگە سوغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق «قوۋۇقچى سانغۇن» ئەملى ۋە يەتتە شىر سۈرىتى نەقىشلەنگەن مىسران قىلىچ بىلەن بىر يۈرۈش ئالىي سانغۇنلۇق سۆلەت

كېيىمگە ئېرىشكەن. ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ياك زىگشىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ما فۇشىڭنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە بەل باغلىغان.

بىراق، قوشۇنى ئۆلكە ئارمىيەسىدەك مۇنتىزىم ھەم توپچى قىسمى 90 زەمبىرەككە ئىگە بولغان ما فۇشىڭنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئانچە ئاسان ئەمەس بولغاچقا، ياك زىگشىن ئۆزىنىڭ كونا ھۈنىرىنى يەنە بىر قېتىم بازارغا سېلىپ، قايتا-قايتا پىلان تۈزۈش ئارقىلىق «خۇيزۇلارنى خۇيزۇلار ئارقىلىق تىزگىنلەش»نى قارار قىلغان. شۇڭا ئۇ ما فۇشىڭ بىلەن باشقا مەزھەپتىن بولغان ھەم ئەينى ۋاقىتتا مافۇشىڭ تەرىپىدىن قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغىنىغا كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۇچتۇرپان ئامبىلى ما شاۋۋودىن پايدىلىنىش غەرىزىدە 1924-يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنى پىلان تۈزۈشكە ئۈرۈمچىگە چاقىرتقان. پىلان بويىچە ئۇ ئۇچتۇرپانغا قايتىپ تەييارلىق قىلىدىغان، قوماندان ئې يىڭ، سەنمۇجاڭ جاڭ زىچېڭ ئىككىسى 12 باتالىيوننى باشلاپ ئاقسۇغا كېلىپ ما شاۋۋوغا قوشۇلۇپ ھەمكارلىشىدىغان ھەم ما شاۋۋونىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدا ھەرىكەتكە كېلىپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ كېلىشكەن. ما شاۋۋۇ ئۇچتۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، دەرھال ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەييارلاپ چوڭ قوشۇنىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ئاقسۇدا ئۇچراشقان. ئاگغىچە تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردىن تەشكىللەنگەن قىسىملار بىلەن مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلىدىن كەلگەن ئىككى باتالىيون ئۇلارغا قوشۇلغان. ئاندىن ئۇلار ئىككى يولغا بۆلۈنگەن. مارالبېشى ئارقىلىق ماڭغان قوشۇنغا ئې يىڭ، ئۇچتۇرپان قاقشال يولى ئارقىلىق ماڭغان قوشۇنغا ما شاۋۋۇ باشلامچىلىق قىلغان. ئۇلار چەبدەسلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئون نەچچە كۈنلۈك يولنى يەتتە كۈندە ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1924-يىلى 4-ئاينىڭ 28-كۈنى ئاتۇشتا ئۇچراشقان. قەشقەرگە بارىدىغان بارلىق يوللارنى قاتتىق قامال قىلىپ، يولۇچىلار ۋە سودىگەرلەرنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ قويۇپ، ما فۇشىڭنىڭ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشتىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. بۇ دەل ما فۇشىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى تۈپەيلىدىن يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەردىكى كوماندىر، ئەسكەرلەر تۆت كۈنلۈك ئارام ئېلىشقا قويۇپ بېرىلگەن، مۇداپىئەسى بوشىشىپ قالغان ۋاقىتقا توغرا كەلگەن. ما شاۋۋۇ ئاتۇشتا بىر ئاز ئارام ئېلىپ، سېپىلگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاسما شوتا قاتارلىقلارنى ياسىتىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىۋالغاندىن كېيىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، كېچىلەپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپ، ما فۇشىڭغا جازا يۈرۈش قىلغان. تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى يېڭىشەھەر قورغىنىغا يېقىنلاشقان. شۇنداق قىلىپ 1924-يىلى 4-ئاينىڭ 29-كۈنى تاڭ سەھەر يېڭىشەھەر قورغىنى ما شاۋۋۇ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان. ما فۇشىڭ ئۇخلاۋاتقان كارۋىتىدا تىرىك قولغا چۈشكەن. جاڭ زىچېڭ باشچىلىقىدىكى يەنە بىر قىسىم قوشۇن كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ما جىۋۇ قوشۇنلىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان. ما جىۋۇ يامۇل قورغىنىدىكى تۆت قەۋەتلىك راۋاق ئۈستىگە

www.kitaphumar.com

چىقىۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئىككى سائەتچە ئېتىشقاندىن كېيىن، ماجۇۋغا ئوق تېگىپ ئۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ما شاۋۋۇنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىنغان.

ما فۇشىڭ قولغا چۈشكەندىن كېيىن ھەربىي ھوقۇق تاپشۇرۇپ، قىسمىدىن ئايرىلىپ ئاددىي پۇقرا بولۇپ ياشاشنى ئارقا-ئارقىدىن تەلەپ قىلغان. بىراق، ما شاۋۋۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، «ما فۇشىڭ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، شۇڭا ئېتىپ تاشلاندى» دەپ ياڭ زېڭشىنغا يالغان مەلۇمات يوللاپ قويۇپ ئەتىسى، يەنى 4-ئاينىڭ 30 كۈنى ما فۇشىڭنى يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا يالاپ ئاپارغاندىن كېيىن، ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن[35]. يەنە بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياڭ زېڭشىن گەرچە ما شاۋۋۇنى زور قوشۇنغا باش قىلىپ، ما فۇشىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاشلىقى تۈپەيلىدىن ما شاۋۋۇ يېنىۋېلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ «خۇيزۇلار ئارقىلىق خۇيزۇلارنى تىزگىنلەش» ھىيلىسى ئاقماي قېلىپ، ئۇيلىمىغان يەردىن ما شاۋۋۇ بىلەن ما فۇشىڭ ئىككىسى بىرلىشىۋالسا، شۇ قاتارلىق زور قوشۇن ۋە تاج-تەختتىن بىر يولى قۇرۇق قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئىنىسىنىڭ ئوغلى ياڭ شىنلىن قاتارلىقلارنى ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرمايلا قەشقەرگە ئەۋەتكەن. ياڭ شىنلىن قەشقەرگە كەلگەندە ما فۇشىڭ ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈلگەن. ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن ياڭ شىنلىن ما شاۋۋۇنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ھەم ئۈرۈمچىگە قايتىپ، ياڭ زېڭشىنغا ما فۇشىڭنىڭ ئۆلۈمگە دائىر ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىنى دوكلات قىلغان. ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىن ما فۇشىڭنىڭ ئۆلۈمگە بىر ئاز ئۆكۈنگەن[36]. بىراق، «ما فۇشىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلگەندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن ھەرقايسى جايلارغا ئېلان چىقىرىپ، ما فۇشىڭنىڭ ئۇن چوڭ جىنايىتىنى كۆرسەتكەن»[37] ئىكەن.

مانا بۇ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ياڭ زېڭشىن باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قەشقەردە ئوينىغان بىر قېتىملىق «سىياسىي ئويۇنى»نىڭ قىسقىچە جەريانى. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن سىيىت نوچىنىڭ ئۆلۈمى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ «سىياسىي ئويۇنى»نىڭ «بىر كۆرۈنۈشى» دەيمىز؟

چۈنكى، بىز يۇقىرىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى ئىنچىكە كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا، شۇنى ئېنىق ھېس قىلالايمىزكى، ياڭ زېڭشىن 1912-يىلى چاررۇسىيە قوشۇنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ئامالسىز ھالدا «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» ئەزالىرىدىن ئىككى باتالىيون تەشكىللەپ قارشى تۇرۇشقا يول قويغان. ئەمما ئىش پۈتكەندە ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرغان. يەنە شۇ يىلى قۇمۇلدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنى باستۇرالماي بېشى قاتقاندا، ئۆزىنىڭ «مۇسۇلمان ئارقىلىق مۇسۇلماننى تىزگىنلەش» تاكتىكىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ما فۇشىڭدىن پايدىلانغان. ئىش پۈتكەندە «قەسەم بېرىپ» دوستلاشقان. ما فۇشىڭ كۈرەڭلەپ كەتكەندە بولسا، قەشقەرنىڭ ياساۋۇل

بېگى قىلىپ ئەۋەتىپ، ۋاقىتلىق كۆزدىن يوقاتقان. ئەمما ما فۇشىلىك بىلەن ما شاۋۋۇدىن ئىبارەت ئىككى خۇيزۇنىڭ بىرلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىقنى قۇلاق يوپۇرۇۋېلىپ، ما فۇشىڭنى قوللىغان. ما شاۋۋۇ ياڭ زېڭشىنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بارغاندا بولسا، ما شاۋۋۇنى ئۈچتۇرپاننىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەش ئارقىلىق «تەسەللىي» بەرگەن. ما شاۋۋۇ مۇشۇ مەزگىلدە يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىشقا باشلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ياڭ زېڭشىن «خۇيزۇلار ئارقىلىق خۇيزۇلارنى تىزگىنلەش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ما فۇشىڭنى يوقىتىشتا ما شاۋۋۇدىن پايدىلانماقچى بولغان ھەم ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىنى بەرمەكچى بولغان. ئۈچتۇرپان ئامبىلى ما شاۋۋۇ مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە غۇلجىدىن ئۈچتۇرپانغا كېلىپ قالغان سىيىت نوچىغا «قۇرئان» تۇتۇپ «قەسەم» بېرىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن. بىراق، مۇشۇ مەزگىلدە ئۈچتۇرپاندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» ئەزالىرى سىيىت نوچىنىڭ ما شاۋۋۇنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن «سىيىت نوچى ۋەقەسى» كېلىپ چىققان[38].

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، «سىيىت نوچىنى پايلاپ يۈرگەن ھەربىي-مەمۇرىيلار ما شاۋۋۇغا سىيىت نوچىنىڭ ‹قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى›دىكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى مەلۇم قىلغاندا، ما شاۋۋۇ سىيىت نوچى ئارقىلىق ماتىتەيىنى، ما تىتەي ئارقىلىق سىيىت نوچىنى يوقاتماقچى بولغان»[39]. بۇ يەردىكى «سىيىت نوچى ئارقىلىق ماتىتەيىنى، ما تىتەي ئارقىلىق سىيىت نوچىنى يوقاتماقچى بولغان» دېگەن مەلۇماتتىن ما شاۋۋۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىيامەتلىك دۈشمىنى بولمىش ما فۇشىڭ، يەنى ماتىتەيىنى يوقىتىشتا يالغۇز سىيىت نوچىدىن ئەمەس، بەلكى سىيىت نوچى ئارقىلىق «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ كۈچىدىن پايدىلانماقچى بولغانلىقى ئايان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ما فۇشىڭنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا «بىرلىككە كەلگەن مۇسۇلمان دۆلىتى» قۇرماقچى بولۇشى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەچكە، ما شاۋۋۇنىڭ بىر ئامال قىلىپ ما فۇشىڭنى يوقىتىشىنى سوۋېت تەرەپمۇ قوللىغان. بىراق، شۇ مەزگىلدە ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن ياڭ زېڭشىن بۇيرۇق چۈشۈرسىمۇ ئاڭلىماي، ئۇنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋاتقان ما فۇشىڭنى يالغۇز سىيىت نوچى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، ما شاۋۋۇ ئۆزىنىڭ ما فۇشىڭدىكى تارىخىي ئۆچىنى ئېلىشتا ئامالسىز رەۋىشتە «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»دەك ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەردىن پايدىلانماقچى بولغان. شۇڭا، سىيىت نوچى غۇلجىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۈچتۇرپاندا ما شاۋۋۇغا تۇنجى قېتىم يولۇقۇپ قالغاندىلا، سىيىت نوچىنى ئۆلتۈرىۋېتىش غەرىزى بولسىمۇ، سىيىت نوچىنىڭ ئاما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ۋە مەمتىمىن شېيىتەي ۋاقىدەك يەرلىك يۇقىرى قاتلام

ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن دەماللىققا ئۇنىڭغا قول سالمىغان. ئۇنىڭ ھېلىقى قىمارخانىدىكى جېدەل تۈپەيلىدىن ئون نەچچە ئەسكەرنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتكەنلىكى ۋە «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»دىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، سىيىت نوچى ئارقىلىق «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» دىن پايدىلىنىش ئويىغا كەلگەن. سىيىت نوچىنىڭ شىيەتەي يامۇلىغا قاراشلىق چېرىكلەرنىڭ مەشقاۋۇللۇقىنى مەقسەتلىك قوبۇل قىلغانلىقىدىكى ھەقىقىي مەقسىتىنى بىلمەي، ئەكسىچە «يولۋاس ئۆزلۈكىدىن قەپەزگە كىرگەندەك» ھېس قىلىپ خاتىرجەم بولغان. سىيىت نوچىمۇ خاراكتېرىدىكى دەۋرگە خاس ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن قىسقا بىر مەزگىل ئۇنىڭ ئىزىغا دەسسىگەن. ئاز كۈن ئۆتمەي، سىيىت نوچى ئۇچتۇرپاندىكى ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى، مۇھىمى ما شاۋۇنىڭ مۇنداق «دوستانە ئىلتىپات» كۆرسىتىشتىكى مەقسىتىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ، قەشقەرگە قايتماقچى بولغان. قەشقەرگە قايتىش ئالدىدا ما شاۋۇ يەنە «يولۋاس قەپەزدىن چىقىپ كەتكەندەك» ھېسسىياتتا سىيىت نوچىنى تۇتۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغان. تۇتۇپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، ئۇنى قەتئىي ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىدە دەرھال «جۇ دوتەيگە خەت يېزىپ بېرەي، ئالغاچ كەت» دەپ «سالام خەت ھېيلىسى»نى قوللانغان.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، خەلق ئىچىدە ساقلانغان ئاغزاكى مەلۇماتلاردا بولسۇن ياكى سىيىت نوچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قوشاق-داستانلاردىكى مەلۇماتلاردا بولسۇن ما شاۋۇ يېزىپ بەرگەن «سالام خەت» ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ، ئۇ سىيىت نوچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىكى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن. قانداقلا بولمىسۇن بۇ قاراشنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقى بىر ئەمەلىيەت. شۇنداقتىمۇ بۇ پەقەت مەسىلىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بولۇپ، زادى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ تۈپكى سەۋەبى ئاتالمىش «سالام خەت» بىلەن نىقابلانغان. ئەمما سىيىت نوچىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى تەرىپىدىن ئاتالمىش «ئۆلۈم خېتى» يېزىلىشىغا تېگىشلىك بولمىش «جىنايىتى» دەل ئۇنىڭ ئىلگىرى «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشقانلىقى، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلىپ قېچىپ يۈرگەنلىكى، بۇ جەرياندا كۈچا، قاراشەھەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ كەلگەنلىكى؛ قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جايلاردىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە ياقمايدىغان پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن، خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاچچىق قىسمەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، دۇنيا قارىشىدا بىر ئاز ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇچتۇرپاندا تۇرغان مەزگىلدە يەنە «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ قالدۇق ئەزالىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغانلىقى... قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن.

قانـداقلا بولمسـۇن، مـا شـاۋۋۇ قەشـقەرگە قايتقـان سـىيىت نوچىنىـڭ قولىغـا خەت بەرگەنلىكى ئېنىق. دەرۋەقە، ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن سىيىت نوچىغا دائىـر قوشـاقلار ۋە داسـتانلاردا سـىيىت نوچىنىـڭ ئۆزىنىـڭ ئاتـالمىش «ئۆلـۈم خېتـى»نـى ئېلىـپ كەلگەنلىكـى تىلغـا ئېلىنغـان. شـۇنىڭدەك، ئانـدا-سـاندا مەۋجـۇت بولـۇپ كېلىۋاتقـان غەيـرى رەسمىي مۇھاكىمىلەردە ياكى يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان «كروران»، «مىسرانىم» قاتارلىق تـور بېكەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان سىيىت نوچىغا مۇناسىۋەتلىك يازمىلار ۋە ئۇ ھەقتىكـى ئىنكاسـلاردا سىيىت نوچى ئەكەلگەن «سالام خەت»نىڭ ئەمەلىيەتـتە ئۆزىنىـڭ «ئۆلۈمنامىسـى» ئىكەنلىكـى ئۇزۇكسىز ئەسكەرتىلمەكتە. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، سىيىت نوچى ئەكەلگەن «خەت» ئەمەلىيەتتە ئـادەتتىكى «سـالام خەت» بولـۇپ، مـا شـاۋۋۇ سـىيىت نـوچىنى ئۇزاتقانـدىن كېـيىن، دەرھـال قەشقەرنىڭ دوتىيى جۇ رۈيچىگە «سىم قېقىپ»، يەنـى تېلېگرامـا ئـارقىلىق سـىيىت نوچىنىـڭ ھەققىي «ئۆلۈمنامىسى»، كونكرېت ئېيتقاندا ئۇنىـڭ قەشـقەرگە بارغـان ھامـان ئۆلتۈرۈلۈشـىگە تېگىشلىك «جىنايەتلىرى» تەپسىلىي يېزىلغان مەخپىي «سالام خەت»نى يوللاش ئـارقىلىق جـۇ رۈيچىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈنگەن. ئاندىن يەنە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ياڭ زېڭشىـنىنى خەۋەرلەنـدۈرۈش ئـارقىلىق، بـۇ «ئۆتۈنۈشـى»نـى قـاتتىق بـۇيرۇق، يەنـى «خـان يارلىقى»غا ئايلانـدۇرغان. خەلـق داستانچىسـى شـاھ مـۇھەممەد تەرىپىـدىن ئېيتىلىـپ كەلـگەن «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ خوتەن ۋارىيانتىدا دەل مۇشۇ مەسىلە، يەنى ما شـاۋۋۇنىڭ سـىيىت نوچىنى قەشقەرگە ئۇزاتقاندىن كېيىن، يۇقىرى تۆۋەنگە «سىم قېقىش»، يەنـى تېلېگرامـا يـاكى تېلېفـون بېـرىش ئەھـۋالى تىلغـا ئېلىنغـان. ئەمەلىيەتتـمۇ يـاڭ زېڭشـىن دەۋرىـدىن ئىلگـىرىلا تېلېگرامــا ئىشــلىتىلگەن بولــۇپ، 1892-يىلــى ئۈرۈمچىــدىن قەشــقەرگە تېلېگــراف ســىمى تۇتاشتۇرۇلغان. 1895-يىلى 5-ئايدا تېلېگراف لىنىيەسى تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەرلەرگە، 7-ئايـدا سـىملىق تېلېگـراف لىنىيەسـى قەشـقەردىن ئەركەشـتام قاراۋۇلخانىسـىغا تۇتاشـتۇرۇلۇپ، چاررۇسـىيەنىڭ تېلېگـراف لىنىيەسـىگە ئۇلانغـان. 1913-يىلـى 4-ئاينىـڭ 1-كـۈنى قاتنـاش مىنىستىرلىقى تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتكەندە قەشقەر تېلېگراف ئىدارىسى 2-خىلـدىكى، قەشقەر كونىشەھەر تېلېگـراف ئىدارىسـى 3-خىلـدىكى «B» دەرىجىلىـك تېلېگـراف ئىدارىسى بولۇپ بېكىتىلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي تېلېفون سىمى تارتىلىپ، تېلېفون ئالاقىسى يولغا قويۇلغـان. ھەتتـا 1917-يىلـى قەشـقەر كونىشـەھەردىن ئەركەشـتام قاراۋۇلخانىسـىغا قەدەر تېلېگراف، تېلېفون سىمى تارتىلغان[40].

«سالام خەت ھېيلىسى» بىلەن ما شاۋۋۇ يەنە تۆۋەندىكىدەك بىـر قـانچە مەقسـەتكىمۇ تەڭ يەتكەن بولۇپ، بىر تەرەپتىن سىيىت نوچىغا بەرگەن «سالام خەت» ئۇنىڭ كـۆڭلىنى ۋاقىتلىـق تىندۇرۇپ، ئۇدۇل قەشقەرگە بېرىپ، ئۆلۈمنى كۈتـۈپ تۇرۇشـقا شـارائىت ھازىرلىغـان. يەنە بىـر تەرەپتىن جـۇ رۈيچىگـە «سـىم قـېقىش» ئـارقىلىق ئەۋەتـكەن «ئالاھىـدە سـالام خەت» بىلـەن

www.kitaphumar.com

ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ قويغان. بولۇپمۇ سىيىت نوچىنىڭ ئاتالمىش «جىنايەتلىرى»دىن جىددىي مەلۇمات بېرىپ، سىيىت نوچىنىڭ قەشقەردە ئىش تېرىپ قويۇش مۇمكىنلىكىنى ئىپادىلەپ خەت يېزىش ئارقىلىق جۇ دوتەيىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان ھەم ئۇنىڭ سىيىت نوچىنى بىر تەرەپ قىلىشقا نىسبەتەن پوزىتسىيەسىنى كەسكىنلەشتۈرگەن. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە «سالام خەت ھېيلىسى» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قوشۇن باشلاپ ما فۇشىڭنى يوقاتقىلى كېلىۋاتقانلىقىنى جۇ رۇيچىدىنمۇ ۋاقتىنچە يوشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن. ئۇنىڭ ئاتۇشقا كېلىپلا قەشقەرگە بارىدىغان يولنى قامال قىلىپ، ھەر قانداق ئادەمنى ئۆتكۈزمىگەنلىكى، قەشقەرگە كېچىسى قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ما فۇشىڭنى ئۇخلاۋاتقان كارۋىتىدا تىرىك قولغا چۈشۈرگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرسە كېرەك. ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ما شاۋۇۋ قەشقەرگە قوشۇن تارتىپ، ما فۇشىڭنى يوقاتقاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىنى بېرىشنى ۋەدە قىلغان ھەم ئىش پۈتكەندە ئۇنى راستتىنلا قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىگە قويغانلىقى[41] يۇقىرىدىكى قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇنداقتا، جۇ رۇيچى نېمە ئۈچۈن ما شاۋۇنىڭ «سالام خەت ھېيلىسى»گە ئۇسسۇل ئويناپ، سىيىت نوچىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ؟

بىرىنچىدىن، جۇ رۇيچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىدە قەشقەرنى ئۇزاق مەزگىل ئېلىكىدە تۇتۇپ تۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن خەلقنىڭ روھىنى ۋە جىسمانىيىتىنى خاراب قىلىشقا يۈزلىنىپ، قاتمۇ قات ــ قات زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە تاۋلىنىپ يېتىلگەن «قەشقەر خەلقىنىڭ مۇشتى» بولغان سىيىت نوچى قاتارلىق ئەركەكلەرنى يوقىتىپ، «قەشقەر خەلقىنى ئومۇمىيۈزلۈك سۇندۇرۇش» ئارقىلىق ئۆزىگە شەرتسىز بوي سۇنىدىغان قىلىشنى ھۆكۈمرانلىق تەختىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن جان تىكىپ خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھازىرقىدەك يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن جۇ رۇيچى ما شاۋۇ ئالدىن تەمىنلىگەن مەخپىي مەلۇماتقا ئاساسەن ھۆكۈمەتكە قارشى «قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشقان سىيىت نوچىنى ئۆلتۈرۈشى ئېنىق.

ئىككىنچىدىن، ما شاۋۇنىڭ مەخپىي مەلۇماتىنى ئالىلقاچان تاپشۇرۇپ ئالغان جۇ رۇيچى سىيىت نوچىدەك ھەممەيلەن سۆيۈنۈپ تىلغا ئالىدىغان بىر خەلق باتۇرىغا قول سېلىشتا ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى تەسىرى ۋە ئىناۋىتىنى نەزەرگە ئېلىپ بىر ئاز ئېھتىيات قىلغان بولۇپ، قەشقەر خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن بولۇشى، قول سالماي دېسە، سىيىت نوچىنىڭ قەشقەردە ئىش تېرىپ، ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مۇشۇنداق دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندا، ما شاۋۇنىڭ «ئۆتۈنۈشى» ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن كەلگەن «خان يارلىقى»غا ئۆزگەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلچە

www.kitaphumar.com

ئىككىلەنمەستىنلا: «سىيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ كەپتۇ، مېنىڭ ئۆلتۈرمەسكە ئىلاجىم يوق، چۈنكى بۇ خاننىڭ يارلىقى» دەپ سىيىت نوچىنى يوقاتقان. بۇ ئارقىلىق قەشقەر خەلقىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئاتالمىش «ئۆلۈم خېتى»گە بۇرۇۋېتىپ، بۇ جىنايى قىلمىشتىكى ئاساسلىق سەۋەبنى ئاۋۋال باشقىلارغا، يەنى ما شاۋۋۇغا، ئاندىن «ئۆلۈم خېتى»نى «يۈتتۈرۈۋەتمىگەن» ھەم «كۆيدۈرۈۋەتمىگەن» سىيىت نوچىنىڭ ئۆزىگە دۆڭگەپ قۇتۇلماقچى بولغان. ئوردىدىكى چوڭ-كىچىك قارا نىيەتلەرنىڭ ھەممىسى گېپىنى بىر قىلىپ ئوخشاش گەپ تارقاتقان. بۇ ئارقىلىق جۇ دوتەي ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ئۇنۇملۇك يوشۇرغان. نەتىجىدە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يۇقىرىدىكىدەك «سىياسىي ئويۇنى»نىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن خەۋەرسىز خەلق ئاممىسى سىيىت نوچىنىڭ ئۆزى ئەكەلگەن «ئۆلۈم خېتى» تۈپەيلىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغان. ھەتتا كېيىنچە ھۆكۈمرانلارنىڭ غالچىلىرى تەرىپىدىن توقۇلغان.

مەن ساڭا ئېچىل ئامراق،
ئۆلتۈرەي سېنى قانداق؟
ئۆلتۈرمەي دېسەم، نوچى،
خاننىڭ يارلىقى شۇنداق!

دېگەن قوشاقلارمۇ خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، بارا-بارا «سىيىت نوچى» داستانلىرىدىن ئورۇن ئالغان. بۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خەلقمىزنى ئۆزىنىڭ غايىسى ئۈچۈن قۇربان قىلىش مەقسىتىدە ئوينىغان يىرگىنىشلىك «سىياسىي ئويۇنى»نىڭ ھەقىقىي ئارقا كۆرۈنۈشى پەردىلىنىپ، غەرەزلىك ياساپ چىقىلغان يۇقىرىدىكىدەك ئارقا كۆرۈنۈشى، يەنى پىتنە-پاساتلار چىنلىق سۈپىتىدە خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن.

دېمەك، ما شاۋۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ما فۇشىڭدىكى تارىخىي ئۆچىنى ئېلىش، ئاندىن ئۆزى ئىچكى جەھەتتىن خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئارزۇسى بىلەن قەشقەرنىڭ دوتىيى جۇ رۈيچىگە سىيىت نوچىنىڭ ئاتالمىش «جىنايەتلىرى»نى ئالدىن مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، يەنە ياڭ زېڭشىننىڭ «خان يارلىقى» ئارقىلىق جۇ رۈيچىنى ئىشقا سېلىپ، سىيىت نوچىنى ئۆلتۈرگەن. شۇڭا، ئەينى دەۋردىكى ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتنى چىقىش قىلغان ئاساستا شۇنداق ئېيتالايمىزكى، سىيىت نوچى تراگېدىيەسىنىڭ پىلانلىغۇچىسى ما شاۋۇ، يېتەكچىسى ياڭ زېڭشىن، قوللىغۇچىسى سوۋېت ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئىجراچىسى جۇ رۈيچىدىن ئىبارەت.

بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويىدىغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، «سىيىت نوچى قوشاقلىرى» بىلەن «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدا ئۇچتۇرۇپان ئامبىلى ما شاۋۋۇنىڭ قەشقەر ھۆكۈمدارلىرىغا خەت يازغانلىقى ئوخشاش تىلغا ئېلىنىدۇ. بىراق، خەت تاپشۇرۇپ ئالغۇچى بىردەك ئەمەس، يەنى، ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ماتىتەي، خەن دارىن، جاڭ جۈڭخان قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىدۇ. قەشقەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇلغاندا شۇ ۋاقىتتا يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ما تىتەي بىلەن جۇ دوتەي قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ، تارىخىي زىددىيەتنى تۇپەيلىدىن ما شاۋۋۇنىڭ ما فۇشىڭغا خەت يېزىشى، يازغان تەقدىردە ما فۇشىڭنىڭ خەت بويىچە ئىش قىلىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ماشاۋۋۇنىڭ خەتنى جۇ دوتەيگە يازغانلىقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

3

سىيىت نوچىنىڭ ئەسلىي كېلىپ چىقىشى گەرچە ئاددىي ــ ساددا ھۈنەرۋەن بولسىمۇ، لېكىن مول تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە روھى دۇنياسى ساغلام، شەخسىيەتسىز، ئاقكۆڭۈل، ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدىغان، سەممىي، مەردانە خەلق قوشاقچىسى ۋە سازەندىسى ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، ئۇنى دەرھال قوشاققا قېتىپ، راۋاب بىلەن ئېيتالايتى[42]. ئەمما ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىدە زادى قانچىلىك قوشاق ئىجاد قىلغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. بىزگە مەلۇم بولغىنى پەقەت ئۇنىڭ دەسلەپ ئۆزى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، كېيىن ئۇنىڭ بىر قىسىم تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخىي داستان «سىيىت نوچى»نىڭ بارلىققا كېلىشىگە خېمىرتۇرۇچ بولغان «سىيىت نوچى قوشاقلىرى»دىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، «سىيىت نوچى» داستانى ئۇيغۇر خەلق تارىخىي داستانلىرى ئىچىدىكى شەخسىي سەرگۈزەشتىلىك داستانلار تۈرىگە مەنسۇپ داستان. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، «شەخسىي سەرگۈزەشتىلىك داستانلارنى داستان قەھرىمانلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازانغان بۇ كىشىلەر تارىخىي قىسمەتلىرىنى قوشاق قىلىپ توقۇپ، ناخشا قىلىپ ئوقۇغان. ئۇلارنىڭ ناخشا-قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى رېئاللىققا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن. بۇ شەخسلەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كىشىلەرگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى ئاساسىدا، ئۇلار ئىجاد قىلغان ناخشا-قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، شەكلىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرگەن. نەتىجىدە بۇ خىل داستانلار مەيدانغا كەلگەن»[43]. مۇشۇ

www.kitaphumar.com

نۇقتىدىن ئېيتقاندا «سىيىت نوچى» داستانى دەل ئۇ ئۆزى ھايات چېغىدا ئۆزى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان «سىيىت نوچى قوشاقلىرى»نى خېمىرتۇرۇچ قىلىپ بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. قارىغاندا «سىيىت نوچى» داستانى سىيىت نوچى ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ يىللاردىلا پەيدا بولۇپ بولغان. 1930-يىللىرى قەشقەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولمىش «شېۋىتسىيەدىكى گۇننار ياررىڭ ساقلانمىلىرى» مۇندەرىجىسى ئىچىدە «سىيىت نوچى» داستانى ئىسمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بۇنىڭ دەلىلى[44] بولۇپ، بۇ داستانىنىڭ ئەينى دەۋردىلا خەلق ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، يەنى 2011-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك ئۇيغۇر داستانچىلىقى يىغىنىدا ئوقۇلغان ‹‹«سىيىت نوچى› داستانىنىڭ ئوخشاشمىغان تېكىستلىرى ئۈستىدە تەھلىل» ناملىق ماقالىدىن قارىغاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى 1980-يىللىرى ۋە بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تىرىك خەلق داستانچىلىرىنىڭ ئاغزىدىن «توپلاپ رەتلىگەن ‹سىيىت نوچى› داستانى تۆت خىل بولۇپ، بىر خىل ۋارىيانتى مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنغان ۋە دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلگەن. قالغان ئۈچ ۋارىيانتى ئېلان قىلىنمىغان»[45]. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئۇچۇر شۇكى، بۇ يىغىندا بىر تەتقىقاتچى «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە يەنە باشقا بىر خىل ۋارىيانتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان[46] ئىكەن. «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ ئابدۇكېرىم راھمان نەشرگە تەييارلىغان قەشقەر ۋارىيانتى ۋە شاھ مۇھەممەد ئېيتقان خوتەن ۋارىيانتىدىن قارىغاندا، داستان پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولغان ۋەقە تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلى خەلق تەرىپىدىن نىسبەتەن مۇكەممەل پىششىقلاپ ئىشلىنىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسا كېرەك. شۇڭا داستانىنىڭ سىيىت نوچىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان قىسمى بىلەن خەلق قوشاقچىلىرى تەرىپىدىن تولۇقلاپ قوشۇلغان قىسمى تولۇق ئۆزلىشىپ بولالمىغان. «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ ھەر قايسى ۋارىيانتلىرىدىكى بايان ئۆزۈكچىلىكى ۋە بايان شەكلىدىكى شەخس پەرقى يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، داستانىنىڭ زادى قايسى قىسمىدىكى قوشاقلار سىيىت نوچىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما «سىيىت نوچى» داستانىنى تەشكىل قىلغان قوشاقلار ئىچىدىكى بىرىنچى شەخس بايانىدا بېرىلگەن ھەم سىيىت نوچى تىلىدا ئىپادىلەنگەن قوشاقلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ سىيىت نوچى ھايات ۋاقتىدا ئۆزى تەرىپىدىن توقۇلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا سىيىت نوچىنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا «سىيىت نوچى» داستانىنى، بولۇپمۇ «سىيىت نوچى قوشاقلىرى»نى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى مەزكۇر داستانىنى تەشكىل قىلغۇچى قوشاقلارنىڭ كۆپ قىسمىدا سىيىت نوچىنىڭ ئەگرى-توقاي تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ياقلاپ ناھاقچىلىككە

قارشى تۇرىدىغان، ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان سەممىي، ئاق كۆڭۈل؛ ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە قارىتا ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزەلمەيدىغان ساددا، ئەمما مەردانە روھى دۇنياسى مېھنەتكەش خەلقىمىز تەرىپىدىن بېرىلگەن بەدىئىي زىننەت ئاساسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، 1960-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» ناملىق كىتابتىن قارىغاندا سىيىت نوچىنىڭ:

يېتىم دەيسەن، غېرىپ دەيسەن،
نەزىرىڭگە ئىلمايسەن.
كەمبەغەللەر دادىغا
ھەرگىز قۇلاق سالمايسەن.
يېتىم، غېرىپ، مىسكىن دەپ،
ئازار بەرمە ھەي زالىم.
سەندەك بى رەھىملەرنى،
دوزاق يۇتسۇن ئىلاھىم.

دېگەن قوشاقنى ئىجاد قىلغانلىقى، بۇ قوشاقنىڭ «يېتىملار قوشىقى» دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم. بىراق، 1971-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابقا سىيىت نوچىنىڭ بىر قاتار ئاتالمىش «رېئالىستىك قوشاقلىرى» كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ بۆگۈنكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ سىيىت نوچى ئىجادىيىتى ۋە ئىدىيەسى ھەققىدە ئەينى دەۋر ئەمەلىيىتىدىن مۇستەسنا ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان غەلىتە مۇھاكىمىسى ھەم يەكۈنلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. شۇڭا، يۇقىرىدىكى كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «سىيىت نوچى قوشاقلىرى»غا چوقۇم ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي شارائىت، بولۇپمۇ سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇۋاتقان دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى، جۈملىدىن، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ھەم جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە قوللانغان تۈپكى سىياسىتى نۇقتىسىدىن ئوبيېكتىپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، سىيىت نوچى ئۆز زامانىسىنىڭ خەلق باتۇرى ۋە خەلق قوشاقچىسى بولۇپلا قالماستىن پىشقان سازەندىسى — راۋابچىسى ئىدى. خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇرۇنقى نوچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك راۋاب چالالايتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا «راۋاب چېلىش ماھارىتى» ئەينى دەۋردىكى خەلقىمىزنىڭ

www.kitaphumar.com

ئېڭىدا باتۇرلۇق ۋە نوچىلىقنىڭ مۇھىم بىر شەرتى ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك سىيىت نوچىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ «سىيىت نوچى» داستانىغا خېمىرتۇرۇچ قىلىنغان «سىيىت نوچى قوشاقلىرى» ئىچىدىكى:

راۋابىمنى ھەمراھ قىلىپ
يەتتىم كۇچاغا.
ئالتە چىرىك بىر بولۇپ،
ئالدى ئاراغا.
نەگە بارسام ھەمراھىم،
مېنىڭ راۋابىم.
چالسام سازىم، مادارىم،
قىلسام تاۋاپىم.
ئىلى دەريا بويىدا،
چالدىم راۋابنى.
خالاس ئەتتىم قول-يېتىمنى،
تاپتىم ساۋابنى.

دېگەن قوشاقلار بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. شۇنىڭدەك، سىيىت نوچىنىڭ شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ بىرقىسمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «سىيىت نوچى» داستانىغا داستانچىلار ۋە قىسسەخانلار تەرىپىدىن قوشۇلغان «ئەلقىسسە، سىيىت گاڭگۇڭ قارا شەھەرنىڭ بېقىنىدىكى، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ قېشىدىكى، دەريانىڭ ئېقىنىدىكى غوجىلىق بونجالىققا كېلىپ راۋابىنى ئالدى، زەخمەك ئۇرۇپ تارىغا شۇنداق لەرزان چالدى، تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ئەھلى جاپاكەش، مۇساپىر-ھۇجاۋىرلار ئۇنىڭ قولىغا قاراپ قالدى. راۋاب ئاۋازى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوت سالدى» دېگەن تارىخىي بايانلار ئۇنىڭ راۋابچى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

---

## ئىزاھلار

[1] مۇھەممەد قازى ئەيسا: «خەلقپەرۋەر باتۇر سىيىت نوچىنىڭ ھايات-ماماتى توغرىسىدا يېڭى مەلۇماتلار»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 2002-يىل 6-سان.

www.kitaphumar.com

[2] «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» 183-بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2010-يىلى نەشرى.

[3] مۇھەممەدجان سادىق: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە» 414-بەتتىكى ئىزاھات. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىلى نەشرى.

[4] ئۇچقۇنجان ئۆمەر تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق تارىخي قوشاقلىرى قامۇسى» 486-بەت. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009-يىلى نەشرى.

[5] نۇرمۇھەممەد زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 14-بەت. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995-يىلى نەشرى.

[6] ئۇچقۇنجان ئۆمەر تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق تارىخي قوشاقلىرى قامۇسى» 486-بەت. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009-يىلى نەشرى.

[7] ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 673-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998-يىلى نەشرى.

[8] مۇھەممەد كەنجى (ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پېنسيونېرى) 1961-يىلى سىيىت نوچىنىڭ ئوغلى توختى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتتە ئۇنىڭ يېشىنى سورىغاندا «40 نى باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ، ئۇنىڭدىن ئاشتىم، 50 كە بارمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. ئۇنىڭ يېشىنى 45 نىڭ ئالدى-كەينىدە دەپ پەرەز قىلغاندا ئۇنىڭ دەل 1915-ياكى 1916-يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ قەشقەردىكى «قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ پائالىيەتلىرى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، سىيىت نوچىنىڭ جانىنى ياقىغا ئېلىپ، ئاقسۇ تەۋەسىدە تۇرغان مەزگىللىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن «سىيىت نوچى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىغا دائىر بەزى مەلۇماتلار»غا قاراڭ.

[9] ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 674-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998-يىلى نەشرى.

[10] نۇرمۇھەممەد زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 16-بەت. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995-يىلى نەشرى.

[11] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 398-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىلى نەشرى.

[12] «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» 194-، 195-بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2010-يىلى نەشرى.

[13] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 396-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىلى نەشرى.

www.kitaphumar.com

[14]، [15] مۇھەممەد قازى ئەيسا: «خەلقپەرۋەر باتۇر سىيىت نوچىنىڭ ھايات-ماماتى توغرىسىدا يېڭى مەلۇماتلار»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 2002-يىل 6-سان.

[16] ما شاۋۋۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان جاسۇس ئىكەنلىكى ھەققىدە شېرىپ خۇشتارنىڭ «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابىدا بەزى مەسىلىلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ كىتابتىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، ما شاۋۋۇ ئۈچتۇرپاندا تۇرغان مەزگىلدە تۇركىستاندىكى خۇيزۇ كوممۇنىستلىرى ئارقىلىق سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان. تۆۋەندىكىلەردىن ئۇنىڭ سوۋېت تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قويۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: (1) ما شاۋۋۇ قەشقەردە ئوق تېگىپ يارىلانغاندا، سوۋېت كونسۇلىنىڭ تەكلىپى بىلەن سوۋېتكە چىقىپ داۋالانغان ۋە قايتىپ كېلىپ قەشقەرگە دوتەي بولغان. (2) 1933-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى تۆمۈر سىجاڭ (تۆمۈر ئېلى) قوشۇنى قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا، ما شاۋۋۇ قەشقەر ھاكىمىيىتى ۋە خەزىنىسىنى ما جەنساڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ ھىمايىسىدە بىر مەزگىل جان ساقلىغان. شۇ يىلى تۆمۈر سىجاڭ ئوسمان (قىرغىز) قىسمىلىرىنى قوغلاپ چىققاندا ما جەنساڭ تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ چاغدا ما شاۋۋۇ يەنە ئوكۇشلۇق ھالدا ئورنىغا قايتىپ، يەنىلا دوتەيلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغان. (3) 1935-يىلى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتكەندە ما شاۋۋۇ ئۇرۇمچىگە چاقىرتىلىپ، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1937-يىلى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەندە ما شاۋۋۇ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان. 1942-يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

[17] شېرىپ خۇشتار: «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» 309-، 310-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى نەشرى.

[18] نۇرمۇھەممەد زاماننىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابى بىلەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىدا سىيىت نوچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتى 1925-يىلى ئىكەنلىكى ئالغا سۈرۈلگەن. بىراق، ما شاۋۋۇنىڭ 1924-يىلى 4-ئاينىڭ 29 -كۈنى ما فۇشىڭنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئەتىسى ئۆلتۈرگەنلىكى، شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىگە ئولتۇرغانلىقى نەزەرگە ئېلىنسا مەسىلە ئېنىقمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. شۇڭا سىيىت نوچىنىڭ ئۆلۈمى ما فۇشىڭنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىلگىرى ئىكەنلىكى تارىخي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن — ئاپتور.

[19] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 398-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىلى نەشرى.

www.kitaphumar.com

[20] مۇھەممەدجان سادىق: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە» 416-، 417-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىلى نەشرى.
[21] چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار شاخانوف: «قىيادىكى ئوۋچىنىڭ ئاھۇ زارى» 90-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىلى نەشرى.
[22] «تارىخ ئىلمى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 424-بەت. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994-يىلى نەشرى.
[23] چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار شاخانوف: «قىيادىكى ئوۋچىنىڭ ئاھۇ زارى» 126-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىلى نەشرى.
[24] موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى» 142-بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1986-يىلى نەشرى.
[25] «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» 186-بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2010-يىلى نەشرى.
[26] شېرىپ خۇشتار: «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» 304-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى نەشرى.
[27] «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» 188-بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2010-يىلى نەشرى.
[28] چۇ جيۇ، ياڭ تەنرېن، ۋاڭ چىنفۇ: «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، «قەشقەر كونىشەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى» بىرىنچى توپلام.
[29] چېي فۇ: «ما فۇشىن ۋە ما ئائىلىسىنىڭ گۇللىنىشى بىرىنچى»، «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» تۆتىنچى توپلام.
[30] «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» 190-بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2010-يىلى نەشرى.
[31] شيا ۋېيرۇڭ: «قەشقەردىكى ‹ئىككى ما› ۋەقەسى»، «قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» بىرىنچى توپلام.
[32] چېي فۇ: «ما فۇشىن ۋە ما ئائىلىسىنىڭ گۇللىنىشى بىرىنچى»، «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» تۆتىنچى توپلام.
[33] شيا ۋېيرۇڭ: «قەشقەردىكى ‹ئىككى ما› ۋەقەسى»، «قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» بىرىنچى توپلام.
[34] «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» 191-بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2010-يىلى نەشرى.

www.kitaphumar.com

[35] چىپ فـۇ: «مـا فۇشـن ۋە مـا ئائىلىسـىنىڭ گۈللـۈك بېغـى»، «قەشـقەر تـارىخ ماتېرىياللىرى» تۆتىنچى توپلام.
[36] شـيا ۋېيـرۇڭ: «قەشـقەردىكى ‹ئىككى مـا› ۋەقەسـى»، «قەشقەر شـەھىرى تـارىخ ماتېرىياللىرى» بىرىنچى توپلام.
[37] چىپ فـۇ: «مـا فۇشـن ۋە مـا ئائىلىسـىنىڭ گۈللـۈك بېغـى»، «قەشـقەر تـارىخ ماتېرىياللىرى» تۆتىنچى توپلام.
[38] شېرىپ خۇشتار: «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» 310-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى نەشرى.
[39] يۇقىرىدىكى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.
[40] «قەشـقەر چـوڭ ئىشلار خاتىرىسـى» 187-، 192-بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشـرىياتى 2010-يىلى نەشرى.
[41] شـيا ۋېيـرۇڭ: «قەشـقەردىكى ‹ئىككى مـا› ۋەقەسـى»، «قەشقەر شـەھىرى تـارىخ ماتېرىياللىرى» بىرىنچى توپلام.
[42] نۇرمۇھەممەد زامـان: «ئۇيغـۇر ئەدەبىيـاتى تـارىخى» 11-بەت. شـىنجاڭ مائارىـپ نەشرىياتى 1995-يىلى نەشرى.
[43] ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 669-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
[44] باس-باس توردا 2011-يىلى ئېلان قىلىنغان «شىۋېتسىيەدىكى گۈنار ياررىڭ ساقلانمىلىرى»نىڭ تىزىملىكىدە «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ ئىسمى كۆرۈلىدۇ.
[45] مۇتەللىپ ئىقبال: «‹سـىيىت نـوچى› داسـتانىنىڭ ئوخشاشـمىغان تېكىسـتلىرى ئۈستىدە تەھلىل»
[46] مىسرانىم توردا 2011-يىلى ئېلان قىلىنغان مۇتەللىپ ئىقبال يازمىسى.

www.kitaphumar.com

# سىيىت نوچى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا دائىر بەزى مەلۇماتلار

مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق

سىيىت نوچى 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئۆزىنىڭ مەردانە جاسارىتى، راۋاب چېلىش ۋە قوشاق توقۇشتىكى ماھارىتى ھەم غەيرەت-شىجائىتى، شۇنىڭدەك، سۇيىقەستلىك ئۆلۈمى بەدىلىگە تارىختا ئۆچمەس ئىبرەتلىك ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن پالۋان ۋە سەنئەتكار بولۇپ، مېھنەتكەش خەلقىمىز ئۇنى يىللاردىن بېرى مۇھەببەتلىك ھەم ھەسرەتلىك ھېسسىياتى بىلەن ياد ئېتىپ كەلگەن. خەلق داستانى «سىيىت نوچى»نىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ھازىرغىچە ئوقۇلۇپ كېلىشى يۇقىرىدىكى قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، بۇ ساھەدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ نىسبەتەن كېچىكىپ قولغا ئېلىنغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ سەۋەب ۋە ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىشتەك سۇبيېكتىپ سەۋەب تۇپەيلىدىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىيىت نوچى ھەققىدىكى بەزى قەلەم تەۋرىتىشلەردە بىر قىسىم مۇجمەل نۇقتىلار روشەن كۆزگە چېلىقماقتا. بۇ ئاساسلىقى سىيىت نوچىنىڭ ھايات شەجەرىسىنى بايان قىلىش، ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە پاجىئەلىك قىسمىتىگە باھا بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتە ئىزدىنىش جەريانىدا يولۇققان سىيىت نوچىنىڭ ئارخىپىغا دائىر بەزى مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1

مەن «چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمىي ماكان ــــ بەشكېرەم» ناملىق كىتابىمنىڭ «بەشكېرەم پەرزەنتلىرى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە» دېگەن بابىغا ماتېرىيال توپلاش مەقسىتىدە ئانا يۇرتىمىز تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىنىڭ جەنۇب-شىمالىدىكى مۇناسىۋەتلىك جايلاردا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بولدۇم. بۇ جەرياندا ئاقسۇنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيەسىگە 2001-يىلى 8-ئايدا تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا ئۇچتۇرپان شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر قىسىم كىشىلەر، يەنى ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەپ پېنسىيەگە چىققان زىياۋۇدۇن ھاجى، ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىدىن پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم

www.kitaphumar.com

يازغۇچى ئىمام مۇھەممەد قاتارلىقلاردىن سىيىت نوچىنىڭ ئەسلىدە قەشقەر بەشكېرەملىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ھەم پۇرسەت چىقىرىپ بۇ ھەقتىمۇ ئىزدىنىپ بېقىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم. بۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 6-سانىدا مۇھەممەد قازى ئەيسانىڭ «خەلقپەرۋەر باتۇر سىيىت نوچىنىڭ ھايات-ماماتى توغرىسىدا يېڭى مەلۇماتلار» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ماقالىنى زور قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە خېلى ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق يېزىلغان ئىلمىي ئەسەر بولغانلىقىدىن سۆيۈندۈم ھەم ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە بەشكېرەم تەۋەسىدىكى پېشقەدەملەردىن سىيىت نوچىنىڭ دادىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆردۈم.

نەتىجىدە بەزى پېشقەدەملەر ئەينى دەۋردىكى يۇرت ئاقساقاللىرىدىن سىيىت نوچى بەشكېرەملىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بايلا كەنتىدە ئۆتكەن دەپ ئاڭلىغانلىقلىرىنى؛ يۇرتلار ئارا چېلىش بولغان كۈنلىرى يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ سىيىت نوچىنىڭ باتۇرلۇقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىدىغانلىقلىرىنى ئەسلەپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بۈگۈنكى يۇرتىمىزنىڭ بايلا كەنتىدىكى كىملەر بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر بېرەلمىدى. ئەمما بايلا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 97 ياشلىق بوۋاي ياسىن ئىبراھىم (ئازادلىقتىن ئىلگىرى مائارىپ خىزمىتى بىلەن، كېيىن پۇل مۇئامىلە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان) 2003 يىلى 7-ئاينىڭ 20-كۈنى بەشكېرەم يېزىلىق باغۋەنچىلىك پونكىتىنىڭ كادىرى سىدىق كېرىم بىلەن بىللە ئۆيىگە بېرىپ قىلىشقان سۆھبىتىمىزدە ئۆزىنىڭ ئەقىل-ھوشى جايىدا ھەم تەندۇرۇسلۇق ھالىتى بىلەن ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «1937-يىللىرى مەن بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ مەركىزى قازئېرىقتىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتىم. بىر كۈنى ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇپەتتىشلىرى خىزمەتلىرىمىزنى تەپتىش قىلغىلى چىقتى. بەشكېرەم تارماق ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى غولام قادىراجى ئۇلارنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى چۇمبۇستىكى بىر باينىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، مەكتەپ مۇدىرى ئىككىمىزنىڭ ئۇلارنى شۇ ئۆيگە باشلاپ بارىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويۇپ، داستىخان تەييارلىقىنى ئۆزى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سورۇنغا مەنمۇ قاتنىشىپ قالدىم. داستىخان تۆپىسىدە بىرەيلەن سىيىت نوچى ھەققىدە گەپ ئېچىپ ئۇنىڭ باتۇرلۇقى، راۋاب چېلىپ قوشاق توقۇشتىكى ماھىرلىقى، ئاچچىق قىسمەتلىرى ھەققىدە كۆرگەن بىلگەنلىرى ۋە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. شۇ ئارىدا غولام قادىراجى سىيىت نوچىنىڭ تەكتى بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ بايلا كەنتىدىن بولۇپ، مېنىڭمۇ بايلىلىق ئىكەنلىكىمنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئۇ كىشى مەندىن سىيىت نوچىنىڭ باشقا تۇغقانلىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈۋىدى جاۋاب بېرەلمىدىم.

ياندۇرقى ھەپتىسى ئۆيگە كەلگەندە دادامدىن سورىسام، ئۇ: ‹سىيىت نوچى دېگەن ھېلىقى

مەمەت تەۋەكنىڭ ئوغلى توختى قاغىنىڭ بالىسىغۇ-شۇ!› دەپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب بەردى. مەن يەنىمۇ كوچىلاپ سورىۋىدىم، ئۇ يەنە: ‹مەمەت دېگەن ئىسمى، تەۋەك دېگەن لەقىمى بولۇپ، ناۋاي ئەۋلادىدىن؛ بازاردا تەۋەككە ناننى ئېلىپ بېشىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ساتىدىغان بولغاچقا، ‹مەمەت تەۋەك› دەپ ئاتىلىپتىكەن. ئۇ كىشى قازا قىلغاندا مەن خېلىلا كىچىك ئىدىم. مەمەت تەۋەكنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن توختى قاغا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن شەھەرگە كىرىپ ناۋايلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئىككى ئاجىز بىر تۇغقىنى بولۇپ، كىملەرگە ياتلىق قىلىنغانلىقىنى ھۆسەيىن مۇپتاخۇنۇم ئوبدان بىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، توختى قاغا ئۆلۈپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ ھەم بالىلىرى يۇرتنى تەرك ئەتمىگەن. توختى قاغىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بالىلىرى ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇشتى. سىيىت نوچىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇلارمۇ توزۇپ كەتتى. ئۈچتۇرپانغا قاتنايدىغان ياسىن تۆگىچىنىڭ ئېيتىشىچە، توختى قاغىنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا ئۈچتۇرپاندا ناۋايلىق قىلىدىكەن. ھازىر ئۆلۈك تىرىكلىكى نامەلۇم› دەپ گەپنى ئۈزدى.

دادام توختى قاغىنىڭ بىر تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ‹ئوبدان بىلىدۇ› دېگەن ھۆسەيىن مۇپتاخۇنۇم بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ مۇپتىسى بولۇپلا قالماستىن، قەشقەر تەۋەسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق شەرىئەت قانۇنچىسى بولغاچقا، بەگلىكنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە قوشنا بەگلىكلەردىن كەلگەن شەرىئەتكە دائىر چىگىش مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئالدىراش ئۆتىدىغان ئۆلىما ئىدى. شۇڭا دېگەن ۋاقىتتا كۆرۈشەلمەي قالغان ئىدىم. كېيىن بۇ ئىشلارمۇ ئۇنتۇلۇپ قالدى».

مەن ياسىن ئىبراھىمنىڭ سىيىت نوچى ھەققىدىكى ئۈچۈرلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلۈمدە بۇ ھەقتىكى تولۇقلىما ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىزدەپ تەتقىق قىلىپ بېقىش ئارزۇسى كۈچەيدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن 2007-يىلى 6-ئاينىڭ 14-، 15-، 16-كۈنلىرى ۋە 12-ئاينىڭ 1-، 2-، 3-كۈنلىرى يەنە ئۈچتۇرپان، ئاۋات ناھىيەلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولغىنىمدا بۇ ھەقتىمۇ خېلى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ كۆردۈم ھەم توپلىغان ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكىچە رەتلەپ قويدۇم:

سىيىت نوچىنىڭ ئاكىسى مۇساخان (ئۇ كىشى ئادەتتە ئاشۇنداق ئاتالغان) نىڭ ئۈچتۇرپان شەھىرى قاراباغ كوچىسى قاشبويى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق كېلىنى سارىخان مۇسا (بەشكېرەم چوگۇلۇك مۇسا ياغاچچىنىڭ قىزى، ھازىر 71 ياش) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، سىيىت نوچىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى توختى مۇھەممەد، تەكتى قەشقەر بەشكېرەمدىن ئىكەن، ئۇلارنىڭ جەمەت لەقىمى «قاغا» بولۇپ، نەچچە ئەۋلاد ناۋايلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ دەسلەپ بەشكېرەمدە، كېيىنچىرەك قەشقەر شەھىرىدە تىرىكچىلىك قىلىپ جېنىنى جان ئەتكەن. توختى مۇھەممەد نىڭ مۇساخان، سىيىتئاخۇن، مۇھەممەد خان ۋە زورىخان قاتارلىق تۆت پەرزەنتى بولغان. مۇساخان قەشقەردىكى چېغىدىلا كوزىچى يارىبېشلىق پاتىمخان بىلەن توي قىلغان ۋە

تۇرسۇنخان مۇسا، ئابدۇرېهىم مۇسا دېگەن ئىككى بالىسى بولغان. مۇساخان ناهايىتى كۆيۈمچان ئادەم بولۇپ، ئىنىسى سىيىت نوچىغا تولىمۇ مېهرىبانلىق كۆرسەتكەن ھەم كېيىنچە ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەينى دەۋردىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىل سىرتىدىكى ياقا-ياۋاندىن كەلگەن ئېگىز-پەس ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان ئالاھىدە بىر قىسمى ــ كوزىچى يارېشىدا ۋە ناۋايلار ئارىسىدا يۇت تىرەپ-باش كۆتۈرۈپ تۇرالىشىنى سىيىت نوچىنىڭ ئوتتۇرىدا بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلەنگەن ئىكەن.

يازغۇچى ئىمام مۇھەممەد ئۆزىنىڭ «سىيىت نوچى ئۇچتۇرپاندا» ناملىق رومانى (مەزكۇرنىڭ شۇ ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدىن نەشر قىلىنغان. شۇ ناملىق رومانى نەشرىياتقا تاپشۇرۇلغان ــ ئا) غا ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا ئەينى دەۋردە سىيىت نوچى پاچىئەسىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھەزرەتلىك ياسىن توقامچى: «سىيىت نوچىنى ئىت پوقى مەھەللىسىدە ئاتقان. مەن شۇ چاغدا ئون سەككىز ياشتا ئىدىم، سىيىت نوچىنى ئاتقاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئۇنىڭ جەسىتى ھەزرەتتىكى بىر بېدىلىككە قويۇلغان. تۇپراق بېشىدىن يانغان جامائەت ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتىگە كىرگەندە ئانىسى توختىخان ئاچا:

سىيىت نوچىنى كۆردۈڭلارمۇ؟
نەم بېدىلىككە كۆمدۈڭلارمۇ؟
سىيىت ئاخۇندەك بىر ئوغۇلنى
يەنە بىر يەردە كۆردۈڭلارمۇ؟!...

دەپ، بوزلاپ يىغلاپ، جامائەتنىڭ يۈرىكىنى ئەزگەن. سىيىت نوچى سۇيىقەست بىلەن ئېتىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاكىسى مۇساخان 40 كۈنگىچە كۆكرىكىنى نەم يەرگە يېقىپ ھازا تۇتقان. 40 كۈندىن كېيىن بالا-چاقىسىنى ئېلىپ ئۇچتۇرپانغا كەتكەن» دەپ مەلۇمات بەرگەن ئىكەن.

دەرۋەقە، مۇساخاننىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كېلىنى سارىخان مۇسانىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، سىيىت نوچىنىڭ دەردىدە زىيادە كۆپ ئىچ ئاغرىقى تارتىپ، تولا يىغلاپ يېتىپ قالغان توختىخان ئاچا ئۆرە بولالماي، ئوغلىنىڭ «قىرىقى» توشماستىنلا ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان. قوشلاپ كەلگەن بۇ ئاچچىق قىسمەتكە چىدىيالمىغان مۇساخان 1926-يىلى ئايالى پاتىمخان بىلەن بىللە ئىككى بالىسى ــ تۇرسۇنخان بىلەن ئابدۇرېهىمنى كاجۇغا سېلىپ، ئېشەككە ئارتىپ، قاقشال يولى ئارقىلىق غۇلجىغا سەپەر قىلغان. ئۇلار ئۇچتۇرپان تەۋەسىگە كەلگەندە، سىيىت نوچىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بەزى دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن شۇ يەردە

تۇرۇپ قالغان. ئاتا كەسپى ناۋايلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1936-يىلى 70 يېشىدا ئۇچتۇرپاندا قازا قىلغان. سېيىت نوچىنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد خان مۇساخاندىن كېيىنرەك ئىلىغا چىقىپ كەتكەن. سىڭلىسى زورىخان قەشقەردە ياتلىق بولغان. ئەمما پەرزەنتلىك بولمىغان ئىكەن.

مۇساخان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قىزى تۇرسۇنخان بىلەن ئوغلى ئابدۇرېھىم شىر («شىر» ئۇنىڭ لەقىمى ــ ئا) ۋارىسلىق قىلغان.

تۇرسۇنخان دەسلەپ قاسىمهاجى دېگەن ئۇچتۇرپانلىق كىشى بىلەن توي قىلىپ بىر پەرزەنتلىك بولغان. قاسىمهاجى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئابلا ھاجىم دېگەن كىشىگە ياتلىق بولۇپ تۆت پەرزەنتلىك بولغان. بۇ ئايال 1994-يىلى 2-ئايدا 77 يېشىدا ئۇچتۇرپاندا قازا قىلغان. ئوغلى پىدا مۇھەممەد ئابلا (ھازىر 59 ياشتا) بىلەن ئەسەت ئابلا (ھازىر 49 ياشتا) ئىككىيلەن ئۇچتۇرپان شەھرىدە موزدۇزلۇق بىلەن تىرىكچىلىك قىلماقتا.

ئابدۇرېھىم شىر دادىسى مۇساخاندىن 14 يېشىدا يېتىم قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ناۋايلىق ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاساسەن نىمكار ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ بويى بىر مېتىر سەكسەن سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان، گەۋدىلىك، ئەمما ئارتۇق گۆشى يوق، تاغىسى سېيىت نوچىغا ئوخشاش كۈچتۈڭگۈر(ئەينى دەۋردە سېيىت نوچىنى كۆرگەنلەر سېلىشتۇرۇپ شۇنداق سۈپەتلەيدىكەنمىش ــ ئا) بولۇپ يېتىلگەن ھەم بىر قېتىملىق ياغاچ كۆتۈرۈشتە جامائەتنى ھەيران قالدۇرۇپ «شىر» لەقىمىگە مۇيەسسەر بولغان. 1954-يىلىدىن باشلاپ، ئۇ ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كەسپىي ئاشپىزى بولغان. 1960-يىلى ئۇ تەكتى بەشكېرەم چۇگۇلۇك ياغاچچى مۇسا ئوسماننىڭ قىزى سارىخان بىلەن توي قىلىپ يەتتە پەرزەنتلىك بولغان. ئۇلاردىن بەشەيلەن قاتارغا قوشۇلغان بولۇپ، چوڭ ئوغلى ئابدۇغېنى (ھازىر 48 ياش)، ئۈچىنچى ئوغلى سېيىت ئاخۇن (ھازىر 39 ياش) ھۈنەر-تىجارەت بىلەن مەشغۇل. ئىككىنچى ئوغلى مۇساجان (ھازىر 43 ياش) ناھىيەلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىدا، چوڭ قىزى ھەنىپگۇل (ھازىر 33 ياش) ئاچا تاغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە، كىچىك قىزى پاتىگۇل ياركۆۋرۈك يېزا بەشكېرەم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلەۋاتىدۇ. سارىخان مۇسانىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇرېھىم شىر ئىككىنچى ئوغلىغا دادىسى مۇساخاننىڭ ئىسمىنى، ئۈچىنچى ئوغلىغا تاغىسى سېيىت نوچىنىڭ ئىسمىنى تەۋەررۈك قىلىپ قويغان ئىكەن.

ئابدۇرېھىم شىر 1984-يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ، 1994-يىلى 6-ئايدا 72 يېشىدا ئۇچتۇرپاندا قازا قىلغان. ئايالى سارىخان، يەنى يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىگۈچى ئايال پەرزەنتلىرى ئارىسىدا مېھماندەك ياشاۋاتىدۇ.

مەن «سىيىت نوچى»دىن ئىبارەت خەلق داستانىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان ھەقىقىي تارىخىي شەخس ــــ سىيىت نوچىنىڭ تەقى-تۇرقى ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلارنى ئاڭلىدىم:

يازغۇچى ئىمام مۇھەممەد بىلەن ئىلىپ بارغان سۆھبىتىمىزدە ئۇ ئۆزى توپلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن مۇنداق دېدى: «مەن سىيىت نوچىنى ئۇچتۇرپاندا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنى زىيارەت قىلغىنىمدا كونا كارۋانچىلاردىن مۇھەممەد سادىق تۆگىمەنچى (2002-يىلى 105 يېشىدا قازا قىلغان) سىيىت نوچىنى كۆپ قېتىم كۆرگەنلىكىنى ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ كېلىپ: ‹سىيىت نوچىنىڭ بويى بىر مېتىر سەكسەن سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان، كەڭ گەۋدىلىك، ئاق سېرىق، دېڭىز كۆز، ئەمما يېقىملىق ئادەم ئىدى› دەپ مەلۇمات بەرگەن».

ئاۋات ناھىيەسىدىكى مەدەنىيەت-تارىخ تەتقىقاتچىسى، پېشقەدەم يازغۇچى مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى بىلەن ئىلىپ بارغان سۆھبىتىمىزدە مۇنداق دېدى: «ئانام ھاشىخان موللا ئىبراھىم (1993-يىلى 106 يېشىدا قازا قىلغان) ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئاقسۇ ئاۋاتتا دائىر نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئاڭلىغان. بىر كۈنى ئۇ بەزى مەشھۇر ئادەملەر ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: ‹ئىلگىرى سىيىت نوچىنىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدۇق، ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ ئايكۆلدە بىر مەزگىل تۇرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق ھەم ئۇ ئاۋاتقا كەلگەندە نۇرغۇن ئادەم كۆرگىلى چىقتۇق. ئۇ كىشى ئېگىز بوي، كۆك كۆز، سېرىق بۇرۇتلۇق ئادەم ئىكەن› دەپ مەلۇمات بەرگەن».

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ياش شائىر دىلشات ساھىت بىلەن قىلىشقان سۆھبەتلىرىمىزنىڭ بىرىدە ئۇ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئۆيىمىز قەشقەر شەھىرىنىڭ ئارا يار كوچىسىدا بولۇپ، مەھەللىمىزدە ئىلگىرىكى ۋەقەلەرنى زىرىدىن زەۋرىگىچە سۆزلەپ بېرەلەيدىغان پېشقەدەملەر كۆپ ئىدى. ئۇلار مەسچىت ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن-كەچكەن ئىشلارنى زوق-شوخ بىلەن سۆزلەپ، گاھىدا روھلىنىپ، گاھىدا مۇڭلىناتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدىم. بىر قېتىم ھېسامىدىن مۇئەززىن دېگەن كىشى (1993-يىلى 96 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن) سىيىت نوچى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: ‹بويى بىر مېتىر سەكسەندىن ئاشىدىغان، ئۆڭگى ئاق، كۆزى كۆك، سېرىق بۇرۇتلۇق، كۈچتۈڭگۈر ئادەم ئىدى› دەپ مەلۇمات بەرگەن».

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، سىيىت نوچىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئۈچ ئادەمنىڭ مەلۇماتى ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ خەلق باتۇرىنىڭ قىياپىتىنى كۆز ئالدىمىزدا ئەينەن نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

www.kitaphumar.com

## 3

قانداقلا بولمىسۇن، تىللاردا داستان بولغىدەك شۆھرىتى ۋە ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك سىرلىق ھەم پاجىئەلىك قىسمىتى بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى دەھشەتلىك داۋالغۇتۇپ دۇنيادىن كەتكەن خەلق باتۇرى سىيىت نوچىنىڭ پۇشتىدىن بىرەر ئەۋلادى قالغانمۇ-يوق؟ قالغان بولسا قەيەردە ۋە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان؟ بۇ خېلى كۆپ ئادەم قىزىقىدىغان بىر مەسىلىدۇر. مەن بۇ ھەقتە مۇنداق ئىككى خىل مەلۇماتنى ئۇچراتتىم:

بىرى، سىيىت نوچى ئاخىرقى قېتىم ئۇچتۇرپاندىن قايتىشتىن ئىلگىرى تەكتى بەشكېرەملىك داۋۇت تاقىچىنىڭ قىزى ھۆسنەرىخان دېگەن ئايالنى ئەمرىگە ئالغان ھەم ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ بىلەن قەشقەرگە قايتىپ ھېلىقى پاجىئە بىلەن ئۆلگەن. ئۇنىڭ پۇشتىدىن بىرەر پەرزەنتى قالغانلىقى مەلۇم ئەمەس، دېگەن مەلۇمات. بۇ مۇھەممەد قازى ئەيسانىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالىسىدىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. مەن سىيىت نوچىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمدە ئۇنىڭ جىيەنى — ئابدۇرېھىم شىرنىڭ ئايالى سارىخان مۇسا سىيىت نوچىنىڭ داۋۇت تاقىچىنىڭ قىزى ھۆسنەرىخان بىلەن تويلاشقانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى، ئەمما پەرزەنتى بار ياكى يوقلۇقى توغرۇلۇق ھېچقانداق ئۇچۇر ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ جەھەتتە يازغۇچى ئىمام مۇھەممەد نىڭ ئېيتقىنىمۇ ئاساسەن ئوخشاش.

يەنە بىرى، سىيىت نوچى ئىلگىرى ئايكۆللۈك بىر ئايال بىلەن تويلاشقان ھەم ئۇنىڭدىن بىر پەرزەنتلىك بولغان. ئۇنىڭ ئىسمى توختى بولۇپ، بۇ ئىسمنى سىيىت نوچى ئۆزى قويغان، دېگەن مەلۇمات. ئاۋاتنىڭ بەشئېرىق يېزا قۇمئېرىق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىمام بارات، ياسىن بارات ئاكا-ئۇكا ئۆلىمالار بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىزدە ئىلگىرى ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن مۇنداق دېدى: «سىيىت نوچى جاھان كېزىپ ئايكۆلگە كېلىپ بىر مەشرەپكە قاتنىشىپ قاپتۇ. ئىلگىرى ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىرى ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتىپتۇ. سورۇندا ئاقسۇ نوچىسى ئاق سوپى ئۇنى مەنسىتمەستىن: ‹ماۋۇ ماكانسىزنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلىنى قاراڭلار!...› دەپ غۇدۇڭشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سىيىت نوچى چاندۇرماستىن ئۇسسۇل ئوينىغاچ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر پەشۋا بىلەنلا ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنىنى چاپلىۋېتىپتۇ. كۈتۈلمىگەن بۇ زەربىدىن يىقىلغان ئاق سوپى سالۇكلىرىغا ئىشارەت قىلغان ئىكەن ئۇلارمۇ تەڭ كېلەلمەپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن ئاقسوپى ھەم سالۇكلىرى تەرەپ-تەرەپتىن سالغا تاشلاپ باغلىۋاپتۇ ھەم كۆرەڭلىگەن ھالدا: ‹قانداق، سەن نوچىمىكەنسەن ياكى مەنمۇ؟› دەپ ھەيۋە قىپتۇ. پۇت-قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان سىيىت نوچى قىلچە تەمتىرىمەستىنلا: ‹راست، سەن ھەقىقەتەن قىلتاق قۇرۇشتا نوچىكەنسەن!› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەشرەپ سورۇنىدىكى ئادەملەرنىڭ ئالدىدا قاتتىق خىجىل بولغان ئاق سوپى دەرھال سىيىت نوچىنى ئۆز قولى بىلەن يېشىپ، ئەپۇ سوراپ،

www.kitaphumar.com

ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ دوست-بۇرادەر بولۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سىيىت نوچى ئايكۆلدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ جەرياندا ئايكۆللۈك بىر ئايالنى ئەمرىگە ئالغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن بىر بالىسى بولۇپ ئىسمى توختاخۇن ئىكەن. بۇنىڭغا دەلىل شۇكى، ئاشخانا ۋاقتىدا (1958-يىللىرى) بىز ئايكۆل بازىرىدا قاۋۇل، ئەمما دەلدۈش بىر ئادەمنى پات-پات ئۇچرىتىپ قالاتتۇق. ئۇ ناۋايلارنى كۆرگەن چاغلىرىدا: ‹ياغ يەپ كەت!› دەپ بىر-ئىككى ئېغىزدىن ۋارقىراپ قويۇپ جىمىپ كېتەتتى. بىز ئۇنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرسەك بازاردىكىلەر: ‹بۇ سىيىت نوچىنىڭ ئايكۆللۈك خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى توختاخۇن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ناھايىتى قاۋۇل، چەبدەس، كۈچلۈك يىگىت بولۇپ، خېلى قاتقان نوچىلاردىنمۇ يانمايتى. 20 ياشلارغا كىرگەن مەزگىلدە بىردىنلا مۇشۇنداق دەلدۈش بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇقساق ئاۋاتقا شاڭيۇ بولغان ھاشىر بەگ ئۇنىڭغا سارنىڭ مېڭىسىنى يېگۈزۈۋەتكەن ئىكەن› دەپ ئىزاھات بەرگەن».

بۇنىڭدىن باشقا، بەشكېرەم يېزىلىق باغۋەنچىلىك پونكىتىنىڭ كادىرى سىدىق كېرىم ئىككىمىز ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمي كومىتېتىنىڭ پېنسىيۇنېرى مۇھەممەد كەنجى (ھازىر 75 ياش) بىلەن 2007-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىزدە مۇنداق دېدى: «مەن 1961-يىلى ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى مامۇت ئىسلامغا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەنىدىم. كۈزدە مۇئاۋىن ۋالىي سەلىمە تالىپنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئۆزىنىڭ ماشىنىسىدا بىللە ئېلىپ بېرىپ كۆرسەتمە بېرىشى بىلەن ئەرزىيەت ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان ھېيت قاسىم ئىككىمىز ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ياشانغانلار ساناتورىيەسىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە چۈشتۇق. تەكشۈرۈپ قارىساق، قېرىلار ۋە يېتىم-يېسىرلارنىڭ تۇرمۇشى ھەر ھالدا خېلى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەمما روھىي كېسەللەرگە ئاجرىتىلغان راسخۇتنىڭ كۆپلىكىگە قارىماي، تۇرمۇشى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان ئىكەن. شۇڭا بىز بۇ يەردىكى خىزمەتنى دەل مۇشۇ تەرەپنى تەرتىپكە سېلىشتىن باشلىدۇق. روھىي كېسەللەر ياتىقىغا كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەۋاتسام ناھايىتى يوغان، گەۋدىلىك، قارا ماتاق بىرى مېنى گۈرىنى بىلەن ئۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ‹بۇ كىم؟› دەپ سورىسام باشقىلار: ‹كۈچالىق جۇماق سارائ شۇ!› دېيىشتى. شۇ چاغدا قاڭشارلىق، مەڭىز سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان، ئوتتۇرا بوي، ئەمما مۇشتۇمى يوغانراق بىر يىگىت يېنىمدا پەيدا بولۇپ: ‹ئۇرايمۇ؟› دېدى. مەن: ‹ئۇرە!› دېدىم. ئۇ كېلىشتۈرۈپ بىر پەشۋا ئۇرسا جۇماق تىك موللاق چۈشتى. ئۇ ئەتىسى مەن بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈپ: ‹ئەمدى سېنى ھېچكىم ئۇرالمايدۇ. ئىككىمىز دوست بولايلى› دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم. شۇ ئەسنادا جۇماق كېلىپ يەنە ماڭا ھۆرپەيدى. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى يىگىت يەنە ئۇنى تارتقۇشلاپ تۇرۇپ: ‹بۇنى باغلاپ قويايمۇ؟› دېدى. ‹ماقۇل!› دېسەم ئۇنى شۇئان باغلاپ قويۇپ كەلدى. قارىسام ئۇنىڭدا ھېچقانداق كېسەل يوقتەك ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ‹ئىسمىڭ نېمە؟› دەپ سورىغىنىمدا ئۇ: ‹توختى› دېدى. ‹ئۆزۈڭ نەدىن؟› دېسەم ‹قۇمباشتىن› دېدى. ‹داداڭ كىم؟›

www.kitaphumar.com

دەپ سورىسام ئۇ: ‹سىيىت نوچىنىڭ بالىسمەن› دېدى. مەن بىر ئاز ھەيران بولۇپ: ‹سىيىت نوچى قەشقەردە تۇرسا؟› دېسەم ئۇ: ‹دادام قەشقەر - ئۈچتۇرپان ئارىسىدا يۈرۈش جەريانىدا قۇمباشلىق بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن مەن تۇغۇلۇپتىكەنمەن. دادام ئۆزى ماڭا چوڭ دادامنىڭ ئىسمىنى قويۇپتىكەن› دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن پات-پات ئەھۋاللىشىپ تۇردۇم. ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىسام ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ باش چايقايتتى. مەنمۇ بەك زىغىرلاپ كەتمەيتتىم. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ‹سېنىڭ گەپ-سۆزلىرىڭ مۇشۇنداق جايىدا تۇرۇپ، نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟› دەپ سورىسام، ئۇ: ‹ھەي!..ئانىنىڭ دەردى!› دەپلا كۆزلىرىنى ئالايتتى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىسام، ئۇ: ‹مەن ساق، پەقەت بەك سوغۇقتا ياكى ئاسماندا سار قانات كىرىپ ئەگىگەن چاغدا ئۆزۈمنى باشقۇرالمايمەن. قۇمباش بىلەن ئايكۆل ئارىلىقىدا يۈرگەن ئىدىم. بىر كۈنى شەھەرگە كىرسەم مېنى مۇشۇ يەرگە ئەكىرىپ قويۇشتى› دېدى ھەسرەتلىنىپ. يەنە بىر قېتىمدا ئۇنىڭدىن ‹توختاخۇن، نەچچە ياشقا كىرگەنسىلەر؟› دەپ سورىغىنىمدا ئۇ: ‹مەمتاخۇن، 40 نى باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ، ئۇنىڭدىن ئاشتىم، 50 كە بارمىدىم› دېگەن ئىدى. مەن بىر ئايلىق خىزمەتنى تۈگىتىپ، كونىشەھەر ناھىيەلىك باللار پاراۋانلىق ئورنىنى تەرتىپكە سېلىشقا كەتتىم. بۇ جەرياندا باشقىلاردىن ‹توختاخۇننىڭ ئانىسى زاتى كىم؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئانىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايدۇ؟› دەپ سۈرۈشتۈرسەم، ئۇلار: ‹بىزمۇ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمىدۇق. ئەمما ئانىسىنىڭ ئۇنى يامان كۆرۈپ قېلىپ، سارنىڭ مېڭىسىنى يېگۈزۈۋەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق› دەپ جاۋاب بېرىشتى. سەل كېيىنچىرەك بۇ ئەھۋاللارنى سىيىت نوچىنىڭ ئاكىسى مۇساخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرېھىم شىرىغا ئەينەن يەتكۈزگەن ئىدىم. 1960-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق جەرياندا ئۇمۇ يوقلاشقا بارالمىدى. شۇڭا توختاخۇننىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى ئۇقالمىدۇق». بۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر شەھىرىدىكى پېشقەدەملەر سىيىت نوچىنىڭ توختى ئىسىملىك بىر ئوغلىنىڭ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭمۇ قاۋۇل ھەم بەردەس ئادەم بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىشاتتىكەن. جۈملىدىن، شائىر دىلشاد ساھىتمۇ ھېلىقى ھېسامىدىن ئاخۇن دېگەن كىشىدىن «سىيىت نوچىنىڭ توختى دېگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىكەن.

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلار ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنسا سىيىت نوچىنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بىر ئوغلىنىڭ بولغانلىقى؛ بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلدە سۇيىقەست بىلەن نابۇت قىلىنغانلىقتىن، بىر ئۆمۈر خار-زارلىقتا قالغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

www.kitaphumar.com

# «سىيت نوچى» داستانى ۋە ئۇنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرى

«سىيت نوچى» داستانى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدىكى شەخسىي كەچۈرمىشلەر بايان قىلىنىدىغان تارىخىي داستان بولۇپ، سىيت نوچىدىن ئىبارەت تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبراز ئارقىلىق 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى تارىخىي قىسمەتلىرى ئىچىپ بېرىلگەن.

«سىيت نوچى»داستانى قەشقەر، خوتەنلەرگە كەڭ تارقالغان ۋە كىشىلەر سۆيۈپ ئاڭلايدىغان خەلق داستانلىرىنىڭ بىرى. گەرچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە سىيت نوچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىشى ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋاقىتتا قەشقەرنىڭ دوتيى بىر ئامالار بىلەن سىيت نوچىنى ئۇجۇقتۇرۇش غەرىزىدە بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا سىيت نوچىنىڭ ئۆلۈم خېتى پەقەت بىر ۋاستە خالاس. داستاندا ئېيتىلغىنىدەك سىيت نوچى ئىنقىلاپقا قاتناشقان ۋە ئاخىرى چىرىك ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلگەن رېئال شەخس. ئەينى ۋاقىتتا چەك سۇلالىسىنىڭ ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىك ئەمەلدارلىرى قەشقەردە خالىغىنىنى قىلىپ، خەلقنى قاقتى سوقتى قىلىپ، شۇلۇپ يەپ، ھەققانىيەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قەبىھلىكى خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. خەلق بۇ مەرد ۋە قارام قەھرىماننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ناھايتى مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك قىلىپ بۇ داستاننى ئىجاد قىلىپ چىقىدۇ.

«سىيت نوچى» داستانى ھەققىدە ھازىرغا قەدەر مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىغان. چۈنكى بىزدە خەلق داستانلىرى ۋە داستانچىلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىر قەدەر كېچىكىپ باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىن پىشقەدەم، تونۇلغان داستانچىلار كېتىپ قالسىمۇ، كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىيالمىدى.

بىز ئۆزۈندىن بىرى خەلق داستانلىرىنى يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلچەملىرى بويىچە باھالىدۇق. بۇنىڭ بىلەن خەلق داستانلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلى پرىنسىپى ۋە قائىدىلىرىدىن چەتنەپ يېزىق ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا داستانچىلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنتۇلغان ئەڭگۈشتەرگە ئايلىنىپ قالدى.

هازىر قولىمىزدا «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ تۆت خىل ۋارىيانتى بار. بۇلار: ھاۋۇت ئاخۇن نۇسخىسى. بۇ داستاننى فولكلورشۇناس ئابدۇكېرىم رەھمان رەتلەپ، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈپ 1981-يىلى ئېلان قىلغان: شاھ مۇھەممەت نۇسخىسى. بۇ نۇسخىنى ئۇستازىم راھىلە داۋۇت 2009-يىلى 5-ئايدا خوتەندىكى ئىمامى ئاسىم مازىرىدا سۈرەتكە ئالغان: خوتەن كېرىيەدىكى رۇزى تۇمۇر نۇسخىسى. بۇ نۇسخىنى دوكتور ئوسمان ئىسمايىل تارىم 2007-يىلى 8-ئايدا كېرىيەدە سۈرەتكە ئالغان: يەنە بىرى خوتەندىكى مەمەتتوختى ياسىن ئېيتقان نۇسخا بولۇپ، بۇ نۇسخىنى ئۇستازىم راھىلە داۋۇت 2009-يىلى 5-ئايدا قاراقاشتىكى چوڭ بازاردا سۈرەتكە ئالغان. سىيىت نوچى ھەققىدىكى بۇ تۆت نۇسخا داستانغا قارايدىغان بولساق، تۆت نۇسخىدا خىلى چوڭ پەرقلەر بار.

«سىيىت نوچى» داستانىنى ئېيتىدىغان داستانچىلار ئاساسەن ساۋاتسىز بولۇپ، يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمىغان. «سىيىت نوچى» داستانىنى ئېيتىدىغان داستانچىلار ئىچىدە بىز مىيىپ ياكى ئەمالارنى ئۇچراتمىدۇق. ئەمما ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى .«داستانچىلار ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا دېگۈدەك كەسىپسىز ئالاھىدىلىككە ئىگە.».①

ئۇيغۇر داستانچىلىرى كەسپى جەھەتتىن مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى داستانچىلىقنى ئۆزىگە مەخسۇس كەسىپ قىلغان ۋە داستان ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى تۇرمۇشىنى قامداۋاتقانلار. لورد بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:.«بارلىق داستانچىلارغا ئورتاق ئالاھىدىلىك ساۋاتسىزلىق ۋە داستان ئېيتىش ئارقىلىق ئىقتىسادى نەپكە ئېرىشىش»② داستانچىلىقنى ئۆزىگە مەخسۇس كەسىپ قىلغان داستانچىلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ داستانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولىدۇ. مەسىلەن، شاھ مۇھەممەت جەمەتىگە نىسپەتەن ئېيتقاندا 3-ئەۋلاد داستانچى ھېسابلىنىدۇ. داستانچىلىقنى ئۆزىگە مەخسۇس كەسىپ قىلغان داستانچىلار بازار، مازار ۋە تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا داستان ئېيتىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىپ تاماشىبىنلارنى ئەخلاقى ، تارىخى جەھەتتىن تەربىيىلەيدۇ. بۇخىلدىكى داستانچىلار داستان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەردىن پۇل سورايدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىكلىك دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى نۇرغۇن داستانچىلارغا ئورتاق. ھازىر خوتەندىكى مەۋجۇت داستانچىلاردىن ئۇبۇلھەسەن مۇھەممەت، مەمەتتوختى ياسىن، جۇمە نۇر قاتارلىقلار مۇشۇ تىپتىكى داستانچىلارغا تەۋە. ئۇيغۇر داستانچىلىرىنىڭ يەنە بىر تۈركۈمى پەقەت كۆڭۈل ئېچىش يۈزىسىدىن داستان ئېيتىدىغانلار.بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىش يۈزىسىدىن داستان ئېيتىدىغان داستانچىلار بازار ۋە مازارلارغا بارمايدۇ. ئۇلار پەقەت كىشىلەرنىڭ تەلىپى بىلەن داستان ئورۇندايدۇ. بۇ خىلدىكى

داستانچىلار داستان ئېيتىدىغان ۋاقىتتا ئالاھىدە سورۇن ھازىرلىنىدۇ. داستانچى داستان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن بەزى كىشىلەر ئۆزى خالاپ چوڭراق سوممىدىكى پۇل بېرىدۇ ۋەياكى ئاساسەن داستانچى پۇل ئالماي كىشىلەرگە زوق بېغىشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى داستانچىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى داستانچى بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ خىلدىكى داستانچى ئائىلىسىگە نىسپەتەن ئېيتقاندا يېگانە داستانچى ھېسابلىنىشى مۇمكىن. بىز ئۇچراتقان داستانچىلاردىن ئىبراھىم، رۇزى تۇمۇر، مەمەتتوختى توختى، شىبىل ئاخۇن ۋە نۇرمەمەت ساقال قاتارلىقلار مۇشۇ خىلدىكى داستانچىلار تىپىغا تەۋەدۇر. بۇ خىل ئۆلچەم بويىچە «سېيىت نوچى» داستانىنى ئېيتىدىغان داستانچىلارغا نەزەر سالساق، بۇ داستاننى شاھ مۇھەممەت ۋە مەمەتتوختى ياسىندەك كەسپى داستانچىلار بازار ۋە مازارلاردا ئېيتىدۇ. رۇزى تۇمۇر قاتارلىق داستانچىلار كىشىلەر تەرىپىدىن ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان سورۇنلاردا ئېيتىدۇ.

«سېيىت نوچى» ھەققىدىكى تۆت خىل ۋارىيانتنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا بۇ داستاننى چوڭ جەھەتتىن شاھ مۇھەممەت ۋەكىللىكىدىكى نۇسخا ۋە ھاۋۇت ئاخۇن ۋەكىللىكىدىكى نۇسخا دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. داستاننىڭ تۆت خىل ۋارىيانتىنى بۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشىمىزغا داستاننىڭ ۋارىيانتلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى بىر قەدەر ئوخشاشلىقى سەۋەپ بولىدى. تۆۋەندە مەن بۇ تۆت خىل ۋارىيانتنىڭ پەرقى ۋە ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

بايان قىلىنىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن:

داستانچىلار

ھەم نەسىر ھەم شېئىر شەكىل

نەسىر شەكىل

شېئىر شەكىل

ھاۋۇت ئاخۇن

ü

شاھ مۇھەممەت

ü

رۇزى تۇمۇر

ü

مەمەتتوختى ياسىن

ü

بايـان تىلـى جەھەتـتىن بـۇ داسـتاننىڭ ھەمـمە نۇسـخىلىرىدا بىرىنچى شـەخس بىـلەن ئۇچىنجى شەخس بايانى بىللە قوللىنىلغـان بولـۇپ، مەن ھازىرغـا قەدەر داسـتانلارنىڭ بۇنـداق بايـان قىلـىش ئۇسـلۇبىنى ئوچرىتـىپ باقمىغـان. بـۇ بەلكـىم سـىيىت نوچىنـىڭ ئـۆزى تۇقۇغـان قوشاقلىرىنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا داستاننى ئىجاد قىلغۇچىلار داستان ۋەقەلىكىـگە ئىسـتىخىيلىك ھالدا سىڭدۈرىۋەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېـرەك. ئۇيغـۇر خەلـق داسـتانلىرىدا ئاساسـىي جەھەتتىن ئۈچىنجى شەخس تىلى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.
مىسرا سانى جەھەتتىن:

ھاۋۇت ئاخۇن

شاھ مۇھەممەت

رۇزى تۇمۇر

مەمەتتوختى ياسىن

718مىسرا

600مىسرا

464 مىسرا

699مىسرا

گەرچە شاھ مۇھەممەت بىلەن مەمەتتوختى ياسىن سىيىت نوچى داستانىنىڭ بىر تىپتىكى ۋارىيانتلىرىغا ۋەكىللىك قىلىسـمۇ، ئـىنچىكە سېلىشتۇرسـاق، بـۇ ئىككـى نۇسـخىنىڭ مەزمۇنى ئاساسـىي جەھەتـتىن ئوخشـاش بولسـىمۇ، ئەممـا مىسـرالارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشـى بىـر-بىـرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقايمىز. شاھ مۇھەممەت ئېيتقـان نۇسـخىنىڭ بەزى جايلىرىـدا نەسـرى شەكىللەر بار بولۇپ، بۇ نۇسخىنىڭ تېكىستىنىڭ پۈتۈنلەي نەسرى ۋە شېئىرى ئۇسـلۇپقا ئـىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بـۇ شـاھ مـۇھەممەت داسـتاننى ئېيتقـان ۋاقىتـدا داسـتاننىڭ ئەسلىي شېئىرى مىسرالىرىنى نەسر شەكلىگە ئۆزگەرتىشتىن كىلىپ چىققان ئۆزگىرىشتۇر.

ھاۋۇت ئاخۇن بىلەن رۇزى تۇمۇرنىڭ ئېيتقان داستانى بىـر تىپقـا تەۋە داسـتان بولسـىمۇ، رۇزى تۇمۇر ئېيتقان نۇسخا ھاۋۇت ئاخۇننىـڭ ئېيتقـان نۇسخىسـىدىن ئـازراق ئـاز. رۇزى تۇمـۇر ئېيتقان نۇسخىدا ھاۋۇت ئاخۇنغا ئوخشـايدىغان 168مىسـرا، ئوخشـىمايدىغان 196مىسـرا شـئېىر بار.

بـۇ تـۆت نۇسـخىنى سېلىشـتۇرغاندا، شـاھ مـۇھەممەت ۋەكىللىكىـدىكى سـىيىت نـوچى داستانىدىن 10نەچچە كۇپلىتلا ھاۋۇت ئاخۇن ۋەكىللىكىـدىكى سـىيىت نـوچى داسـتانى بىـلەن

ئوخشىشىدۇ. قالغان 600نەچچە كوپلېيت شېئىر پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. دېمەك بۇ داستاننىڭ ۋارىيانتلىرى ئوتتۇرىسىدا خېلى پەرقلەر بار.

داستاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىكى پەرقلەر:

داستانچىلار

داستاننىڭ تۈزۈلۈشى

ھاۋۇت ئاخۇن نۇسخىسىدا

شاھ مۇھەممەت نۇسخىسىدا

رۇزى تۇمۇر نۇسخىسىدا

مەمەتتوختى ياسىن نۇسخىسىدا

داستاننىڭ مۇقەددىمىسى

سىيىت نوچىنىڭ كىلىپ چىقىشى

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

بۇ ۋەقە يوق

بۇ ۋەقە يوق

سىيىت نوچىنىڭ ئىنقىلاپقا قاتناشقانلىقى

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى

ئاقسۇغا بارغانلىقى

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

قارا شەھەرگە بارغانلىقى

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

پور بايىۋەچچە بىلەن ئېلىشقانلىقى

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

غولجىغا بارغانلىقى

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

ئۈچتۇرپانغا بارغانلىقى

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

تۇرپانغا بىرىپ ئىتىكاپ قىلىش

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

ئۈچتۇرپاندا ئىتىكاپ قىلغان دەپ بايان قىلىنىدۇ

ئۈچتۇرپاندىكى پائالىيتى

ماشاۋۇنىڭ ئوبدان كۆتىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ

ماشاۋۇنىڭ چىرىكلىرىگە ھەربىي مەشىق ئۆگىتىدۇ، ئەمەلدار بولىدۇ

ماشاۋۇنىڭ ئوبدان كۆتىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ

ماشاۋۇنىڭ چىرىكلىرىگە ھەربىي مەشىق ئۆگىتىدۇ، ئەمەلدار بولىدۇ

سىيىت نوچىنىڭ چىرىكلەر بىلەن سوقۇشقانلىقى

بۇ ۋەقە يوق

بۇ ۋەقە يوق

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىنىدۇ

ئۈچتۇرپاندىن ئايرىلىش ۋە ئۆلۈم خېتى

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

تۇرچى بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇنىڭ نەسىھىتى

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

بۇ ۋەقە يوق

بۇ ۋەقە يوق

ئانىسى ۋە جامائەت بىلەن كۆرۈشۈش

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

ماتېتەي بىلەن بىرىنجى قېتىم كۆرۈشۈش

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

ئاپاق خوجا مازىرىغا سەيلىگە چىقىش

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

چىرىكلەرنىڭ سىيىت نوچىنى تۇتۇپ كىتىشى

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

ماتېتەي بىلەن ئىككىنجى قېتىم كۆرۈشۈش

بايان قىلىنىدۇ

بۇ سىيىت نوچىنىڭ بىرىنجى قېتىم كۆرۈشۈشى ھىسابلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بۇ سىيىت نوچىنىڭ بىرىنجى قېتىم كۆرۈشۈشى ھىسابلىنىدۇ

سىيىت نوچىنى يامۇلغا سۇلاش

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

سىيىت نوچىنىڭ ئۆلۈم مەيدانىدىكى بايانى

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بايان قىلىنىدۇ

بۇ نۇسخىدا سىيىت نوچى ئابدۇقادىر دامۇللامنىڭ تەلپى بۇيىچە قەشقەر خەلقىگە نىدا قىلىدۇ

سىيىت نوچىنىڭ ناماز ئۇقۇشى

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىندۇ

سىيىت نوچىنىڭ ئاكىسى بىلەن ۋىدالىشىشى

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىندۇ

بۇ ۋەقە يوق

بۇ ۋەقە يوق

سىيىت نوچىنىڭ قەشقەر خەلقىگە بولغان نىداسى

بايان قىلىندۇ

بايان قىلىندۇ

بايان قىلىندۇ

بايان قىلىندۇ

سىيىت نوچىنىڭ ئېتىلىشى

بايان قىلىندۇ

بايان قىلىندۇ

بايان قىلىندۇ

بايان قىلىندۇ

سىيىت نوچىنىڭ ئاكىسى بىلەن ئىككىنجى قېتىم ۋىدالىشىشى

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىندۇ

بۇ ۋەقە يوق

بۇ بىرىنجى قېتىملىقى سۈپىتىدە بايان قىلىندۇ

ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ سىيىت نوچىنىڭ نامىزىنى ئوقۇشى

بۇ ۋەقە يوق

بايان قىلىندۇ

بۇ ۋەقە يوق

بۇ ۋەقە يوق

سىيىت نوچى ھەققىدە ئورۇمچىدىن كەلگەن خەت

بۇ ۋەقە يوق

باياں قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

باياں قىلىنىدۇ

سىيىت نوچىنىڭ ئانىسىنىڭ خۇن داۋاسى

بۇ ۋەقە يوق

باياں قىلىنىدۇ

بۇ ۋەقە يوق

باياں قىلىنىدۇ

داستاننىڭ خاتىمىسى

قەشقەر خەلقىنىڭ سىيىت نوچىغا بولغان سېغىنىش ھىسياتى ئىپادە قىلىنىدۇ

سىيىت نوچىنىڭ ئانىسىنىڭ قايغۇرۇش ھىسياتى ئىپادە قىلىنىدۇ

قەشقەر خەلقىنىڭ سىيىت نوچىغا بولغان سېغىنىش ھىسياتى ئىپادە قىلىنىدۇ

سىيىت نوچىنىڭ ئانىسىنىڭ قايغۇرۇش ھىسياتى ئىپادە قىلىنىدۇ

يۇقىرىقىلار داستاننىڭ تۆت خىل ۋارىيانتىدىكى ئاساسىي ۋەقەلىكلەر بولۇپ، ئىنچىكە تەھلىل قىلغاندا ۋارىيانتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر تېخىمۇ چوڭىيىپ بارىدۇ. مەسىلەن، داستاننىڭ شاھ مۇھەممەت نۇسخىسىدا سىيىت نوچى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چەتئەلدىن كەلگەن مېھمانلار بىلەن كۆرىشىدۇ. ماتېتەي سىيىت نوچىنىڭ ھۆكۈمى ھەققىدە ئۆرۈمچىگە خەت يېزىپ يوليورۇق سورايدۇ. دېمەك، بۇ داستاننىڭ ۋارىيانتلىرى خىلى كۆپ ئوخشىماسلىقلار بار.

2.سىيىت نوچى داستانىنىڭ تېكىست ئۆزگىرىشى ۋە ھاياتى كۈچكە ئىگە داستانچىلىق

خەلقئارادىكى داستانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مۇئەييەن بىر داستاننىڭ نۇپۇزلۇق نۇسخىسى بولمايدۇ. «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ ئابدۇكېرىم رەھمان رەتلىگەن ھاۋۋت ئاخۇن ئېيتقان نۇسخىسى بىرقەدەر ئۇزۇن ۋە شئىرى مىسرالىرى ئۆزگەرمىگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تۆت داستانچى ئىچىدە شاھ مۇھەممەت پىشقان داستانچى بولغاچقا، ئۇ ئېيتقان «سىيىت نوچى» داستانى ھاياتى كۈچكە تولغان داستان ھېسابلىنىدۇ. شاھ مۇھەممەت بۇ داستاننى ناھايىتى جانلىق قىلىپ ئېيتىدىغان بولۇپ، بەزى ۋاقىتتا سورۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن داستاننىڭ بەزى جايلىرىنى قىسقارتىپ ئېيتىدۇ ياكى بەزى جايلىرىغا ئۆزى تولۇقلىغان

مىسرالارنى ۋە جۈملىلەرنى قوشۇپ ئېيتىپ بۇ داستاننى كۆچلۈك بولغان ھاياتىلىققا ئىگە قىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بىر داستاننىڭ شۇنچىۋالا كۆپ نۇسخىلىرى بولىدۇ؟ يەنە كېلىپ شاھ مۇھەممەتنى ئۇستاز تۇتۇپ سېيت نوچى داستانىنى ئۆگەنگەن مەمەتتوختى ياسىنمۇ بۇ داستاننى ئۇستازىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان رەۋىشتە ئېيتىدۇ؟ بۇ دەل داستاننىڭ تېكىستىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىدىن ۋە داستانچىنىڭ كۆچلۈك بولغان شائىرلىق ۋە مۇزىكانتلىق تالانتىدىن كەلگەن. لورد بۇ ھەقتە :«داستانچىنىڭ ھەربىر قېتىملىق نومۇرىدا ئۆزگىچىلىك بولىدۇ. بىر قېتىملىق نومۇر بىر قېتىملىق ئىجادىيەت بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ قايتا-قايتا ئىجاد قىلىش ئەمەس. شۇڭلاشقا شۇ بىر قېتىملىق نومۇرنىڭ ئاپتورى شۇ داستانچىلا بولىدۇ.»③ دەپ قارايدۇ.

داستان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆچلۈك بولغان ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. چۈنكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ژانىرى ئۆزگىرىشچانلىقتىن مۇستەسنا ئەمەس. بۇ ھەقتە ئوسمان ئىسمايىل تارىمى:«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مۇقىم، تۇراقلىق تېكىستى بولمايدۇ، بەلكى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ ④ شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى«خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يارقىن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولغىنىدا ۋە تۇراقسىزلىقىدا»⑤. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق بىر داستانچىنىڭ ئاغزىدىكى داستان ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلۇم ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان رايون ۋە ئادەملەرنىڭ ئاغزىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىل بىلەن ساقلىنىدۇ ۋە تارقىلىدۇ. پىشقان، تونۇلغان بىر داستانچى جانلىق بولغان تىل ئىشلىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە شائىر بولغاچقا، سورۇن ۋە ئادەملەرنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن داستاننىڭ مەزمۇنىنى قىسقارتىدۇ ياكى داستانغا يېڭىدىن يېڭى دىتاللارنى قوشىدۇ. بۇ دىگەنلىك داستانچى ئەمەلىيەت جەريانىدا نۇرغۇنلىغان فورمۇلا ۋە تەييار قېلىپلارنى ئىشلىتىپ داستاننىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. شاھ مۇھەممەت ئېيتقان «سېيت نوچى» داستانىدا قول تېلفۇن قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنىدىغان بولۇپ، داستانغا كۆچلۈك بولغان دەۋر پۇرىقى سىڭگەن. شاھ مۇھەممەت بۇداستانىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ئۆزگەرتكەن. ئۇ بۇ داستاننىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى بەكرەك تەكىتلەيدىغان بولۇپ، كىشىلەرنى ئىلىملىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. دىمەك شاھ مۇھەممەتنىڭ ئېغىزىدا بۇ داستاننىڭ ئاساسي تېمىسى ئازراق ئۆزگەرگەن. لورد بۇ ھەقتە«ئەمەلىيەتتە ئاساسي تېما سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئاساسي تېما مۇقىم بولغان قېلىپقا ئىگە ئەمەس، بەلكى ئاساسي تېما ماتېرىيالىغا ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ.»⑥دەيدۇ.

ئۇنداق بولسا ئۆزگىرىشچانلىق قانداق كىلىپ چىقىدۇ؟ بىز سىيىت نوچى ھەققىدىكى تۆت داستاننى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە ئېرىشتۇق.

(1)پىشقان داستانچى داستاننىڭ ئەسلى مۇقىم تېكىستىگە بەك ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

شاھ مۇھەممەت داستاننىڭ تېكىست قىسمىنىڭ مۇقىملىقىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا «سىيىت نوچى» داستانى ئۇنىڭ ئۆز تىلىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ داستاننى ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا ئېيتسا داستاننىڭ ئوخشاش بولمىغان نۇسخىسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شاھ مۇھەممەتنىڭ ئەمەلىيەتتىن لوردنىڭ «بىز داستانچىنىڭ مەلۇم بىر مۇقىم تېكىستكە ئېسىلىۋالمايدىغانلىقىنى ئىسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. داستانچىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇقىم قېلىپى بولىدۇ، ئەمما بۇ قېلىپ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، داستانچى تېكىستنىڭ مۇقىم ھالىتىنى ئىسىدە تۇتۇشنى ئانچە بەك ھىس قىلمايدۇ.بىر داستان ھەر قېتىم ئاڭلىغاندا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئېيتىلىدۇ»⑦ دىگەن گېپى يادىمىزغا كىلىدۇ. بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا شاھ مۇھەممەتنىڭ «سىيىت نوچى» داستاننى ئېيتىش ئۇسلۇبى داستانچىلىقتىكى ئاغزاكى فورمۇلا نەزىرىيىسىنىڭ قائىدىلىرىگە چۈشۈپ كىتىدۇ. مەمەتتوختى ياسىن ئېيتقان «سىيىت نوچى» داستانى مەزمۇن جەھەتتىن شاھ مۇھەممەت ئېيتقان داستانغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، شەكىل جەھەتتىن خىلى چوڭ پەرقلەر بار. بۇ دەل بىز يۇقىرىدا ئېيتقان شاھ مۇھەممەتنىڭ مۇقىم بىر تېكىستكە ئېسىلىۋالمايدىغان، ئەمەلىيەت جەريانىدا خالىغانچە ئىجاد قىلىۋۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىدىن كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا خۇتەندىكى تىرىك داستانچىلاردىن ئۇبۇلھەسەن مۇھەممەت قاتارلىقلارمۇ داستانغا كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇش جەريانىدا ئۆزى بەزى گەپلەرنى ۋە قىزىقچىلىقلارنى تۇقۇيدۇ ۋە خەلق قۇشاقلىرىدىن ئارىيەت ئالىدۇ. دىمەك، داستانچى قانچىكى پىشقانسىرى تېكىستنىڭ مۇقىم بۇلىشىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇ تەييار سۆز-جۈملىلەرنى ئىشلەتمىسىمۇ ئىجاد قىلىش قابىلىيىتى ۋە تەجرىبىسىگە تايىنىپ بىر مەيدان نۇمۇرنى مۇۋاپىقىيەتلىك تاماملايدۇ.

(2)داستانچىلارنىڭ داستاننى ئېيتىشتىكى مەقسىتى ئوخشاش بولمىغاچقا داستان تېكىستىدە ئۆزگىرىش كىلىپ چىققان.

داستانچىلارنىڭ «سىيىت نوچى» داستاننى ئېيتىشتىكى مەقسىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزى داستانچىلار تەكتىلىگەن يەرلەرنى بەزى داستانچىلار تەكىتلىمەيدۇ. مەسىلەن قاراقاشلىق شاھ مۇھەممەت ئېيتقان «سىيىت نوچى» داستانىدا ئالاھىدە تەكىتلىدىغىنى سىيىت نوچىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇمىغانلىقى، خەت تونىمىغانلىقى ۋە بۇنىڭدىن كىلىپ چىققان يامان ئاقىۋەت

www.kitaphumar.com

داستاننىڭ ئاساسىي مەقسىتى سۆيىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. مەمەتتوختى ياسىن ئېيقان نۇسخىسىدىمۇ بۇ تەرەپ ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. رۇزى تۇمۇرلەر ئېيتقان نۇسخىسىدا تەكىتلىدىغىنى سىيىت نوچىنىڭ پەلىۋانلىقى، باتۇرلۇقى ۋە مەردلىكىدىن ئىبارەت. شاھ مۇھەممەت باشچىلىقىدىكى داستانچىلار «سىيىت نوچى» داستانى ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، داستان ئېيتىلىشتىن ۋە ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن سىيىت نوچىنىڭ ئۇقۇمغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئارقىلىق بالىلارنى مەكتەپكە ئەۋەتىپ، ئىلىم-بىلىملىك قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

دىققەت قىلىدىغان بولساق «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ تۆت خىل ۋارىيانتىدا سىيىت نوچىنىڭ قەشقەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى ۋە يۇرتىغا قايتىشىدا ئۆچتۇرپاننىڭ ئامبىلىنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە دارىن تەرىپىدىن ئېتىلغانلىقىدەك ئاساسىي تىما مۇقىم بولسىمۇ، داستاننىڭ قالغان قىسىملىرى ئۆزگەرتىپ ئېيتىلغان. لورد بۇ ھەقتە:«مۇقىم بولغان تېكىستلەرنى قوبۇل قىلغان داستانچىلار ئالىلقاچان ئاغزاكى ۋارىسلىق قىلىشنىڭ جەريانىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولۇپ، بۇ ئاغزاكى ۋارىسلىق قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يەنە بىر ئەۋلاد تەقلىد قىلىدىغان، ئەمما ئىجاد قىلىشنى بىلمەيدىغان داستانچىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق داستانچىلار مىللىي بايراملاردا ئوتتۇرغا چىقىپ يادلىۋالغان داستاننى ئوقۇپ بېرىدىغان داستانچىلاردۇر خالاس»دەيدۇ[8].

(3)ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن داستانچىنىڭ ئىسىدىن داستان مەزمۇنىنىڭ بەزى قىسىملىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

شاھ مۇھەممەت ئېيتقان داستاندا ھەقىقىي شئىرى مىسرالارنىڭ ئىگىلەيدىغان نىسپىتى ئاز. بەلكى نەسرى قىسمى كۆپ. شاھ مۇھەممەتنىڭ ئېغىزىدا بۇداستان نەزمىي ئالاھىدىلىكىنى ئاستا-ئاستا يوقاتقان. داستاننىڭ نەزمىي شەكلىدىن نەسر قىسمغا ئايلىنىشتا چاۋكېچىن :«نەزىمدىن نەسر شەكلگە ئۆزگىرىشنىڭ مەلۇم سەۋبى داستانچىنىڭ ئۇنتۇشىدىن كېلىپ چىققان[9]» دەپ قارايدۇ.

شاھ مۇھەممەت سىيىت نوچى داستانىدىكى ئەسلىدە مۇقىم بولغان نۇرغۇن شئىرى مىسرالارنى ئۆزگەرتىپ نەسرى شەكىلگە كەلتۈرۈپ ئېيتىدۇ. مەن شاھ مۇھەممەتنىڭ ئىلگىرى ئېيتقان داستانى بىلەن كېيىن ئېيتقان داستانلىرى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى

ھس قىلدىم. بۇلۇپمۇ ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زىيارەت قىلغىنىمدا «ھازىر كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كەتتىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ئوغلى ماخا تاپالىسام شاھ مۇھەممەتنىڭ بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى داستانىنىڭ ئۈنئالغۇ لىنتىسىنى ئاڭلاپ بېقىشىمنى، ھازىر ئېيتىلىۋاتقان داستانىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە قىسقىراپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئاھاڭىنىڭ بەزى قىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. دېمەك كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە شاھ مۇھەممەت داستانىنىڭ بەزى قىسىملىرىنى ئۇنتۇپ قالغان. شېئىر ئاساس سالماقنى ئىگىلەيدىغان سىيىت نوچى داستانىغا نىسپەتەن ئېيتقاندا خەلق ئۇزۇن ھەجىمدىكى شېئىرى مىسرالارنى ۋە قاپىيەلەرنى ئىنىق ئەسىدە تۇتۇش داستانچىغا نىسپەتەن خەلق قىيىن ئىش ھىسابلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا شاھ مۇھەممەت داستانىنىڭ ئەسلى تىكىست قېلىپىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۆزى تۇققۇغان جۈملىسىمان مىسرالارنى ھەرخىل ئاھاڭلارغا سېلىپ كىشلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تېخىمۇ بۇرايدۇ.

(4)داستانچى ئۆزىگە خاس فورمۇلالارنى ئىجاد قىلغان ۋە داستان مەزمۇننى بېيىتقان بولىدۇ.

«سىيىت نوچى» داستانىنىڭ شاھ مۇھەممەت نۇسخىسىدا ئاساسىي تىما سەل-پەل ئۆزگەرگەن ۋە ھەرقېتىم ئېيتىلغاندا سۆز-جۈملىلەر يىڭىلىنىپ تۇرغان. داستاندىكى بەزى سۆز-جۈملىلەر مۇقىم بولۇپ، مەيلى قانداق ۋاقىت ۋە قانداق سورۇندا ئېيتىلمىسۇن ئوخشاشلا تەكرارلىنىۋېرىدۇ. روشەنكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك شاھ مۇھەممەتنىڭ ئۆزىگە خاس فورمۇلا ۋە ئاساسىي تېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. داستاندا بەزى شېئىرى قىسىم ۋە سۆز-جۈملىلەر ھەر قېتىم ئېيتقاندا ئۆزگىرىدىغان بولۇپ، شاھ مۇھەممەت سۆز-جۈملىلەرنى خالىغانچە توقۇپ چىقىرىدۇ ۋە داستاننىڭ مەزمۇنى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ داستانىنى ئېيتىۋېرىدۇ. لورد بۇ ھەقتە«داستانچىغا نىسپەتەن ئاساسىي تىما ۋە فورمۇلا بارغانسىرى ئاۋۇپ بارىدىغان، يىڭىلىنىدىغان ۋە قايتا ئۆزگەرتىلىدىغان جەريان بولۇپ، بۇ داستانچىنىڭ ئۇرۇنلاش سەنئىتىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ⑩دەيدۇ.

مەمەتتوختى ياسىن ۋە روزى تۇمۇرلەر ئېيتقان «سىيىت نوچى» داستانى بىر قەدەر مۇقىم قېلىپقا ئىگە بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇندالسىمۇ ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ. بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىككە قاراپلا داستانىنىڭ تېكىستى قېلىپلىشىپ بولغاندىن كېيىن مۇقىم ئۆزگەرمەيدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە مۇكەممەل دەپ قارالغان

www.kitaphumar.com

ھەرقانداق بىر تېكىستمۇ ئەڭ دەسلەپ داستانچىنىڭ بىر كۆپلىيت، بىر كۆپلىيتتىن ئىجاد قىلىپ ۋە ئۆرۈندىشىدىن شەكىللىنىگەن. داستانىنىڭ مۇكەممەل بىر نۇسخىسى ھەرگىزمۇ بىرلا ۋاقىتتا شەكىللىنىپ قالمايدۇ. ئەگەر داستانىنىڭ تېكىستى مۇقىملىققا ئىگە دىسە بۇخىل داستان شائىرلار تەرىپىدىن قەلەم ئارقىلىق يېزىلغان داستانىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر داستانچى مەلۇم بىر داستانىنى داستانىنىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئۆگەندى دىگەندىمۇ، داستانىنىڭ ئاشۇ قولىيازمىسى مەلۇم بىر داستانچىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىتتىكى بىر قېتىملىق داستان تېكىستىنىڭ  خاتىرىلىنىشى خالاس. بۇ ھەرگىزمۇ داستانىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ خاتىرىلەنگەن نۇسخا بۇيىچە ئۆزگەرمەي ئېيتىلىدىغانلىقىغا كاپالەت بۇلالمايدۇ. لورد بۇ ھەقتە: «مىسرالارنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا  يادلىغان تېكىست ھەقىقىي ئۇرۇندالغان داستان تېكىستىنىڭ مەزمۇنى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدۇ».(11)دەيدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر داستانچى داستانىنى ئۇستازىنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئۆگەنگەن دەپ قارىساق، ئۇستازىنىڭ ئاشۇ بىر قېتىملىق داستان تېكىستى ھەرگىزمۇ ئاشۇ داستانىنىڭ تولۇق نۇسخىسىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە داستان ئۆگىتىش-ئۆگىنىش جەريانىدا ئايرىم بىر بۆلەكلىرىنىڭ، مىسرالىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى چۈشۈپ قېلىشى، قوشۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئاغزاكى ئەسەرلەرنى 100%تولۇق ھالدا كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش ۋە كېيىنكىلەرنىڭ تولۇقى بىلەن قوبۇل قىلىشى ناھايىتى تەستە ئىشقا ئاشىدىغان جەريان.

پىشقان بىر داستانچى كۈچلۈك بولغان ئىجادچانلىققا ئىگە شائىر ھىسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەرقېتىم داستان ئېيتىلغاندا داستانچى بەزى مىسرالارنى ئۆزگەرتىپ ئېيتىدۇ، بەزى جايلارنى قوشىدۇ ۋە بەزى جايلارنى قىسقارتىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ نەزىم ۋە نەسردىن تەركىپ تاپقان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا نىسپەتەن بۇ خىل ئالاھىدىلىك كۆرنەرلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. مەن زىيارەت قىلغان داستانچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەڭ ئاز دىگەندىمۇ داستانىنىڭ نەزمىي قىسمىنى ھەر قېتىم داستان ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ. قاراقاشلىق مەمەتتوختى توختى داستانىنىڭ شېئىرى قىسمىنىمۇ ئۆزىنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ، قاپىيە كەلتۈرۈپ داستانىنى ئېيتىۋېرىدۇ.شۇڭلاشقا بۇخىلدىكى داستانچىلارنىڭ داستانىنى ھەر قېتىم ئاڭلىساق ئوخشاش بولمىغان تەسىراتلارغا ئىگە بۇلىمىز. شۇڭلاشقا شۇنداق ئېيتىشقا بۇلىدۇكى، پىشقان داستانچى ئۆزى توپلىغان ھەرخىل سۆز، جۈملە فورمۇلالىرىنى ۋە ھىكايە ۋەقەلىكلىرىنى ئىشلىتىپ داستانىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئۇرۇنداپ چىقىدۇ.

«سىيىت نوچى»  داستانىنى باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش قىسمىدا كەسپىي داستانچىلار چۇقۇم كىشلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن ئالاھىدە بولغان سۆز، جۈملە ۋە ناخشىلارنى

ئىشلىتىدۇ. داستاننى باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش قىسمىدىكى نۇرغۇنلىغان فورمۇلالىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سۆز-جۈملىلەر داستانچىنىڭ ھەرقانداق بىر سورۇندا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە داستان مەزمۇنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئىشلىتىدىغان فورمۇلالارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، خوتەن داستانچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ نومۇر ئورۇنداش ماھارىتىنى «تاۋارنىڭ گۈلىنى ئويغاندەك » دىگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەيدۇ.

داستانچىلار داستاننىڭ تېكىست قىسمىنى ئۆزگەرتمىگەن تەقدىردىمۇ، داستاننى باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش قىسمىغا ئۆزى خالىغان ھەرقانداق بىر مەزمۇننى قوشۇشقىمۇ ۋە ئۇنى داستاننىڭ مەزمۇنى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ماڭىدۇ.«نۇرغۇن ئەھۋاللاردا فورمۇلا داستانچىغا ئۆلۈك بولغان سۆز ماھارىتى مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى كېڭىيىشچانلىقى ۋە ئەكىنلىككە ئىگە قۇرۇلمىدىن ئىبارەت.»(12)

(5)داستان ئېيتىلىدىغان شارائىت ۋە تاماشىبىنلار داستان تېكىستىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شاھ مۇھەممەت سىيىت نوچى داستاننى ئېيتسا بەزىدە ناھايىتى قىسقارتىپ ئېيتىدۇ. بىز خوتەندىكى داستانچىلارنىڭ داستانچىلىق پائالىيىتىگە قارايدىغان بولساق داستانچىلارنىڭ بەزىدە داستاننى ناھايىتى قىسقارتىپ ئېيتىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمدا ئۇلار :«بىز تاماشىبىنلارنىڭ كەيپىياتىنى ئاساس قىلىمىز، ئەگەر كىشىلەر قىزىقىپ ئاڭلىسا ئاخىرىغىچە ئېيتىمىز، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىسا ئوتتۇرىسىدىنلار باشلايمىز ياكى قىسقارتىپ ئېيتىمىز» دەپ جاۋاپ بەردى. لورد بۇ ھەقتە «ئەگەر داستانچىنىڭ تاماشىبىنلىرى ناھايىتى ئازابلانسا داستانچىنىڭ ھىسياتى تاماشىبىنلارنىڭ كەيپىياتىغا ماسلىشىپ كۆچىيىدۇ، بەلكىم داستان ئۇزۇن، ھەربىر ھالقىلىرى ناھايىتى تەپسىلي ئېيتىلىشى مۇمكىن. ئەمما سورۇن كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا داستانچى ناھايىتى تىزلىكتە تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، داستاننى ناھايىتى قىسقارتىپ ئېيتىدۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە داستاننى تاماملايدۇ، چۈنكى ئۇ تاماشىبىنلارنىڭ قانچىلىك بەرداشلىق بىرەلەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان بولىدۇ.» (13) دەيدۇ. لورد يەنە بۇ ھەقتە:«ئوخشاش بىر داستانچىنىڭ ئوخشاش بىر داستاننى ئورۇندىشى ئوخشاش بولمايدۇ. ، ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىدىغىنى داستاننىڭ خاتىمىسى بولىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى داستانچىنىڭ داستاننىڭ خاتىمىسىنى قىسقارتىپ ئېيتقانلىقىدىن كىلىپ چىققان».(14)دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقى نوقتىلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىش مۇمكىنكى خەلق داستانلىرى كۆچلۈك بولغان ئۆزگىرىشچانلىقىقا ئىگە. بۇلۇپمۇ پىشقان داستانچىلار داستانىنىڭ ئەسلى مۇقىم تېكىستىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ، بىر قېتىملىق داستان ئېيتىش جەريانى پىشقان بىر داستانچىغا نىسپەتەن ئېيتقاندا، ئۆزگەرتىش، ئىجاد قىلىش، نىسپەتەن مۇقىم بولۇش، قايتا ئىجاد قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئايلانما شەكىلگە ئىگە مۇرەككەپ جەريان. پىشقان بىر داستانچى نۇرغۇنلىغان فورمۇلىلارنى ئىجاد قىلىدىغان ۋە داستانچىلىق ئەمەلىيىتىدە ئۇنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ، بۇ ھال داستانچىنىڭ ئوخشاش بىر داستانىنى ھەر قېتىم ئېيتقاندا ئوخشاش بولمىغان قىسىملارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «سىيىت نوچى» داستانىنىڭ تۆت خىل ۋارىيانتى دەل خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ تېكىستىنىڭ تۇراقسىزلىقىدىن ۋە داستانچىنىڭ ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

## ئىزاھاتلار:

阿尔伯特.贝茨.洛德：故事的歌手, 中华书局，2004 年版，第③② ①
24 页，第 27 页，第 146 页
乌斯曼.司马义：维吾尔民间文学概论（维文版），2009 年版，第④
11 页
尹虎彬：口头诗学的本文概念，民族文学研究，1998 年第.3 期⑤
阿尔伯特.贝茨.洛德：故事的歌手, 中华书局，2004 年版，第 67⑧⑥
页，第 29 页，第 198 页
朝戈金：口传史诗诗学：冉皮勒《江格尔》程式句法研究，广西人民⑨
出版社，2000 年版，第 51 页
阿尔伯特.贝茨.洛德：故事的歌手, 中华书局，2004 年版，第 35⑾⑩
页，第 184 页
朝戈金：口传史诗诗学：冉皮勒《江格尔》程式句法研究，广西人⑿
民出版社，2000 年版，第 224 页
阿尔伯特.贝茨.洛德：故事的歌手, 中华书局，2004 年版，第 22⒁⒀
页
http://www.mutellipiqbal.com/?p=76 ：مەنبە

# تۇرپان ۋاڭلىرىغا ئائىت بىر پارچە نەسەپنامە

# ۋە ئۇنىڭغا شەرھ

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر، ھاجى مامۇت غازى

ئىمىن خوجا 1719-يىلى لۈكچۈننىڭ قارانچۇق بىگى ئەھمەتباقى بەگدىن بەگلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى تۆھپىلىرى ئۈچۈن چىيەنلۇڭ خان تەرىپىدىن 1759-يىلى (چىيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى) تۇرپاننىڭ ۋاڭلىقىغا تەيىنلەندى. شۇندىن باشلاپ ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرىدىن يەتتە ئەۋلاد تۇققۇز كىشى تۇرپاندا 230 يىل ۋاڭ، يەتتە ئەۋلاد سەككىز كىشى ئىلىدا 159يىل ھاكىمبەگ، ئۈچ ئەۋلاد ئالتە كىشى قەشقەردە 90 يىل ھاكىمبەگ بولۇپ ئۆتتى. تولۇق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۇرپان ۋاڭلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى.

2010-يىلى2-ئايدا، پىچان ناھىيىلىك يېزا-ئىگىلىك بانكىسىدىن ئارامغا چىقىپ ئۇرۇمچىدىكى ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان85 ياشلىق مامۇت غازى ھاجىمنى يوقلاپ بارغان چېغىمدا، تۇرپان ۋاڭلىرىغا ئائىت چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخا ئالغۇدا نۇسخىلانغان بىر پارچە نەسەپنامىنى ماڭا كۆرسەتتى. مەن بۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىسام، مامۇت غازى ھاجىم ياشىنىپ قالغاچقا ئەسلىيەلمىدى. تۇرپان ۋاڭلىرىغا ئائىت بۇ بىر پارچە نەسەپنامىنىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى نامەلۇم، لېكىن مەزمۇنىدىن قارىغاندا 1904-يىلى يېزىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشكە بولىدۇ . بۇ نەسەپنامە جەمئىي 13بەت، ئۈچىنچى بەتتىن باشلاپ ھەر بەتكە 13قۇردىن يېزىلغان بولۇپ، بەلگىلىك تارىخي ۋە فولكلور قىممىتى بار. ئوقۇرمەنلەر ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ نەسەپنامىنى نەشرگە تەييارلاش بىلەن بىرگە چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كۆزلەپ قىسقىچە شەرھلىدۇق.



حضرت ایمین خان لیق نینک فرزندلاری

نورمحمد خوجه

سلیمان خان

ابراهیم خان

صیف الله خان

اسکندر خان

فریدون خان

موسی خان



بهرام خان بو لار جمعه سیز او غول ایکان دورک

... والدین علیه الرحمه نینک او غلانلاری حضرت

پیغمبر سید والدین بیک و بیب هر او غلانلاری

بارایکان بو فریدون والدین بیکار نه خدا و رسول

کا شغر و یاری اچره پایسا ینیب پاتقان ارواح

حضرت لار نینک اجدادی برلان کاشغر ایلی یکرمه

سکز ییل پادشاه حاکم مطلق العنان و صاحب

مسلط اولوب تخت سلطنت ده معظم

برقرار و مرکز شرافت ده مستقیم پایدار جانشین کی

ایلاب کاشغر تابع اهم کنت حجرالار ده پاتقان

عزیز و بزرگوار لار نینک مزارت آستانه لار ینی

یساب بو لار نینک آستانه و کارخانه لار یغه



تیو آغا کلا قوی اوند کور و بنیا مبو حال لیق رسیدیز الیب

باریب وعاقیلده روب اولنکار نیب همیشه اولار دین مدد

استمد اوتیلار ایر دیلار و بیکلار و فقرالار جالیدین اکا

لیق ایلاب علما و درویشلار عزت و حرمت و اکرام

اجرا قیلور ایر دیلار و هر قایسی کنت حجرالار نینک

سوییه نغر اولسه سو جهار ییب هر ییب فقر عاجز نامراد

و رعیت لارنه تاریب سیراب امن امان اباد لیق

بولو شیغه جد جهد و سعی کوشش قیلور ایر دیلار

و اول سلطان نینک نهایت نیتی خالص لیق لاریدین

قیلیغان و عالالاری هر کا نیتیدین کاشغر تابع مرکنت

حجرالار و اکه بیک آخوند شیخ بوزباشی اون باشی

امام مئذن فقرا عاجز نامراد و رعیت لار روز به

روز سیراب امن امان و اباد بولوب هر قایسی

لاری



آط کلا پل مال تا فیب آبادلیق و معمورلوق مرتبه سی غو
اولاتیب شاد و خرم بولوب سپاهی و مسافر و غیره
ورگاه حق سارینه با قیب شکر گذارلیق ایلاب واول
ذات با برکات نینک دولت اقبال لارینه دعای خیر
قیلورلار ایردیلار واول ذات با برکات کو نذوز
لارده حاتم و کیچه لارده قایم ورکوع و خشوع دا ایردیلار
واول ذات کثیرلیق نینک فرزندلاری محمد سعید دانگ
بیک علیه الرحمه ایردیلار واول شهنشاه عالم پناه یعنی
حضرت فریدون دانگ اوز حیات لیقیده التوثیق
شی عظیم لا یعطی الا بعید عزیز مضمونیغه عمل قیلیب
بو عالم جرخ غدارنینک بی فا یا بلغانین کوزلاب وعمر نینک
قلیل وبی وفا بلغانین اسباب الدنیا مزرعة الآخرة
حدیث نبوی مضمونیدین واقف اولوب شهرنینک

برمدرسه عالی ومنبری متعالی بنا ایلاب وباز ارلوزیده
بخاری فضول صنفلاری وشهر باشندیده لار و دکان لاری
قیلدورروب بومدرسه غه وقف علی تقبلیلار
واول سلطان نینک شغفره تابع هم کنت مجرالارنینک
جالیدین واقف اولوب سوینه ازلیق قیلیب نورعون
حشر قیلدورروب اوستنکه ایریق لارینی جا بستوروب
سوینه زجحارتیب سکوزوب مریب هم خلق لارنه
کنگروتار تیب نه اب قیلیلور ایردیلار و فقیر عاجز
لارنینک جالیدین خبردار اولوب وتحفه لار وحکوم
التفات احسان ایلاب وبچانلار غه جزا بیریب تورا
تورار ایردیلار واول شهنشاه عدالت پناه وحکومت
دستگاه نینک بخشش نیت لاری آثاری جونک کیچه
هم خلق لار کونکل لارینه تا بیش وتاثیر اولغانیدین
اولوس



ادلتوروب ایردیلار اندین بر مرالدیلار نیغه الب کریب
عرض حال احوالیدین تحقیق لاب خبر ومند لیغ بیک
لارینی بوکورتوب جلوه کلتوروب و فراقوسیدین
بوکورتوب وامتحال خیالات لاری جشمه لاری ایله
وآب وسوراب تولاتوب جفار ور وبعضه لارین
شرعیک آخوند لار الدیغه کتی بویروب کورکوزوب
شرعی برهان تولا تور ایردیلار بو سلطان نینک
وبعضه خوارقه عادات لاری بو ایردیکیم کیچه لارده بیدار
اولوب تلاوت قران وذکر ثنا ایلاب درگاه
الهی غه بولیون قیلیب یوز کلتورواوب جشمه
دین اشک ورلارینی توکوب نیاز مندلیغ ایلاب
دعا و طلب ایلاد لتوروب فقرالارحقی ده دعا
قیلور ایردیلار کیچه لارنه بوطریقه بر له اوتکازور ایردیلار

اولوس خیل لاری روز بروزه اوقات تیب بیلدار دال ار
وزردار اولوب معمورلوق مرتبه سیغه وآبادلیق
درجه سیغه اولاتیب تیج آمان اولغانیغه همه
خلق لار خوشنود اولوب درگاه حق غه شکر
گذارلیق قیلور ایردیلار واول شهنشاه عدالت
تخت سلطنت ده برقرار اولغانلاریده کاتوغو
تابع هم یورت کنت مجرالارنینک بیک آخوندا کابر
اشراف اولوغ لاری صاحب ومساوتیده بیغلشیب
کلیب تعظیم تحیة ادا ایلاب کورونوش قیلیب
یورت دارلیک استقبال حالاتیدین ایمان حکم لارین
هر قایسی لارین انقلاب اوزیورتیغه بایتور ایردیلار
دادخواه اهلین سورار وتستینده نماز شین نمازی
ادا ایلاب دادخواه اهلین سورایدورغان بزم گاهیغه جعب

www.kitaphumar.com

برنچه کون یاتیب تاج ایب طبیب حکما لار کلیب کوروب سبب
قارلیق قیلدیلار خدا و رسول حکمی نه نذر نیاز قیلدیلار کسل لارغه
کوندین کونکه زیاده بولوب علما لار و بیکلار یورتیدا یوروب
لارنینک بیکه جوغلار برلان کوروشوب وداعلاشیب
اهل عیال و ندیم لار خیل لاریغه پند نصیحت لار قیلیب جمع
تعلقات لاریدین کونکل رشته سین اوزوب بدن
قوشلاری بو عالم فانیدین عالم بالاغه رحلت
قیلدیلار شوال سنه فرزندلاری محمد سعید والی
بیک کز خبر یتیب یارکند شهریدین قاشغرغه یتیب کلیب ایلار
و اول ذات شریف نینک نماز لاریغه قاشغر تابع
اهل کنت جوار اکه بیک آخوند شیخ یوزباشی اون باشی
امام مؤذن جونک کیچیک خلق لارغه خبر بریب هم خلق
لار جمع اولدیلار و آخوندلار بدن لارینی یویب جنازه لارینی
جنازه غه

و کوپ علما و درویش لار برلان هم صحبت اولوب کتاب
خوانلیق و طاعت لارلیق قیلور ایردیلار نظام سپاهلیق
کاری توپ برله عالم سازلیق ایشلاری حکمرانلیق
ایلاب توقاتور ایردیلار و باطنا همیشه فقرا عاجز شکسته
دل و یتیم بیچاره و غریب آواره رعیت لار حالاتلاریدین
واقف اولوب بولارنینک حال لاریغه یتیب عرضین انکلاب
مرحمت و شفقت و مروت و التفات لار قیلور ایردیلار
حضرت فریدون والی بیک علیه الرحمة اوز حیاتلیق
لاریده فرزندلاری محمد سعید والی بیک یارکند شهرغه
حاکم مطلق العنان ایردیلار حضرت محمد سعید والی
بیک نینک فرزند دلبند و جگرگوشه خورسنده لاری
حضرت افریدون والی بیک کیچیک ایدیلار کونلارده
برکونی حضرت فریدون والی بیک کسل عارض بولوب

نامراد و عاجز کدای خلق لار کلیب ایب غنیه بولدیلار خزینه
و دفینه لاری محرق قیلیشی نینک نهایتی قالمادی
اندین محمد سعید والی بیک اتاسی نینک اورنیدا
حاکم مطلق العنان پادشاه اولوب تخت سلطنت
متمکن برقرار اولوب یارکند اهلیغه برجه سیل عدل عدالت
سلان سوراب و بیکلار فقرا عاجز رعیت لار حالیدین
خبر ایب مرحمت ایلاب شرعی جاری قیلیب رعایه
و فقرا او سوراغ لارینی بموافق شرع حکم سوراب
فقرا لار حالیغه یتیب و یخشیلارغه التفات احسان
قیلیب و یمانلارغه جزا بریب یورت نه امن امان
قیلدیلار شیخ طریقه ده قاشغر یارکند لارنه برنچند
ییل سوراب کوزغلان وقت لارده بو عالم سوقالیق
یوز کلتوروب و جهان خیل لاریدین اینک ساری

جنازه کا سالیب نماز لارینی اوتاب کومارتیب یوردیلار
یاشلاریدین بشنبه بنده خدمتگارلار اوروب آزاد
قیلیب و واراغی یاشلاریدین التون کموش پل مال لارینه
ساجتی لار هم جونک کیچیک خلق لاریغه یتیب تالایغمه
لار بار تیب ارقه لاریدین حسرت و ندامت چکیب
حضرت سعید آفاق بزرگوار نینک آستانه لاریغه
الیب بریب کومبز اچره دفن قیلدیلار و هر قایسی
شهر شهار و یارلاریدین کلکن بیک آخوند شیخ امام مؤذن
یوزباشی اون باشی آدمی خلق لارغه اولوغ متاع
لاریدین قیلغان خیرات و تصدقات لارینی جونک کیچیک
هم خلق لارغه بچه کون غجبرر دیلار و اشعارلاریغه التون
کموش پل مال تیوه اط کلا طلیق لارنه ایاغی فقیر
عاجز کدای لارغه سیکلو ازوب اولکه هتو دوب بردیلار



**يەشمىسى:**

ھەزرەت ئىمىن خوجىنىڭ پەرزەنتلىرى نۇرمۇھەممەت خوجا، سۇلايمانخان، ئەۋرازپىخان، سەيپۇللاخان، ئىسكەندەرخان، فەرىدۇنخان، موساخان، بەھرامخان. بۇلار جەمئىي سەككىز ئوغۇل ئىكەندۇق①. فەرىدۇن خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ بەگ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇن ۋاڭ، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد ۋاڭ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىمىن ۋاڭ. فەرىدۇن ۋاڭ ئەلەيھى رەھمەنىڭ ھەزرەت مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ دەپ بىر ئوغلى بارئىدى. فەرىدۇن ۋاڭ خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ ئىرادىسى، كاشغەر دىيارى ئىچىدە ياتقان ئۇلۇغلار ۋە كاشغەر ئەھلىگە يىگىرمە سەككىز يىل ھاكىمبەگ ۋە ئىگە بولغۇچى روھىنىڭ ②مەددىتى بىلەن، تەختى سەلتەنەتتە مۇقىم ئولتۇرۇپ، مەركەز شاراپىتىدە چىڭ تۇرۇپ③، كاشغەرغە تەۋە ھەممە كەنت سەھرالاردا ياتقان ئەزىز ۋە بۇزرۇكۋارلارنىڭ مازارلىرىنى ياساپ، ئۇلارنىڭ ئاستانە ۋە كارخانىلىرىگە تۆگە، ئات ـ كالا، قوي، ئۇن ـ گۆرۈچ، يامبۇ، پۇل ـ مال بەخشەندە قىلىپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلەيتتى. پۇقرالار ھالىدىن خەۋەر ئىلىپ، ئۆلىما ـ دورۋىشلارگە ئىززەت ـ ھۆرمەت، ئىكرام، ئېھسان قىلاتتى. كەنت ـ سەھرالارنىڭ سۇيى يېتىشمىسە، سۇ چىقىرىپ بېرىپ، پۇقرا ۋە ئاجىزلارنى ئاسراپ، يۇرتنىڭ ئەمىنبۇلىشىغا زور كۈچ چىقاراتتى.

بۇ سۇلتاننىڭ نىيىتىنىڭ ناھايىتى خالىسلىقىدىن، قىلغان دۇئالىرىنىڭ بەركىتىدىن، كاشغەرغە تەۋە ھەممە كەنت سەھرالاردىكى بەگ، ئاخۇن، شەيىخ، يۈز بېشى، ئون بېشى،

ئىمام، مۇئەززىن، پۇقرا، ئاجىز نامرات ئاۋامكۆندىن ـ كۈنگە تېنىچ ـ ئامان ۋە ئاۋات بولۇپ ھەر قەيسلىرى ئات، كالا، پۇل مال تېپىپ ئاۋاتلىق ۋە باياشاتلىقا ئېرىشىپ، شاد ـ خۇرام بولۇپ سەھەر ـ ئاخشام، بەش نامازلىرىدا ھەققە يۈزلىنىپ شۈكۈر قىلىپ، بۇ بەرىكەتلىك زاتنىڭ دۆلەت ئىقباللىغا خەيرىلىك دۇئالار قىلاتتى. بۇ بەرىكەتلىك زات كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچەلىرى چىن نىيەت بىلەن ئىبادەتكە مەشغۇل ئىدى. بۇ مۇبارەك زاتنىڭ پەرزەنتى مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ ئەلەيھىررەھمە ئىدى. ھەزرەت فەرىدۇن ۋاڭ④ ئۆز ھاياتلىقىدا <<تەۋفىق ئەزىز بەندىلەرگە ئاتا قىلىنغان قىلىندىغان نەرسە>> مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، بۇ ئالەم ئىشلىرىنىڭ تۈگمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋە ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقى ۋە بىۋاپالىقىنى ئويلاپ <<بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى>> دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسىدىن خەۋەردار بولۇپ، شەھەر ئىچىدە بىر مەدرىسە سالدۇرۇپ، بازار يۈزىدە نەچچىگەن كاتتا، يېڭى ئۆيلەر ۋە شەھەر سىرتىدا كارۋان ساراي ياستىپ بۇ مەدرىسكە مەڭگۈلۈك ۋەخپە قىلدى. بۇ ھاكىمبەگ كاشغەرگە تەۋە ھەممە كەنت سەھرالارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ سۇيى ئازلىق قىلسا، نۇرغۇن ھاشار قىلدۇرۇپ ئۆستەڭ ـ ئېرىقلار چاپتۇرۇپ سۇيىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ھەممە خەلقلەرنى كەڭتاشا قاندۇراردى. پىقىر ئاجىزلارنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولۇپ، ياخشىلارغا ئېلتىپات، ئېھسان قىلىپ يامانلارغا جازا بېرىپ تۇزەتتى. بۇ ئادالەت ئىگىسى، ھۆكۈمەتنىڭ پاناھى، ياردەم بەرگۈچىنىڭ ياخشى نىيەتلىرى چوڭ ـ كىچىك ھەممە خەلقلەر كۆڭۈللىرىگە ئايان ۋە تەسىر قىلغانلىقتىن كىشلەرنىڭ ئوقەتلىرى كۈندىن ـ كۈنگە يۇرۇشۇپ، پۇلدار، مالدار، روزىدار بولدى. باياشاتلىق ۋە ئاۋاتلىق دەرىجىسىگە يېتىپ، تېنىچ ئامان بولغانغا ھەممە كىشلەر خۇش بولۇپ، ھەققە شۈكرى ئېيتتى. بۇ ئادالەتنىڭ ئىگىسى تەخت سەلتەنەتتە ئولتۇرغاندا، كاشغەرغە تەۋە ھەممە يۇرت كەنت سەھرالارنىڭ بەگ، ئاخۇن، ئاكابىر ـ ئەشرەپ، ئۇلۇغلىرى سەھەر ـ ئاخشام ۋاقتىلىرىدا يىغىلىپ كېلىپ، تەزىم بىجا كەلتۈرۈپ، كۆرۈنۈش قىلىپ، يۇرتدارلىق ئىشلىرى تۈغرىسىدا قىلىنغان ھۆكۈملەرنى ئاڭلاپ ئۆز يۇرتىغا ياناتتى. دەۋا ئەھۋالىنى سورار ۋاقتىدا پېشىن نامازىنى ئوقۇپ بولۇپ دەۋا ئەھۋالىنى سورايدىغان بەزىمگاھىغا چىقىپ ئولتۇراتتى، ئاندىن بىر ـ بىرلەپ ئالدىغا ئەكىرىپ ئەرز ئەھۋالىنى تەھقىقلاپ، چىچەن بەگلەرنى يۆگۈرتۈپ، ھەيۋەتكە كەلتۈرۈپ، ئەقىل پاراستىنى يۈرگۈزۈپ، كۆپ تەرەپلىمە ئويلاپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن قاراپ ۋە سوراپ تۈگۈتۈپ چىقىراتتى. ۋە بەزىلىرىنى شەرئەت قازىلىرىنىڭ ئالدىغا ئادەم بۇيرۇپ، مەسلىھەتىنى ئىلىپ شەرئەت بىلەن تۈگىتەتتى. بۇ ھاكىمبەگنىڭ بەزى ئالاھىدە ئادەتلىرى بولاردۇر: كېچىلىرى ئۇخلىماي قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، زىكرى تەسبىھ ئېيتاتتى، ئالالاھقا يۈزلىنىپ، كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، پۇقرالار ھەققىگە دۇئا قىلاتتى. كېچىلىرىنى مۇشۇ تەرىقە بىلەن ئۆتكۈزەتتى. گاھى ئۆلما ـ دۇرۋىشلەر بىلەن ھەم سۆھبەت بولۇپ كىتاپخانلىق ۋە تىلاۋەت قىلاتتى. ئاشكارا

سىياسەتلىرى بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇراتتى. يۇشۇرۇن ھالىدا ھەممىشە نامرات، ئاجىز، دىلى سۇنغان، يېتىم-بىچارە، غېرىپ-جاپاكەش ئاۋام ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ ئەرزىنى ئاڭلاپ، سېخىيلىق، مېرىبانلىق ۋە مەردانىلىق قىلاتتى. ھەزرەت فەرىدۇن ۋاڭ ئەلەيھى رەھمەنىڭ ئۆز ھاياتلىقىدا مۇھەممەت سەئىدۋاڭ دەپ بىرلا پەرزەنتى بار ئىدى. مۇھەممەت سەئىدۋاڭ ياركەنتكە ھاكىمبەگ ئىدى⑤. ھەزرەت مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ بەگنىڭ پەرزەنتى يوق پارىسى، خۇشاللىقى ھەزرەت ئەفرىدۇن ۋاڭ بەگ كىچىك ئىدى. كۆڭلەردىن بىر كۈنى ھەزرەت فەرىدۇن ۋاڭ بېگىمگە كېسەل تېگىپ، بىر نەچچە كۈن يېتىپ قىلىپ، تېۋىپ ھەكىملەر كىلىپ كۆرۈپ سەۋەپكارلىق قىلدى. خۇدا يولىدا نەزىر قىلدى. كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئۆلىمالار ۋەبەگلەر، يۇرت - يۇرتلارنىڭ چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ۋىدالاشتى. ئايالىلىرى ۋەيېقىنلىرىغا نەسىھەت قىلىپ، ھەممە تەئەللۇقاتلىرىدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ، بەدەن قۇشى بۇ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كۆچتى. شۇ ۋاقتىدا، پەرزەنتى مۇھەممەد سەئىدۋاڭ بەگگە خەۋەر يېتىپ ياركەند شەھرىدىن كاشغەرغە يېتىپ كەلدى. بۇ زاتى شېرىپىنىڭ نامىزىغا كاشغەرغە تەۋە ھەممە كەنت سەھرالاردىكى بەگ، ئاخۇن، شەيىخ، يۈز بېشى، ئۇن بېشى، ئىمام، مۇئەززىن، چوڭ-كىچىك خەلقلەرگە خەۋەر بېرىپ ھەممە خەلقلەر توپلاندى. ئاخۇنلار ھەزرەت فەرىدۇن ۋاڭنىڭ بەدەنلىرىنى يۇيۇپ⑥، جەسەتلىرىنى جىنازىغا سېلىپ، نامازلىرىنى چۈشۈرۈپ، كۆتۈرۈپ ماڭدى. باشلىرىدىن بىر نەچچە خىزمەتكارنى ئۆرۈپ ئازات قىلدى، ھەسرەتلىك باشلىرىدىن ئالتۇن كۈمۈش پۇل ماللىرىنى چېچىپ سەدىقە بەردى. ھەممە چوڭ-كىچىك خەلقلەر يىغلىشىپ نالە-پىغان قىلىشىپ، ئارقىسىدىن ھەسرەت-نادامەت چېكىپ، ھەزرەتسەئىد ئافاق خوجا بۇزرۇكۋارنىڭ مازىرىغا ئاپىرىپ، گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلدى. شەھەر-شەھەر، دىيارلاردىن كەلگەن بەگ، ئاخۇن،شەيىخ، ئىمام، مۇئەززىن، يۈز بېشى، ئون بېشى، ئاۋام، خەلقلەرگە مال دۇنيالىرىدىن قىلغان خەير-ساخاۋاتلىرىنى چوڭ ـ كىچىك ھەممە خەلقلەرگە نەچچە كۈنگىچە بەردى. ئىسقادلىرى ئۈچۈن ئالتۇن، يامبۇ، كۈمۈش، پۇل-مال، تۆگە، ئات، كالا قاتارلىقلارنى نامرات، ئاجىز، گادايلارغا يەتكۈزۈپ ئۈلۈشتۈرۈپ بەردى. نامرات ، ئاجىز، گاداي كىشىلەر كىلىپ، بۇلاردىن ئىلىپ باي بولدى. خەزىنىدىكى مال ـ دۇنيانى سەرىپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. ئاندىن مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ بەگ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ھاكىمبەگ بولۇپ ياركەند ئەھلىنى بىر نەچچە يىل ئادالەت بىلەن سوراپ، بەگلەر، نامرات ئاجىز پۇقرالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئىلىپ، مەرھەمەت ئەيلەپ، شەرىئەتنى جارىي قىلدۇرۇپ، ئاۋام ـ پۇقرالانىڭ دەۋا سوراقلىرىنى شەرىئەت ھۆكۈمى بىلەن مۇۋاپىق سوراپ پۇقرالار ھالىغا يېتىپ ۋە ياخشىلارغا ئىلتىپات، ئېھسان قىلىپ، يامانلارغا جازا بېرىپ، يۇرتنى تېنىچ ئامان قىلدى. شۇ تەرىقىدە كاشغەر، ياركەندلەرنى بىر نەچچە يىل سوراپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، بۇ ئالەم بىۋاپالىق قىلىپ،

غەلیانچىلار پەیدا بولۇپ، ھەزرەت فەرىدۇن ۋاڭنىڭ پەرزەنتى، يۈرەك باغرى، خۇشاللىقى بولغان مۇھەممەد سەئىد ۋاڭنىڭ كاتتا گۆلشەنىگە قازايى قەدىر يېتىپ، ئاجىزلىق ۋادىسىدا ھەيران، غەملىك دەشتىدە سەرگەردان بولدى⑦. ئاندىن كېيىن ئەفرىدۇن ۋاڭ بېگىمگە خاندىن يارلىق چىقىپ، بۇ تۇرفاندا ئون يىل، ياركەندتە ئون ئىككى يىل تەختتە ئولتۇرغاندىن⑧ كېيىن ئالەم مالمانچىلىق بولۇپ، بۇ شەھەرلەر ئون تۆت يىل پادىشاھسىز قىلىپ⑨، ئاندىن خاندىنچېرىك چىقىپ بۇ شەھەرلەرنى ئىلكىگە ئالدى⑩. سۇلتان مەھمۇد ۋاڭ بېگىمنى تۇرفان دىيارىغا ۋاڭ قىلىپ، جاساقلىرىنى بەردى. ئون سەككىز يىل ئىنانچى خان بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنى باشقۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئالەم بىۋاپالىق قىلىپ، بۇ پانىي ئالەمنى تاشلاپ، ئاخىرەتنى ياخشى كۆرۈپ، جان قۇشى بەدەن قەپىزىدىن پەرۋاز قىلىپ كەتتى(11). كېيىن ئۇنىڭ يۈرەك باغرى، خۇشاللىقى ھەزرەت ئىمىن ۋاڭ بېگىمگە ئىنانچى خانلىق (12)تېگىپ، بۇ يۇرتتىكى پېقىر، ئاجىز، نامرات، گادايلارغا مەرھەمەت ئەيلەپ، ئۈشرە زاكاتلىرىنى چوڭ-كىچىك كىشىلەرگە يىگۈزۈپ ، گەدىنىدىن ئادا قىلىپ، يۇرتنىڭ تېنىچ-ئامان بولۇشىغا كۆپ كۈچ چىقىرىپ ئادالەت بىلەن تۇتۇپ تۇرغىلى تۆت يىل بولۇپتۇ(13). خۇداۋەندە تائالا ئۆمرىنى تۆت مىڭ يىل ئۇزۇن، دۆلىتىنى زىيادە قىلسۇن .ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

**ئۇقۇلغۇسى:**

ھەزرەت ئەمىين خانلىقىنىڭ فەرزەندلەرى، نۇرمۇھەممەت خوجە، سۇلايمانخان، ئوۋرازىپخان، سەيپۇللاخان، ئىسكەندەرخان، فەرىدۇنخان، موساخان، بەھرامخان. بۇلار جەمئى سەككىز ئوغۇل ئىكەندۈك(1). مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ئىبنى ئەفرىدۇن ۋاڭ ئىبنى سۇلتان مەھمۇد ۋاڭ ئىبنى ئەمىين ۋاڭ. ھەزرەتفەرىدۇن ۋاڭ ئەلەيھى رەھمەنىڭ ئوغلانلارى ھەزرەت مۇھەممەت سەئىدۋاڭ دەپ بىرلائوغلانلارى بار ئىكەن. بۇ فەرىدۇن ۋاڭ دېگەنى خۇدا ۋە رەسۇل كاشغەر دىيارى ئىچىرە ياستانىپ ياتقان ئەرۋاھى ھەزرەتلەرنىڭ ئۈمدادى بىرلەن كاشغەر ئەھلىغە يىگىرمە سەككىز يىل پادىشاھ ھاكىم مۇتلەق ئىنان ۋە ساھىب مۇسەللەت(2) ئۇلۇپ، تەخت سەلتەنەتىن مۇقىم بەرقارار ۋە مەركەز شەراپەتتە مۇستەقىم فەيدار(3) جانىشىن ئەيلەپ، كاشغەرغە تەۋە ھەممە كەنت سەھرالاردە ياتقان ئەزىزۋە بۇزرۇكۋارلارنىڭ مازارەت-ئاستانەلەرىنى ياساپ، ئۇلارنىڭ ئاستانە ۋە كارخانەلەرىغە تىيۋە، ئات، كالا، قوي، ئۇند-گۆرۈچ، يامبۇ، پۇل-مال نەزىر نىياز ئالىپ بېرىپ، دۇئا قىلدۇرۇپ ئۆتكەزىپ، ھەمىشە مەدەد ئىستىمداد تىلەر ئەردىلەر. ۋە بەگلەر، ۋە فۇقرالار ھالىدىن ئاگاھلىق ئەيلەپ، ئۆلىما-دۇرۋىشلەرغە ئىززەت ۋە ھۆرمەت، ۋە ئىكرام، ئېھسان قىلۇر ئەردىلەر. كەنت- سەھرالارنىڭ سۈيى تەغىر ئولسە، سۇ چىقارىپ بېرىپ، فەقىر، ئاجىز، نامراد ۋە رەئىيەتلەرنى تارتىپ، سيراپ، ئەمىن، ئامان، ئابادلىق بولۇشىغە جىد جەھدۇ ۋە سەئىي كۇئىش قىلۇر ئەردىلەر.

ۋە ئۇلسۇلتانىنىڭ نىهايەت نىيىتى خالىسلىقلىرىدىن، قىلغان دۇئالىرىنىڭ بەركاتىدىن كاشغەرغە تابە هەممە كەنت سەھرالاردىكى بەگ، ئاخۇند، شەيىخ، يۈز بىشى، ئون بىشى،ئىمام، مۇئەززىن، فەقىر، ئاجىز، نامرات، ۋە رەئىيىيەتلەر رەۋزە بەرەۋزە سىيراپئەمىن ئامان ۋە ئاباد بولۇپ هەر قايسلەرى ئات، كالا، پۇل مال تاپىپ، ئابادلىق ۋە مەئمۇرلۇق مەرتىبەسىغە ئۇلانىپ، شاد خۇررام بولۇپ، ساباھ ۋە مىسا فەرزۇ خەمسەدە دەرگاھىھەق سارىغە باقىپ، شۈكۈرگۈزارلىق ئەيلەپ، ئول زات يابەرەكاتنىڭ دۆلەت ئىقبالەرىغە دۇئايى خەير قىلۇر ئەردىلەر. ئول زات يابەرەكات كۈندۈزلەردە ساھىم ۋە كېچەلەردە قايىم ۋە روكو ۋە خۇشۇدا ئەردىلەر. ئول زات شەرىفنىڭ فەرزەندلەرى مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ ئەلەيھى رەھمە ئەردىلەر. ئول شاھىنشاھى ئالەم پەناھ، يەئنى هەزرەت فەرىدۇن ۋاڭ(4) ئۆز هاياتلىقىدە <<ئەتتەۋفىقۇ شەيئۇن ئەزىمۇن لايۇئتا ئىللا لىئەبدى ئەزىز>>مەزمۇنىغە ئەمەل قىلىپ، بۇ ئالەم چەرخىغەدارىنىنىڭ بىي فايانلىغىن كۆزلەپ، ۋە ئۈمۈرىنىڭ قەلىيل ۋە بىي ۋاپالىغىين ئىستەپ<< ئەددۇنيا مەزەرەئەتۇن ئاخىرەتى>> دېگەن هەدىس نەبىۋى مەنىسىدىن ۋاقىف ئۇلۇپ، شەھەر ئىچىدە بىر مەدرىسە ئالي مۇنبەرى مۇتەئالي بىنا ئەيلەپ، بازارىيۈزىدە نەچچە ئۆي نەزول سەففەلەر ۋە شەھەر تاشىيدە كارۋان ساراي قىلدۇرۇپ، بۇمەدرىسغە ۋەخپە مۇتلەق قىلدىلەر. ۋە ئول سۇلتان كاشغەرگە تەۋە هەممە كەنت سەھرالارنىڭ هالىدىن خەۋەردار ئۇلۇپ، سۈيى ئازلىق قىلسە، نۇرغۇن هەشىر قىلدۇرۇپ، ئۈستەڭ ئېرىقلارنى چاپتۇرۇپ سۈيىنى چىقارتىپ يەتكۈزۈپ بېرىپ هەممە خەلىقلەرنى كەڭرۇ تارتىپ سىيراپ قىلۇر ئەردىلەر. فەقىر ئاجىزلارنىڭ هالىدىن خەۋەردار ئۇلۇپ، ياخشىلارغا هۆكۈم ئىلتىپات، ئېھسان ئەيلەپ يامانلارغا جەزا بېرىپ تۈزەتۇر ئەردىلەر. ۋە ئول شاھىنشاھ ئادالەت پەناھ، ۋە هۆكۈمەت دۇستىگاھىنىڭ ياخشى نىيەتلىرى ئاھەرى چوڭ ـكىچىك هەممە خەلقلەر كۈڭۈللىرىغە تابىيش ۋە تەئسىر ئۇلغانىدىن ئۇلۇس خىيللەرى رەۋزە بەرەۋزە ئۇۋ قاتتىپىپ پۇلدار، مالدار، روزىدار ئۇلۇب مەئمۇرلۇق مەرتىۋىسغە ۋە ئاۋادلىق دەرىجىسىغە ئۇلانىپ، تېنىچ ئامان ئۇلغانىغە هەممە خەلىقلەر خۇشنود ئۇلۇب، دەرگاھىھەققە شۈكۈر گۈزارلىق قىلۇر ئەردى. ۋە ئول شاھىنشاھى ئادالەت تەخىت سەلتەنەتىدە بەرقەرار ئۇلغانلىرىدە، كاشغەرغە تەۋە هەممە يۇرت كەنت سەھرالارنىڭ بەگ، ئاخۇند، ئاكابىر-ئەشرەپ، ئۇلۇغلىرى سەباھ ۋە مىسا ۋاقتىدە يىغىلىشىپ كىلىپ، تەئزىم تەھىييە ئەدا ئەيلەپ ،كۆرۈنۈش قىلىپ، يۇرتدارلىق ئىشتىغال هالىتىدىن ئايغان هۆكۈملەرىن هەر قايسلەرىن ئاڭلاپ، ئۆز يۇرتىغا يانۇر ئەردىلەر. دادخۇۋاھ ئەھۋالىين سورار ۋەقتىيندە نەماز فېشىن نامازىنى ئەدا ئەيلەپ، دادخۇۋاھ ئەھۋالىين سورايدۇرغان بەزىمگاھىغا چىقىپ ئولتۇرار ئەردىلەر، ئاندىن بىر-بىر ئالدىلەرىغە ئىلىپ كىرىپ ئەرز هال ئەھۋالىدىن تەھقىقلاپ، خىرومەندىلىغ بەگلەرنى يۈگۈرتۈپ، جىلۇەگە كەلتۈرۈپ، ۋە فىراتوسنىيىن يۈرگۈزۈپ، ۋە ئىمتىهال خىيالەتلىرى، چەشمەلەرى ئىلە قاراپ ۋە سوراپ تۈگەتۈپ چىقارۇر. ۋە بەئزىلەرىن شەرئيكى ئاخۇندىلارنىڭ ئالدىغە كىشى بۇيرۇپ كۆرگۈزۈپ، شەرئي

www.kitaphumar.com

بىرلەن تۆگەتۇر ئەردىلەر. بۇ سۇلتانىنىڭ بەزنخۇۋارقى ئادەتلەرى بۇ ئەردىيكىم: كېچەلىرىدە بىيدار ئۇلۇپ تىلاۋەت قۇرئان ۋە زىكرىسەنا ئەيلەپ، دەرگاھى ئالىيغە بويۇن قىسىپ، يۈز كەلتۈرۈپ، چەشمەسىدىن ئۇشكىدۇرلارنى تۆكۈپ نىياز مەندلىغ ئەيلەپ، دۇئا ۋە تەلەپ ئىلە ئولتۇرۇپ، فۇقرالار ھەققىدە دۇئا قىلۇر ئەردىلەر. كېچەلەرنى بۇ تەرىقە بىرلە ئۆتكۈزۈرئەردىلەر. ۋە گاھى ئۆلما-دۇرۋىشلەر بىرلەن ھەم سۆھبەت ئۇلۇپ كىتاپخوۋانلىق ۋە تائەتكارلىق قىلۇر ئەردىلەر، زاھىر سىياھلىق تەرىقەسى بىرلە ئالەم سازلىق ئىشلارنى ھۆكۈمرانلىق ئەيلەپ تۆگەتۇر ئەردىلەر. ۋە باتىندە ھەمىشەفەقىر، ئاجىز، شىكەستە دىل ۋە يېتىم بىچارە، ۋە غېرىپ ئەۋارە رەئىيەتلەر ھالەتلەردىن ۋاقىف ئۇلۇپ، بۇلارنىڭ ھالىغە يېتىپ ئەرزىن ئاڭلاپ، مەرھەمەت، ۋە شەپقەت ۋە مەرۇۋۋەت ۋە ۋە ئىلتىفاتلار قىلۇر ئەردى. ھەزرەت فەرىدۇن ۋاڭ ئەلەيھى رەھمەنىڭ ئۈز ھاياتلىقلارىدا فەرزەندلەرى مۇھەممەت سەئىدۋاڭ بەگ ياركەنت شەھرىغە ھاكىم مۇتلەق ئىنان ئەردىلەر(5). ھەزرەت مۇھەممەت سەئىد ۋاڭبەگنىڭ فەرزەندى ۋە دىلبەندى ۋە جىگەر گۆشت خۇرسەندلەرى ھەزرەت ئەفرىدۇن ۋاڭ بەگكىچىك ئەردىلەر. كۆنلەردىن بىر كۆنى ھەزرەت فەرىدۇن ۋاڭ بەگكە كېسەل ئارز ئۇلۇپ، بىر نەچچە كۈن ياتىپ قىلىپ، تىبىپ ھۆكىمالار كىلىپ كۆرۈپ سەبەبكارلىق قىلدىلەر. خۇدا ۋە رەسۇل ھەققىدە نەزىر نىياز قىلدىلەر.كېسەللەرى كۈندىن ـكۈنگە زىيان بولۇپ، ئۆلمالار ۋە بەگلەر، يۇرت ـ يۇرتلارنىڭ چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ۋىدالاشىپ، ئەھلى ئايال ۋە نەدىملار خىياللىرىغە پەند-نەسىيھەتلەر قىلىپ، ھەممە تەئەللۇقاتلارىدىن كۆڭۈل رىشتىسىن ئۈزۈپ، بەدەن قۇشلارى بۇ ئالەم پانىيدىن ئالەم بالاغە رىھلەت قىلدىلەر. شولسائەتتە فەرزەندىيلەرى، پەرزەنتى مۇھەممەت سەئىدۋاڭ بەگكە خەبەر يېتىپ ياركەندشەھرىدىن كاشغەرغە يېتىپ كەلدىلەر. ئول زاتى شېرىپنىڭ نامزلەرىغە كاشغەرغە تەۋە ھەممە كەنت سەھرادىكى بەگ، ئاخۇند، شەيخ، يۈز باشى، ئون باشى، ئىمام، مۇئەززىن، چوڭ كىچىك خەلقلەرگە خەبەر بېرىپ ھەممە خەلقلەر جەمئ ئۇلدىلەر. ئاخۇندلار ھەزرەتپەرىدۇن ۋاڭنىڭ بەدەنلىرىنى يۇپ(6)، جەسەتلەرىنى جىنازىگە سالىپ، نامازلىرىنى ئۇتەپ، كۆتەرىپ يۇردىلەر. باشلىرىدىن بىرنەچچە بەند خىزمەتكارلارنى ئۈرۈپ ئازاد قىلىپ، ۋە داغى باشلارىدىن ئالتۇن كۈمۈش پۇل ماللىرىنى ساچتىلەر. ھەممە چوڭ كىچىك خەلقلەر يىغلاشىپ نالە فىغانلار تارتىپ، ئارقەلەرىدىن ھەسرەت ۋەنادامەت چېكىپ، ھەزرەت سەئىد ئافاق بۇزرۇكۋارنىڭ ئاستانىلىرىغە ئالىپ بېرىپ، گۈمبەز ئىچرە دە فىن قىلدىلەر. شەھەر-شەھەر، دىيارلاردىن كەلگەن بەگ، ئاخۇند، شەيخ، ئىمام، مۇئەززىن، يۈز باشى، ئون باشى، ئاۋام خەلقلەرگە ئۆلۈئى مەتائىلىرىدىن قىلغان خەيرىيات ۋە تەسەددۇقاتلارىنى چوڭ ـكىچىك ھەممە خەلقلەرگە نەچچە كۈنگىچە بەردىلەر. ئىسقاتلىرىغە ئالتۇن، يامبۇ، كۈمۈش، پۇل-مال، تىۋە، ئات، كالا چاغلىقلارنى ئاياغى فىقىر، ئاجىز، گادايلارغىچە يەتكۈزۈپ ئۈلۈشتۈرۈپ بەردىلەر.نامرات، ئاجىز، گاداي كىشىلەر كىلىپ، ئالىپ غېنى بولدى. خەزىنە

www.kitaphumar.com

دەفنەلەرنى سەرف قىلىشنىڭ نىھايىتى قالمىدى. ئاندىن مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ بەگ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ھاكىم مۇتلەقىل ئىنان پادىشاھ ئۇلۇپ ياركەند ئەھلىنى بىرنەچچە يىل ئەدىل-ئادالەت بىلەن سوراپ، ۋە بەگلەر، فەقىر، ئاجىز رەئىييەتلەر ھالىدىن خەۋەر ئىلىپ، مەرھەمەت ئەيلەپ، شەرئىنى جارىي قىلدۇرۇپ، رەئايە ۋە فۇقرالار داد سوراغلىرىنى مۇۋاپىق شەرئى ھۆكۈمى سوراپ فۇقرالار ھالىغا يېتىپ ۋە ياخشىلارغا ئىلتىفات، ئېھسان قىلىپ، ۋە يامانلارغا جازا بېرىپ، يۇرتنى ئەمىن ئامان قىلدىلەر. شۇبۇ تەرىقىدە كاشغەر، ياركەندلەرنى بىر نەچچە يىل سوراپ تۇرغان ۋاقتىلىرىدە، بۇ ئالەم بىۋاپالىق يۈز كەلتۈرۈپ، ۋە جاھان خىياللارىن ئۇنىڭ سارى يۈزلىنىپ، تەرفھا بۇ ئالەم ئىچىرە شۇر غەۋغايى ئەزىملەر ۋە ئەلاي مۇستەقىملەر فەيدا بۇلۇپ، ھەزرەت مۇھەممەت سەئىد بەگۋاگىنىڭ كۇللى گۇلشەنى، ھەزرەت فەرىدۇن ۋاڭ بەگنىڭ فەرزەندى ۋە جىگەر گۇشخۇرسەندەلىرىغە، قازايى قەدىر يېتىپ، مەھزۇنلۇق ۋادىسىدا ھەيران، ئەندۇۋەلۇق دەشتىدە سەرگەردان بولدىلەر⑦. ئاندىن كىيىن ئەفرىدۇن ۋاڭبېگىمگە خاندىن يارلىق چىقىپ، بۇ تۇرفاندا ئون يىل، ياركەنددە ئون ئىككى يىلۋاگلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن(8) كىيىن ئالەم تەفرىقە بۇلۇپ، ئونتۆت يىل بۇ شەھەرلەر پادىشاھسىز قىلىپ(9)، ئاندىن خاندىن چېرىك چىقىپ، بۇشەھەرلەرنى تەسەررۇفىغە ئىلىپ(10)، سۇلتان مەھمۇد ۋاڭ بىگىمنى تۇرفان مەزافاتىغە ۋاڭ قىلىپ، جەساقلارنى بېرىپ ئون سەككىز يىل پادىشاھى ھاكىممۇتلەقىل ئىنان ئۇلۇپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممەسىنى تەسەررۇفىغە ئالغاندىن كىيىن،بۇئالەم بىۋاپالىق ئىشلارنى يۈز كەلتۈرۈپ، تەرفھا بۇ ئالەمي فانىينى تاشلاپ،دارائاخىرەتنى خوشلاپ، جان قۇشى بەدەن قەفسىدىن فەرۋاز ئەيلەپ كەتكەندىن(11) كىيىن، ئۇنىڭ فەرزەندى، دىلبەندى، جىگەرخوش خۇرسەندى ھەزرەت ئىمىن ۋاڭ بىگىمگە پادىشاھلىق يېتىپ(12)، بۇ يۇرتدە فەقىر، ئاجىز،نامراد، گەدايلارغە مەرھەمەت ئەيلەپ، ئۆشرە زاكاتلارىنى چوڭ-كىچىك خەلقلەرگەيىگۈزۈپ بېرىپ، گەردىنىدىن ساقىت قىلىپ، ئادا ئەيلەپ، يۇرتنىڭ ئەمىن ئامان بۇلۇشىغە سەئىي كۆئىش قىلىپ، ئەدىل- ئەدالەت بىلەن تۇتۇپ تۇرغالى تۆت يىل بۇلۇپدۇر(13). خۇداۋەندە تائالا ئۇمرىنى تۆتمىڭ يىل ئۇزۇن قىلىپ، دۆلەتلەرىنى فۇزۇن قىلسۇن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## شەرھ:

(1). بۇ نەسەپنامىدا ئىمىن خۇجىنىڭ سەككىز ئوغلى ياش تەرتىپى بويىچە تىزىلمىغان، ياش تەرتىپى بويىچە تىزىلىشى مۇنداق: نۇرمۇھەممەت خۇجا، سۇلايمانخان، موساخان، ئەۋرازىپخان، سەيپۇللاخان، ئىسكەندەرخان، فەرىدۇنخان، بەھرامخان. نۇرمۇھەممەت خۇجا مەجرۇھلىقى ۋە ئانىسىنىڭ <<قارائۇستىخان>> بولۇشى سەۋەپلىك ھاياتىدا ئەمەل-مەنسەپ تۇتمىدى؛ سۇلايمان خان ئىمىن خۇجىنىڭ ئورنىغا تۇرپان ئىنانچىخانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى. خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكتىن 1779-يىلى(چيەنلۇڭنىڭ 44-يىلى) چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن

ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى؛ موساخان ئىلىدا ھاكىمبەگ بولدى. 1766 ـ يىلى(چىيەنلۇڭنىڭ 31-يىلى) بېيجىڭغا بېرىش سەپىرىدە قومۇل يەتتە قۇدۇقتا تۇيۇقسىز كېسەلى قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى؛ ئەۋزازپخان(غۇلام غوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مۇساخاندىن كېيىن، ئىلىغا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەندى. ئىلىدىكى ھاكىمبەگلەر ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر؛ سەيپۇللاخان (ئىسراپىل خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەۋزازپخان ئىلىغا ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بوش قالغان ئورنىغا خوشۇن ئىشلىرنى باشقۇرىدىغان ياردەمچى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەندى. كېيىن ئىنىسى ئىسكەندەر كاشغەرگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن تۇرپاندىكى ۋاقىتلىق ئىشلىرنى سەيپۇللاخان باشقۇردى؛ بەھرامخان ئەمەل مەنسەپ تۇتماي ئۆتتى.

(2)بۇ جايدا ئىشارەت قىلىنغان كىشى ئىمىن خوجىنىڭ 1779-يىلى (چىيەنلۇڭنىڭ 44-يىلى) تۇرپانىنىڭ ئىناچى خانلىق مەرتىبىسىگە ئېرىشكەن ئالتىنچى ئوغلى ئىسكەندەر ۋاڭ. بۇ نەسەبنامەدە يېزىلغان<< كاشغەر دىيارىغا يىگىرمە سەككىز يىل ھاكىمبەگ..>> دېگەن ۋاقىت توغرا ئەمەس. ئىسكەندەر ۋاڭ 1788-يىلدىن 1811-يىلغىچە كاشغەردە 23 يىل ھاكىمبەگ بولدى. 1788-يىلى (چىيەنلۇڭنىڭ 53-يىلى) كاشغەر ھاكىمبېگى ئوسمانبەگ كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغاندا، ئىسكەندەر ۋاڭ چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەندى. ئىسكەندەر ۋاڭ قەشقەردە ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئادا قىلىپ، ئاۋامنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە ئۈچ قېتىم مەنچىڭ خانىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئىسكەندەر ۋاڭ 1811-يىلى(جىياچىڭنىڭ 16-يىلى) كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، جەسىدى تۇرپان ئاستانىدىكى ئالتۇنلۇققا ئاپىرىلماي، ھازىرقىقەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئىچىدىكى ئۆز ھاياتلىقىدا ياساتقان ئاق مازار (ئىسكەندەرۋاڭ مازىرى) غا دەپنە قىلىندى. موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەريي يازغان<<تاجنامەئى ئىسكەندەر>> ۋە ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان، ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ، ئىلھام ئابدۇللا بىرلىكتە نەشرگە تەييارلاپ <<بۇلاق>>ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان<<ئىسكەندەرى ئايىنە>> دەل ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن دەۋرىمىزگىچە يەتكەن كىلاسسىك ئەسەرلەردۇر.

(3). جۈملە مەزمۇنىدىن قارىغاندا <<فەيدار>> ئەمەس <<پايدار>> بولۇشى كېرەك.

(4)بۇ نەسەبنامە فەرىدۇن ۋاڭنىڭ كاشغەردە ھاكىمبەگلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي ئۇچۇر بولماسلىقتەك ماتىريال كەمچىلىكى تولۇقلايدۇ. ئىسكەندەر ۋاڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇس ۋاڭ ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 1811-يىلى(جىياچىڭنىڭ 16-يىلى) تۇرپاندا ئىناچىخانلىق مەنسىپىگە ئېرىشىپ، كاشغەر ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەندى. 1814-يىلى(جىياچىڭنىڭ19-يىلى) باشقىلارنىڭ

تۆھمەتلىرى سەۋەپلىك يۇنۇس ۋاڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئىمىن خۇجىنىڭ يەتتىنچى ئوغلى فەرىدۇن ۋاڭ 1815-يىلى(جياچىڭنىڭ 20-يىلى) يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئىناچىخانلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلدى. فەرىدۇن ۋاڭ بۇندىن بۇرۇن تۇرپاندا تەيجىلىك مەنسىپىدە تۇرغان بۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىناچىخانلىق مەرتىۋىسىدە، ۋە كاشغەر ھاكىمبەگلىك مەنسىپىدە قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقى تۇغرىسىدىكى قاراشلار بىردەك ئەمەس.

(5). نەسەپنامىدە يېزىلغاندەك فەرىدۇن ۋاڭنىڭ مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ دەپ بىرلا پەرزەنتى بار ئىدى. لىكىن<<مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ ياركەندكە ھاكىمبەگ ئىدى>>تۇغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچقانداق تارىخي ماتىريال ئۇچرىمىدى. تەخمىنەن 1880-يىللار ئەتراپىدا خانغا يوللاش ئۈچۈن خەنزۇچە يېزىلغان مەلۇماتنامىدىمۇ بۇنداق ئۇچۇر يوق. پەقەت كاشغەردە يۇنۇس ۋاڭنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورۇنىدا ئەمەل تۇتقانلىقى قەيىت قىلىنغان. شۇڭلاشقا <<مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ياركەندكە ھاكىمبەگ ئىدى>> لىكنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئاساس يوق. مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ 1819 ـيىلى (جياچىڭنىڭ 24-يىلى) ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئىناچى خانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ كاشغەرگە ھاكىمبەگ بولغانلىقى تۇغرىسىدا تارىخي مەلۇماتلار ئېنىق. بۇ نەسەپنامىدە مۇھەممەد سەئىد ۋاڭنىڭ ھاكىمبەگ بولغان ئورنى بولغان كاشغەر ۋە ياركەند ناملىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇلغان. ۋەياكى بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى مۇناسىۋىتى نەسەپنەمىنى قەلەمگە ئالغۇچىغا تازا ئېنىق ئەمەس بولسا كېرەك

(6).يۇپ- يۇيۇپ، تۇرپان شىۋىسى.

(7). مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ ئۆز- دەۋرىدىكى ئەلنى ئىدارە قىلىشتىكى تەدبىركارلاردىن بولۇپ، ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى ۋە قەشقەر ئامبىلىغا ماسلىشىپ، كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىك ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلىدى. جاھانگىر خۇجىنىڭ چىگرىدىن ئۆتۈپ ئېغۋاگەرچىلىك قىلغاندا، قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مەنچىڭ خانىنىڭ ئۈچ قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1826-يىلى7-ئايدا (داۋگۇڭنىڭ6-يىلى) جاھانگىر خۇجا قوزغىلاڭ قىلىپ كاشغەردە توپىلاڭ كۆتۈردى، جاھانگىر خۇجا كاشغەرشەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا ، ھاكىمبەگ مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قوغدىمىسىمۇ جەڭ قىلىش جەريانىدا توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ كۆچۈرگۈزگەن ياكى كۆتۈپخانىسىدا ساقلىغان نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىگە تەئەللۇق 802 بەتلىك بىر قولىيازما ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىيدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ بۇ قولىيازمىغا <<جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى، فەرىدۇن نەسەپلىك شاھ مۇھەممەد سەئىدنىڭ مۆھۈرى ھىجرىيە1237-يىلى>> دېگەن تامغا بېسىلغان. بۇ قولىيازما ئەلشىر نەۋائىينىڭ <<خەزائىنۇل مەئانىي>>نىڭ يېڭى نەشرىنى تەييارلاشتا ئاساس قىلىنغان ۋە قوشۇمچە پايدىلىنىلغان قولىيازمىلارنىڭ بىرىدۇر.

www.kitaphumar.com

(8). ئەفرىدۇن ۋاڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن داۋگۇاڭ خانىنىڭ تەستىقى بىلەن، 1827-يىلى (داۋگۇاڭنىڭ3-يىلى) ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئىنانچىخانلىققا ۋارىسلىق قىلىپ لۈكچۈنده ۋاڭلىق تەختىدە ئولتۇردى. بۇ ھەقتە لۈكچۈنده ئۆتكەن شائىر ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قۇسسۇرى «رەۋزەتۇززۇھرا» ناملىق داستانىنىڭ ۋاڭلارغا نەسەبەت قىسمىدا توختۇلۇپ مۇنداق يازغاندى :

بولدى جۈنۋاڭ شاھى سەككىز يىشىدا ،
لەئەللىكتاجى ئەپرىدۇن باشىدا .

1842-يىلى(داۋگۇاڭنىڭ 22-يىلى) ئەتراپىدا، ئەفرىدۇن ۋاڭ كاشغەردىكى تۇغقىنى زوھۇردىن ھاكىمبەگ ئارقىلىق تالانتلىق شائىر ئابدىرىھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى قاتارلىق شائىرلارنى لۈكچۈنگە تەكلىپ قىلىپ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان بۇ ئىككى جايدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئۇچرىششى ئۈچۈن ياخشى سورۇن، ئىجادىيتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ياراتتى.

1852-يىلى(شيەنفىڭنىڭ 2- يىلى) كۈزدە بېيجىڭغا خانغا كۆرۈنۈش قىلغىلى بارغاندا، ياركەند ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىپ ياركەندگە ئەۋەتىلدى. شيەنفىڭ خان ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ياركەندتىكى خىزمەتلىرىنى تارتۇقلاپ «قوش قوببۇلۇق ئامبال» مەنسىپىنى بەردى .1862-يىلى4-ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەفرىدۇن ھاكىمبەگنىڭ مەنسىپى ۋە قوشۇمچە ئامباللىق ئۇنۋانى ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. شۇندىن كېيىن ئەپرىدۇن ۋاڭ تۇرپان لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ داۋاملىق ئىنانچىخانلىق مەنسىپىدە ئولتۇردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبى شىنجاڭدا ۋەزىيەت جىددىيلەشكەن مەزگىلدە، يەنىلا سادىق، سىنالغان ئادىمى بولغان ئەفرىدۇننى تاللاپ، 1863-يىل 10-ئايدا قايتا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەپ كاشغەرگە ئەۋەتتى. 1864 -يىلى 7-ئايدا كاشغەردە سىدىق بەگ، جىن شىياڭيىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كاشغەر كونشەھەرنى ئىشغال قىلدى، ئەفرىدۇن ئەسكەرباشلاپ قوزغىلاڭچىلارنى تىنجىتماقچى بولدى ، نەتىجىدە ئۆزى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. ئاندىن بۇزرۇك خوجا تەرىپىدىن يەركەنگە ئەۋەتىلىپ، يەركەندە كوچا خوجىلىرىغا تۇتۇلۇپ كوچاغا ئېلىپ بېرىلدى، كوچادا ياقۇپبەگنىڭ نازارىتىگە تۇتۇلۇپ، كاشغەرگە ئاپىرىلدى ۋە سەۋدايى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ 1872-يىلى يازدا 53 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىنلەر نەشرگە تەييارلاپ <<بۇلاق>>مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلغان، لۈكچۈنلۈك شائىر مۇللا بۇساق نىيازىينىڭ خەتتات مۇللافەتتەھ قۇمۇلى تەرىپىدىن 1842-يىلى كۆچۈرۈلگەن

<<دىۋانىنىيازى>> ناملىق دىۋانىغا << تۇرپان جاساق جۇنۋاڭى ھەزرەت ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ نىيازى كىتابەتلەرى>> دېگەن ئۇچۇرىيېزىلغان.

(9)1864-يىلى ئەفرىدۇن ۋاڭ ھەپسىگە ئېلىنغاندىن تارتىپ 1878-يىلى چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگنى يوقىتىپ شىنجاڭنى قايتۇرۋالغىچە ئارلىقتا ياقۇپبەگ ئاتالمىش <<يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى>> قۇرۇپ جاي ـ جايلارغا بەگلەرنىتەيىنلىگەن بولسىمۇ بۇ نەسەپنامىدە <<بۇ شەھەرلەر ئون تۇت يىل پادىشاھسىز قالدى>> دەپ يازغان

(10). چىڭ سۇلالىسى 1875 ـ يىلى (گۇاڭشۇنىڭ 2-يىلى) 5-ئايدا زوزۇڭتاڭنىڭ قوماندانلىقىدا، شىنجاڭغا 60 مىڭ كىشلىك قوشۇن چىقىرىپ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە زەربە بېرىشى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە، 1878-يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 5-يىلى) 1-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرى تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۋالدى.

(11). چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگنى يوقۇتۇپ، شىنجاڭنى يېڭىۋاشتىن قايتۇرۋالغان چاغدا، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ تۇرفاندىكى ئىناچىخانلىق ئورنىغا ۋارىس بولمىغاچقا، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئاپىسى خۇشنارە خېنىم چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ 1863-يىلى كۈزدە، كاشغەر سەپىرىدە نىكاھىغا ئالغان خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى مەھمۇدنى ياركەندتىن ئىزدەپ تېپىپ تۇرپانغا ئەكەلدى. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى لىيۇجىنتاڭنىڭ خانغا يوللىشى بىلەن 1881-يىلى (گۇاڭشۈنىڭ7-يىلى) تۇرپاننىڭ ئىناچىخانلىقىغا ۋارسلىق قىلىدى.1900-يىلى 4-ئايدا، مەجبورى نىكاھىغا ئالغان بەشىنچى خوتۇنى ئانارنۇرخان توي كېچىسى ئۇستۇر بىلەن سۇلتان مەھمۇدنى ئېغىر يارلاندۇرۇپ، ئۆزىنى ئىگىز ئوردىدىن تاشلاپ ئۆلىۋالدى. ئوردىدىكىلەر سۇلتان مەھمۇد ۋاڭنىڭ بۇ سەتچىلىكىنى يوشۇرۇش ۋە لۈكچۈندىكى ئىسسىقتىن دالدىلىنىش ئۈچۈن، ئېغىر يارلانغان سۇلتان مەھمۇدنى تەگرىتاغدىكى ئۆرتەڭ ئاشىغىدا داۋالاش ئۈچۈن ئىلىپ مېڭىشىدا، كېچىسى تۇيۇقسىز كەلگەن سەل جىرغىدا ئۇخلاپ ياتقان سۇلتان مەھمۇد ۋاڭنى ئېقىتىپ كېتىپ، جەسىدى سۇنىڭ تۆۋەن ئېقىندىن تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئون سەككىز يىللىق ئىناچىخانلىق ھاياتى ئاخىرلاشتى.

(12).ئىمىن ۋاڭ سۇلتان مەھمۇد ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، 1901-يىلى(گۇاڭشۈنىڭ27-يىلى) ئاتىسىنىڭ ئىناچىخانلىق ئورنىغاۋارىسلىق قىلدى. قۇمۇل دېقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن 1931-يىلى 11-ئايدا، تۇرپان ئاستانىدىكى مەقسۇت مۇھىتى رەھبەرلىكىدە تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. مەقسۇت مۇھىتىنىڭ ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتى، ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى مەتسايىت ۋاڭلار قۇمۇلغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجىنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلدى. قۇمۇل-تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى پىچانغا چىققاندا، مەتسايىت ۋاڭنىڭ تەكلىپى بىلەن لۈكچۈنگە كېلىپ توپلاشتى. دەل مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن جىڭ

www.kitaphumar.com

شۇرىن تەرىپىدىن قۇمۇل-تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن شىلىك شىسەي قوشۇنىنى باشلاپ لۈكچۈن شەھرىنى تويىقا تۇتتى، لۈكچۈن ۋاڭ ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت كېتىپ، ئىمىن ۋاڭنىڭ تۇتقاق كېسىلى قوزغىلىپ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى. مۇشۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ۋاڭ ئوردا كۇتۇپخانىسىغىمۇ ئوت كېتىپ، بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان، ئۇيغۇر، ئەرەپ، پارس، مانجۇ، خەنزۇ تىل-يېزىقلىرىدىكى نۇرغۇن كىتاپ، ۋەسىيقىلەر كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. لۈكچۈندە ياشاپ ئۆتكەن تەرجىمان، ھەكىم مۇللا مۇھەممەت سېتىنىياز (1843-1927) دەل مۇشۇ ئىمىن ۋاڭنىڭ تەكلىپى ۋە قوللىشى بىلەن پارسچەدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان <<مەلۇماتى ئافاق>> ناملىق كىتاپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. ۋە ئەركىن ئىمىنىنىياز قۇتلۇق ۋە ئەجمەلخان ھاجىلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن<<بۇلاق >>ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

⒀.<<1900-يىلى4-ئايدا سۇلتان مەھمۇد ۋاپات بولغاندىن كيىن، چوڭ ئوغلى ئىمىن ۋاڭ ئۇنىڭ ئىناچىخانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى>> بىلەن نەسەپنامىدىكى <<ئادالەت بىلەن تۇتۇپ تۇرغىلى تۆت يىل بولۇپتۇ>>دېگەن بايانلاردىن بۇ نەسەپنامىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنىڭ 1904-يىلى ئىكەنلىكىنى بىلىندۇ.

## پايدىلانغان ماتىرىياللار :

1.سۇبېيخەي، خۇاڭ جيەنخۇا ،‹‹قۇمۇل ،تۇرپان ئۇيغۇرۋاڭلىرى تارىخى ››، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل ئويغۇرچە نەشرى ،ق تۇران ،ئە ئەرشىدىن تەرجىمىسى .

2.ئابدۇرىشىت ئەھمەد:<<لۈكچۈن تارىخى>>، مەخسۇس تويلام، پىچان تارىخي ماتىرىياللىرى16-قىسىم.

3. موللاموسا سايرامى :«تارىخى ھەمىدى » ،2007-يىل 9-ئاي مىللەتلەر نەشرىياتى 1-نەشرى .

4. «شىنجاڭ يەرلىك تارىخى » ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرىسلىك ،شىنجاڭ ئونىۋېرسىتى نەشرىياتى 2001-يىل 7- نەشرى .

5. «تۇرپان جاساق جۇنۋاڭى پەرىدۇنلارنىڭ نەسەبنامىسى »، تۇرپان ژۇرنىلى2005-يىل 4- سان .مەتنىياز قۇربان تەرجىمىسى .

6. شېرىپ نىياز خۇشتار:<<شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر>>، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل 1-ئاي نەشرى.

7. <<بۇلاق>>ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

# قومۇلدىكى ئاكا-ئۇكا پالۋانلار

ئابلىمىت ئابدۇللا

ئىز رومانىدا تىلغا ئېلىنغان نىياز پالۋان (نىياز دېھقان، 1882-؟)، 1912-، ۋە 1931-يىلىدىكى ئىككى قېتىملىق قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىكى يېتەكچىلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئۇكىسى قاسىم پالۋان (1885-1931) مۇ 1931-يىلىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. نىياز دېھقان ئۇستا مەرگەن بولۇپلا قالماستىن يەنە يېتىلگەن ئەلنەغمىچى ئىدى. ئۇ قومۇل ئون ئىككى مۇقامىنى تولۇق بىلەتتى، قومۇل غىجەكنى ناھايىتى مۇڭلۇق چالاتتى. قومۇلدىكى تويي-تۆكۈن، مەشرەپلەردە ئۇ غىجەك تارتسا، 3-ئايالى ئوغۇلنىساخان (1935-؟) داپ چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئۇكىسى قاسىم پالۋان ئەل ئىچىدە«باھادىر پالۋان» دەپ نام چىقارغان تەڭداشسىز پالۋان بولۇپلا قالماستىن يەنە ئۇستا تېۋىپ، داڭلىق سۇنۇقچى ئىدى. ئۇنىڭ شىپالىق قولىدا قومۇل دىيارىدىكى نۇرغۇنلىغان كېسەل ۋە سۇنۇقلار شىپا تاپقان ئىدى.

نىياز دېھقاننىڭ چوڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن 2-ئوغلى توقسۇن ئاخۇن (كىچىك ئاخۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) لارمۇ دادىسى نىياز دېھقان، تاغىسى قاسىم پالۋانغا ئوخشاش داڭلىق مەرگەن ۋە يېتىشكەن ئەلنەغمىچىلەر ئىدى.

تۇرسۇن ئاخۇن 1903-يىلى، توقسۇن ئاخۇن 1907-يىلى قومۇل شەھىرىنىڭ غەربىي تاغ يېزىسىغا قاراشلىق پالۋانلار يۇرتى قالىغايتى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇلار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە چوڭ دادىسى تاھىر ھاجى (نىياز دېھقاننىڭ 2-ئاكىسى، 1878-1937) دا دىنىي تەلىم ئېلىش بىلەن بىرگە ملتىق ئېتىشقا ئىشتىياق باغلاپ، نىياز دېھقان ۋە قاسىم پالۋاندىن قورال ئېتىشنى ئۆگىنىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، قەدەممۇ-قەدەم پىشىپ يېتىلىپ، يىگىتلىك قورامىغا يەتكەندە ئۇستا مەرگەن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

بۇ ئاكا-ئۇكا مەرگەن، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئەجدادى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيەسىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قومۇلدىكى تۇنجى بوۋىسى ئىسلام ئاخۇن ئۆز دەۋرىدە ئۇستا سۇنۇقچى ھەم تېۋىپ ئىدى. ئىسلام ئاخۇن مىلادى 1677-يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (1514-1678) نىڭ يارلىقى، قومۇل ۋاڭلىقى (1606-1930) نىڭ تەكلىپى بىلەن 2-ئوغلى

(ئىسلام ئاخۇننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى) ئابدۇگۇلى ئاخۇن① (ئۇ ۋاقىتتا ئابدۇگۇلى ئاخۇن قورامىغا يەتمىگەن بالا ئىدى) نى ئېلىپ يەكەندىن قومۇلغا كېلىپ ئەبەيدۇللا تارخان بەگ② ئوردىسىدا ئاخۇنلۇق قىلغان. ئىسلام ئاخۇن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇگۇلى ئاخۇن ئوردىدا ئاخۇن بولغان. ئابدۇگۇلى ئاخۇن ئوچۇق پىكىرلىك، زېھنى ئۆتكۈر، قەددى-قامىتى كېلىشكەن ئادەم ئىدى. شۇڭا ۋاڭ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. بىراق بۇنى ئوردىدىكى بىر قىسىم ھەسەتخور ئەمەلدارلار كۆرەلمەي، ئىچى تارلىق قىلىپ، پىتنە ئويدۇرۇپ چىقىپ، ۋاڭ بىلەن ئابدۇگۇلى ئاخۇن ئارىسىغا سوغاقچىلىق سېلىپ، ئاخىرى ئۇنى نوم زىندانىغا پالاتقۇزىۋېتىدۇ. لېكىن كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ۋاڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، ئابدۇگۇلى ئاخۇننى زىنداندىن چىقىرىش بۇيرۇقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، بىراق ئابدۇگۇلى ئاخۇن ئاللىقاچان نوم زىندانىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى③. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇگۇلى ئاخۇننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇرېشىت ئاخۇننى ۋاڭ ئوردىغا ئالدۇرۇپ كېلىپ ئاخۇنلۇققا تەيىنلەيدۇ④. ئابدۇرېشىت ئاخۇن ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئوردا ئاخۇنلۇقىنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قاسىم ئاخۇن داۋاملىق ئۆتەيدۇ⑤.

1867-يىلى قومۇلدا يۈز بەرگەن دا يۈەنشۈەي (大袁帅) يېغىلىقىدا قاسىم ئاخۇن ئۈچ ئوغلى ۋە ئايالى قۇبزە ئاپپاق (قومۇلدىكى باك جەمەتىدىن) نى ئېلىپ چاھارباغ كۆۋرۈك⑥ كە كەلگەندە كەينىدىن ئىككى تۇڭگان (خۇيزۇ) ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئەر-ئايال ئىككەيلەننى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئۈچ بالا يېتىم قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بوۋىسى ئابدۇرېشىت ئاخۇن چوڭ نەۋرىسى ھامۇت ئاخۇن (1847ـ1920، ئاپتورنىڭ ئاتا تەرەپ ئۇلۇق بوۋىسى) نى قومۇل شەھەر ئىچى يېزىسى غوجامخىي مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇخالىق ئەلەم (بۇ كىشى ئۆمرىدە پەرزەنت كۆرمىگەن) گە، 2-نەۋرىسى سېيىت ھاجى (1850ـ1904، ئاپتورنىڭ ئانا تەرەپ ئۇلۇق بوۋىسى) نى جىگدە⑦ دىكى مۇتىئى دورغا⑧ غا ئوغۇللۇققا بېرىۋېتىدۇ. كىچىك نەۋرىسى ھادى ئاخۇن (1853ـ1928) نى ئۆزى بېقىپ تەربىيەلەيدۇ. سېيىت ھاجى مۇتىئى دورغىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنى بېقىپ تەربىيەلىگەن دادىسى مۇتىئى دورغىنىڭ قالغايتىدىكى مال-چارۋىلىرىنى باشقۇرۇپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. ئۇ ئۆي-ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، قومۇل دىيارىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان نىياز دېھقان، قاسىم پالۋان ۋە مەشھۇر سۇنۇقچى ئابدۇگۇلى ئاخۇن (1891ـ1974) لار، كېيىن تۇرسۇن ئاخۇن ۋە توقسۇن ئاخۇنلار دۇنياغا كېلىدۇ.

نىياز دېھقان ئۆي-ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، قومۇلدىكى 2-ئەۋلات بوۋىسى ئابدۇگۇلى ئاخۇن ئېچىپ بەرپا قىلغان زېمىن دۆربەجىن غولئېرىققا قايتىپ كېلىشنى ئويلاپ، 1910-يىللار

ئەتراپىدا ئائىلىسىنى ئېلىپ دۆربەجىن غولئېرىق مەھەللىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. ئۇ چوڭ ئايالى توختىخان مەمەتنىياز (1887ـ1960) نى مەھەللىنىڭ غەربىدىكى يۇقىرى قورۇق (يۇقىرى جۇۋاڭزى) قا، 2ـئايالى خوشنارىخان خاكىر (1890ـ1962) نى مەھەللىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆۋەن قورۇق (تۆۋەن جۇۋاڭزى) قا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئوغۇللىرىدىن تۇرسۇن ئاخۇن⑨، ئەھەتخان⑩ ۋە 3ـئايالى ئوغۇلنىساخانلار قالىغايتىدا ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. ھازىر قالىغايتى ۋە دۆربەجىن غولئېرىق مەھەللىسىدە نىياز دېھقاننىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرى ياشىماقتا. نىياز دېھقان قومۇلغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن يۇقىرى قورۇقتا تىككەن ئۈجمە (جۈجەم) لەردىن بىر تۈپ ئۈجمە ھازىرمۇ كۆكلەپ (يېشىلداپ) كىشىلەرگە مېۋە بەرمەكتە.

بۇ ئاكا-ئۇكا مەرگەنلەردىن، تۇرسۇن ئاخۇن دادىسى نىياز دېھقانغا ئوخشاش ئىككى قولىدا ئىككى تاپانچا تۇتسا، توقسۇن ئاخۇن قىلىچ تۇتۇپ ئۇرۇش قىلاتتى. ئۇلار داڭلىق مەرگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېتىشكەن ئەلنەغمىچىلەر ئىدى. تۇرسۇن ئاخۇن غىجەك، راۋاپ قاتارلىق سازلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالاتتى. توقسۇن ئاخۇنمۇ داڭلىق غىجەكچى ھەم ئۇستا ئۇسۇلچى ئىدى. قالىغايتى ۋە دۆربەجىندىكى توي-تۆكۈن ۋە باراۋەتلەر ئۇلارسىز قىزىمايتتى. ئۇلارنىڭ بوۋىسى سېيىت ھاجى بىلەن مومىسى بۈۋنىيازخان ھاجى (1856ـ1930) ۋە چوڭ دادىسى تاھىر ھاجىلار 1903ـيىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەج-تاۋاپ قىلغىلى بېرىپ، قايتىشىدا ھەرەمنىڭ مەستۆرە دېگەن يەرگە كەلگەندە سېيىت ھاجى كېسەل سەۋەبى بىلەن شۇ يەردە ۋاپات بولغان. بۈۋنىيازخان ھاجى قوشاقچى ھەم سەنئەت خۇمار ئايال بولغاچقا، ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن قايتىپ ئالمۇتا (ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر شەھىرى) غا كەلگەندە، بىر دانە غىجەك بېشى، راۋاب⑪، داپ قاتارلىق چالغۇلارنى ئالغاچ كەلگەن. نىياز دېھقان بۇ غىجەك بېشىنى قومۇل غىجىكى ياساپ، 1938ـيىلى 10ـئايدا جاللات شېڭ شىسەي (盛世才،1897ـ1970) تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ كەتكەنگە قەدەر يېنىدىن ئايرىماي قومۇل «بەش شەھەر ئون ئىككى تاغ» لاردا ئۆتكۈزۈلگەن توي-تۆكۈن، ئولتۇرۇش ۋە باراۋەتلەردە غىجەكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ، قومۇل خەلقى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ غىجەك چېلىشتىكى تالانتىنى نامايەن قىلغان.

مەرھۇم ئانام زىلىخە ئاپپاق (قاسىم پالۋاننىڭ قىزى، 1912ـ1987) ھايات ۋاقتىدا بىزگە مۇنداق دېگەن ئىدى:«چوڭ دادام نىياز دېھقان قومۇل غىجىكىنى ناھايىتى مۇڭلۇق چالاتتى، قېينى ئانام جاننارى ئاپپاق (1869ـ1950) سەنئەتخۇمار ئايال بولغاچقا:‹مەن نىياز دېھقاننىڭ غىجەك تارتىپ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلىمىسام ناخشا ئاڭلىغاندەك بولمايمەن› دېگەن ئىدى. نىياز دېھقان چوڭ دادامنىڭ چوڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن 2ـئوغلى توقسۇن ئاخۇنلار

چوڭ دادامغا ئوخشاش داڭلىق ئەلنەغمىچى، پاراڭچى، قىزىقچى ۋە ھەييار كىشىلەر ئىدى. شۇ يىللاردا غەربىي تاغ ۋە دۆربەجىنىدىكى توي-تۆكۈن، ئولتۇرۇش ۋە باراۋەتلەر ئۇلارسىز قىزىمايتتى. مەنمۇ ئۇلار ساز چېلىپ ناخشا ئېيتقان توي-تۆكۈنلەرگە كۆپ قېتىم قاتناشقان ئىدىم».

1931-يىلى ئەتىيازدا قومۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كەڭ-كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. تۇرسۇن ئاخۇن ۋە توقسۇن ئاخۇنلار دادىسى نىياز دېھقانغا ئەگىشىپ ئىنقىلابقا قاتنىشىدۇ. نىياز دېھقان بۇ كۈنلەردە قالىغايىتىدا بولۇپ، 1931-يىلى 5-ئاينىڭ 8-كۈنى (جۈمە) ئۇ قالىغايىتىدىن دۆربەجىن غولئېرىق كەنتىگە كېلىپ، شۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق يۇنۇس موللام[12] بىلەن بىللە غولئېرىقتىكى پۇقرالارنى بىخەتەر جاي ئاراتامغا يۆتكەپ ئەتىسى (9-چىسلا شەنبە) قارىمۇقچىغا بېرىپ ئۇكىسى قاسىم پالۋان رەھبەرلىك قىلغان قارىمۇقچا جېڭىگە قاتناشماقچى بولىدۇ، بىراق ئۇ قارىمۇقچىغا يېتىپ بارغىچە قاسىم پالۋان جەڭدە بەختكە قارشى قۇربان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەمرالىرى يۇنۇس موللام ۋە قومۇلدىن بارغان مۇختەر ئاخۇنۇم[13]...قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە قاسىم پالۋان، ما فۇگۇەن (ما جۇڭيىڭ ‹马仲英، 1908-4019› نىڭ نەۋرە ئۇكىسى)، خۇيزۇ ئەسكەر (ئىسمى نامەلۇم) ۋە شوپۇللۇق ئىلاخۇن قاتارلىق قارىمۇقچا جېڭىدە قۇربان بولغان تۆت كىشىنىڭ جەسىدىنى چوڭ يولنىڭ شىمالىدىكى «نىياز قىز موماينىڭ ئوتلۇقى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىگىز قۇم دۆڭنىڭ كەينىگە دەپنە قىلىپ بولۇپ، ھەمرالىرى بىلەن بىللە ئاراتام ئارقىلىق قالىغايىتىغا قايتىپ چىقىدۇ. ئۇ ھەمرالىرى ۋە ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاكا-ئۇكا مەرگەنلەر دادىسى نىياز دېھقانغا ئەگىشىپ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ قومۇلدىكى بارلىق جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ.

شۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇشلار توغرىلىق ئاكا-ئۇكا مەرگەنلەرنىڭ ئانىسى توختىخان مەمەتنىياز ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلارنى ئەسلەپ، نەۋرىلىرى نىياز ئەخمەت[14] ۋە ئىلياس ئەخمەت[15] لەرگە مۇنداق دېگەن:«قالىغايىتى، قۇرۇلۇق ۋە قوتازلىقتىكى قوزغىلاڭچىلاردا پەقەت 10 دانە قورال بار بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ قوراللار بىلەن ھەربىكەتچان ئۇرۇش قىلىپ چېرىكلەرنى ئۆزلىرى مۇداپىئە قىلىۋاتقان يۇرتلارغا كىرگۈزمىگەن. كېيىن چېرىكلەر نېرىن غول بىلەن باستۇرۇپ كەلگەندە، چوڭ ئوغلۇم تۇرسۇن ئاخۇن بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار بىلەن غولدا ئۇرۇش قىلىپ چېرىكلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاتلارنىڭ قېشىغا بېرىشىغا چالا ئوق تېگىپ ئۆلمەي قالغان بىر چېرىك تۇرسۇن ئاخۇنغا قارىتىپ ئوق ئاتقان. بىراق چېرىكنىڭ ئوقى ئۇنىڭغا تەگمىگەن. تۇرسۇن ئاخۇن شۇئان كەينىگە قايرىلىپ چېرىكنى ئېتىپ تاشلىغان. يەنە بىر

قېتىم كۆيـۈ ئوغلـوم ئەمەت ئـاخۇن (1909ـ1949) بـىلـەن بېقىۋالغـان ئـوغلىمىز خـۇدابەردى (1910ـ1966)، مىللىتى خەنزۇ) 20ـ30 تـۆگـگە ئـۆي بىساتلىرىنى ئارتـىپ كۆشـۆتىگە ماڭغـان ئـىدى. ئەمەت ئاخۇننىـڭ قولـىدا مىلتىـق بـار بولـۇپ، خـۇدا بەردىنـى قوغـداپ كېتىۋاتقانـدا قومۇلدىن چىققان چېرىكلەرگە ئۇچراپ قالغان ئىكەن. ئۇرۇشاي دېسە چېرىكلەر كۆپ بولغاچقا ئۇلار تاغ ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنىۋالغان. چېرىكلەر كېلىپ ئىگىسىز قالغان تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېتىپتۇ. ئەمەت ئاخۇنلار تۇرسۇن ئاخۇنلار بىلەن قارىغول (قۇرۇلۇقنىڭ بېشى) دا ئۇچراشماقچى بولـۇپ، ئـۇلار بارغانـدىن كېيىن تۇرسـۇن ئـاخۇن، توقسـۇن ئـاخۇنلار بـىلـەن بىللە قومۇلـدىن چىققان پۇقرالارنى قوغداپ داۋان ئارقى بىلەن شىمالغا مېڭىـپ ئاراتۇرۇكنىـڭ ئۆمـۈر تاغلىرىغا بارغانـدا تۇيۇقسىـز هـاۋا بۇزۇلـۇپ بـوران چىقىـپ، يـامغۇر يېغىـپ، كېيىن مۆلـدۈرگە ئايلىنىـپ نۇرغۇنلىغـان كىشـىلەرنىڭ پـۇت-قـوللىرى ئۈششـۈپ (مـۇزلاپ) كەتـكەن. مۇشـۇ قېتىم قومـۇل شەھەر ئىچىلىك مەزىي ئىسىملىك موماي سوغۇقتا تـوڭلاپ ئۆلـۈپ كەتـكەن. خۇدابەردىنىڭمۇ پۇتى توڭلاپ قالغان. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن خەلق تۆۋەندىكى قوشاقنى توقۇغان:

چېرىك چىقىپ قوغلىدى،
بىزنى خۇدا ئوڭلىدى.
نىياز دېهقان يانغاندا،
مەزىي موماي توڭلىدى».

قومۇلـدىكى ئـۇرۇش ئـۇدا داۋاملىشـىپ، 1933ـيىلـى 3ـئايغـا كەلگەنـدە قومـۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىـڭ رەهبـىرى خوجىنىيـاز هـاجى (1889ـ1942) تۇرپـان قوزغىلاڭچىلىرىنىـڭ رەهبـىرى مەخسـۇت مـۇهىتى (1885ـ1933) نىـڭ تەكلىپـى بـىلـەن قومـۇل پىدائىلىرىـدىن خىللانغان قوشۇننى باشلاپ تۇرپانغا ماڭـدۇ. نىياز دېهقانمۇ ئوغۇللىرىـدىن تۇرسـۇن ئـاخۇن بىلەن توقسۇن ئاخۇننى ئېلىپ تۇرپانغا بارىدۇ. قومۇلدىن ماڭغان قوشۇن پىچان ناهىيەسىنىڭ لۈكچۈن سېپىلى ئىچىگە كىرگەندە شىڭ شىسەي قوشـۇنىنىڭ مۇهاسىرىسى ئىچىدە قالـدۇ. قوزغىلاڭچى قوشۇن 3ـئاينىڭ 9ـكـۈنى (پەيشـەنبە) مۇهاسـىرىنى بۆسـۈپ چىقىـپ كەتمەكچى بولىدۇ. نىياز دېهقان ئەڭ ئـاچقۇچلۇق پەيتتە مۇهاسـىرىنى بۆسـۈپ يـول ئـېچىش ۋەزىپىسـىنى تەشەببۇسكارلىق بـىلـەن ئۈستىگە ئالـدۇ. ئـۇ ئـۆزى تالـلىۋالغـان 12 نەپەر مەرگەن بـىلـەن سېپىلنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن چىقىش ئالدىدا مەرگەنلەرگە:«تەييار بولدۇڭلارمۇ؟» دەيدۇ. مەرگەنلەر بىردەك:«تەييار بولدۇق» دەيدۇ.

نىياز دېهقان:«دەرۋازىنى ئېچىڭلار» دەيـدۇ. دەرۋازا ئېچىلىشـى بـىلـەن «ئـاتلىنىڭلار» دەپ بۇيرۇق بېرىپ ئۆزىمۇ ئات چاپتۇرۇپ چىقىدۇ⑯. دەرۋازىدىن ئەڭ ئالدىدا چىققان نىياز دېهقان

ئىككى قولىدىكى «28 (二八)» تىپلىق تاپانچىدىن چېرىكلەرگە ئوت ئاچىدۇ. باشقا مەرگەنلەرمۇ نىياز دېھقان بىلەن تەڭلا ئاپتومات ۋە پىلىموتلىرىدىن چېرىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئوق ياغدۇرىدۇ. ئۇ باشلاپ ماڭغان ئوغۇللىرى تۇرسۇن ئاخۇن، توقسۇن ئاخۇن، جەرۇللا بوسۇق (1900ـ1994)، تاھىر ئىسمائىل (1903ـ1986)...قاتارلىق 12 نەپەر مەرگەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىدۇ، ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىۋاتقاندا تاھىر ئىسمائىلنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ پىيادە قالىدۇ. نىياز دېھقانلار بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ھەمراللىرىغا:«توختاڭلار ئادەملىرىمىز تولۇقمۇ؟» دەپ سۈرۈشتۈرسە تاھىر ئىسمائىل يوق. نىياز دېھقان:«قايتىپ تاھىرنى ئىزدەيلى» دەپ كەينىگە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن يۈگرەپ كېلىۋاتقان تاھىر ئىسمائىلنى ئۇچرىتىدۇ ۋە«بالام ئات قېنى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ:«ئاتقا ئوق تېگىپ كەتتى» دەيدۇ. نىياز دېھقان:«تېز بولسىلا بالام، ئاتنىڭ كەينىگە مىنسىلە!» دەيدۇ. تاھىر ئىسمائىل بىر سەكرەپلا نىياز دېھقاننىڭ ئېتىنىڭ كەينىگە مىنىۋالىدۇ.

نىياز دېھقان باشلىق 12 نەپەر مەرگەن ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە پىچاننىڭ دىغار كەنتىگە (دىغار ئىلگىرى دالاڭ كارىز يېزىسىغا قاراشلىق كەنت بولۇپ، 1980-يىلدىن كېيىن يېزا بولۇپ قۇرۇلغان) غا كىرىپ كېتىدۇ. دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىقىدا سىپىل ئىچىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كارىز كۆلىگە بارىدۇ. قوشۇن جەنۇبىي دەرۋازىدىن چىقىۋاتقاندا تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى مەخسۇت مۇھىتى باشلىق نۇرغۇنلىغان پىدائىلار قۇربان بولىدۇ. نىياز دېھقانلار جەنۇبىي دەرۋازىدىن چىقىۋاتقاندا سىرتتا چېرىك ئاز ئىدى، چۈنكى شېڭ شىسەي قوزغىلاڭچى قوشۇننى «شىمالىي دەرۋازىدىن چىقىدۇ» دەپ پەرەز قىلغاچقا، جەنۇبىي دەرۋازىغا ئازلا چېرىك قالدۇرغان ئىدى. دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى يول ئۇيمانلىق ھەم قويۇق توپا بولۇپ، چېرىكلەر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىگىزلىكتە بولغاچقا، دەرۋازىدىن ئالدىن چىققان 12 نەپەر مەرگەن سىرتقا چىقىشى بىلەن چېرىكلەرنى ئوققا تۇتقان ھەمدە ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن قويۇق چاڭ-توزاڭ كۆتۈرۈلگەچكە چېرىكلەر ئۆزلىرىگە ئەجەل ئوقىنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن قورقۇپ بېشىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان، بۇ كېچە قاراڭغۇسى بولغاچقا چېرىكلەر بېشىنى كۆتەرگەندىمۇ بىر نەرسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نىياز دېھقاننىڭ «ھەممىڭلار ئاتنىڭ يان تەرىپىگە يېتىۋېلىڭلار» دىگەن بۇيرۇقى بىلەن پىدائىلار ئات ئۈستىدە چاپلىشىپ يېتىۋېلىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىدۇ. نىياز دېھقانلار دىغارغا بارغاندىن كېيىن، يەرلىك ئوتتۇرا ياش بىر كىشىگە ئۇكام:«قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ كەلگەن بولسىلا» دەيدۇ. قوزغىلاڭ خوجىنىياز ھاجىمۇ نىياز دېھقاننىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى نەپەر پىدائىنى ئەۋەتىدۇ. نىياز دېھقان بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئەۋەتكەن كىشىلەر يولدا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا

مۇددىئالىرىنى بىلدۈرۈشكەندىن كېيىن، دىغارلىق ئادەم خوجىنىياز ھاجى ئەۋەتكەن ئىككەيلەننى نىياز دېھقاننىڭ قېشىغا باشلاپ باردۇ. نىياز دېھقانلار كارىز كۆلگە بارغاندا خوجىنىياز ھاجى نىياز دېھقاننى كۆرۈپ يۈگرەپ كېلىپ ئۇنى قوچاقلاپ «دېھقان ئاكا ھايات ئىكەنلا! خوشاللىق! خوشاللىق!» دەپ ئۇن سېلىپ يىغلىشىپ كېتىدۇ ۋە«بىز ئۆزلىرىنى ھايات قالدى دەپ ئويلىمىغان» دەيدۇ. نىياز دېھقانمۇ:«ئەجەل كەلمىسە ئادەم ئۆلمەيدىكەن، يەيدىغان رىزقىم بار ئوخشايدۇ» دەيدۇ. ھاجى:«مەخسۇت باي سىپىل دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقاندا ئوق تېگىپ قۇربان بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئۆلگىچە مەن ئۆلسەمچۇ» دەپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قۇربان بولۇپ كەتكىنىگە قاتتىق ئېچىنىدۇ.

لۈكچۈن مۇھاسىرىسى توغرىلۇق ئابلىمىت مەخسۇت(17) يازغان«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 38-قىسمىغا بېسىلغان:«1931-1934-يىللىرى شىنجاڭدا بولغان خەلق قوغىلاڭلىرىدىن قىسقىچە ئەسلىمە» ناملىق ماقالىسىدا يەنى كىتابنىڭ 70-بېتىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن «...مەن پىيادە قېچىپ كېتىۋاتاتتىم.. توپا-چاڭ ئىچىدە مەندىن باشقا پىيادە قېچىپ كېتىۋاتقانلارمۇ كۆپ ئىدى. مەن بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتنىغا ئۇچرىدىم. ئۇمۇ ئېتىدىن ئايرىلىپ پىيادە قاپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ:‹سەن ماڭغا قارىماي ماڭ› دېدى. مەن بەك ھېرىپ كەتكەندىم. ئېتىز قىرىدا ئازغىنا ئولتۇرۇپ دەم ئالدىم. ئاندىن ناتونۇش بىر نەچچە كىشى بىلەن توپا-تۇمان ئىچىدە ئېتىز قىرلىرىنىڭ ئىچى بىلەن ئۆملەپ، ئورۇسلارنىڭ كۆزىدىن يىراقلىشىپ، ئاخىر لۈكچۈننىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرىپىگە چىقىۋالدۇق. ئۇ يەرگە بارساق، خوجىنىياز ھاجى بىر توپ كىشىلەردىن:‹نىياز دېھقان قېنى؟ قانداق بولدى؟ شەھەردىن ھەممىسى قېچىپ چىقتىمۇ ياكى قاملىپ قالدىمۇ؟› دەپ سۈرۈشتە قىلىۋېتىپتۇ. شەھەرنىڭ نىمە بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شەھەردىن قېچىپ چىققانلار بىر يەرگە توپلىشىپ تۇردۇق. قاراڭغۇ چۈشتى، شەھەردىن ئانچە-مۇنچە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاڭ ئاتارغا يېقىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېقىن كىششى نىياز دېھقان يەتتە-سەككىز ئادىمى بىلەن پىيادە قېچىپ كەلدى...».

يەنە يۇقىرىقى كىتابنىڭ 111-ۋە 112-بەتلىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن: «...خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، يېنىدىكى نىياز دېھقانغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويىدى-دە باشقا ھېچنەرسە دېمىدى (نىياز دېھقان خوجىنىياز ھاجىنىڭ تايانچ ئاسمى ئىدى). ئۇنىڭ ئۇن چىقارماي نىياز دېھقانغا قاراپ قويۇشى شۇ كۈنلەردە نىياز دېھقاننىڭ ‹ئەگەر خوجىنىياز شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشسە مەن قومۇلغا كېتىمەن› دەپ يۈرگەنلىكىدىن ئىدى. چۈنكى ئۇ:‹شېڭ شىسەي بىزنى قولغا

www.kitaphumar.com

كەلتۈرگەندىن كېيىن ما جۇڭيىڭنى يېڭىپ، ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپىنىڭ بېشىنى ئالغىنىدەك ئۇمۇ بىزنىڭ بېشىمىزنى ئالىدۇ› دەپ قارايتتى. دېگەندەك كېيىنكى ۋاقىتلاردا، نىياز دېهقان بىر قانچە ئادىمى بىلەن قومۇلغا كىرىپ كەتتى...».

لۈكچۈن سېپىلى مۇهاسىرىسىدىن چېققان قوزغىلاڭچىلار بىلەن قارا شەھەردىن كەلگەن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىرلەشكەندىن كېيىن قوشۇن تەرتىپكە سېلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى تەرتىپكە سېلىشتا نىياز دېهقان شتاب باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇن تەركىبىدە جىمسارىدىكى مالۈيجاڭ (马旅长)، چېرىكلىرىگە زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ. جىمسارىدىكى چېرىكلەر تەسلىم بولۇپ قورال-ياراقلارنى ئەتىسى تاپشۇرماقچى بولغاندا، هاجى بىلەن مەهمۇت مۇهىتلار چېرىكلەرنىڭ تەكلىپىكە قوشۇلىدۇ، لېكىن نىياز دېهقان بىلەن سالى دورغا...باشلىق بىر قىسىم كىشىلەر:«بىز قان كېچىپ جەڭ قىلدۇق، تەسلىم بولغان چېرىكلەرنىڭ قولىدىكى قورال-ياراقلارنى يىغىۋېلىش بىردەملىك ئىش، بىزدە ‹تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق› دېگەن گەپ بار» دەپ، چېرىكلەرنىڭ قولىدىكى قورال-ياراقلارنى دەرهال يىغىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىراق هاجىلار «جەڭچىلىرىمىز كېچە-كۈندۈز ئۇرۇش قىلىپ بەك چارچاپ كەتتى، قورال-ياراقلارنى ئەتە تاڭ يورىغاندا يىغساقمۇ بولىدۇ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرىدۇ. نەتىجىدە شۇ كېچىسى جىمسارىدىكى چېرىكلەرنىڭ قولىدىكى قوراللارنى گۇچېڭدىكى ما جۇڭيىڭ يىغىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نىياز دېهقان، سالى دورغا باشلىق كىشىلەر:«هاجى ئەمدى ئوبدان بولدى» دەپ تەنە قىلىدۇ. هاجى ئۆيىدەك قىزىرىپ ئاچچىقىنى ما لۈيجاڭدىن چىقىرىپ، ئۇنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز هاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولىدۇ.

جىمسارىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن خوجىنىياز هاجى بىلەن مەهمۇت مۇهىتى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا بىتىم ئىمزالاش توغرىسىدا مۇزاكىرە بولغاندا، كۆپ ساندىكى قوزغىلاڭ رەهبەرلىرى شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى بىلەن بىتىم ئىمزالاشقا قوشۇلمايدۇ. بۇ ئىش نىياز دېهقاننىڭ ئىددىيەسىدىن قەتئىي ئۆتمەيدۇ. شۇ قېتىمقى مۇزاكىرىدە نىياز دېهقان سۆز قىلىپ مۇنداق دېيدۇ:«بىز ما جۇڭيىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىشمىز كېرەك. ما جۇڭيىڭنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى مەيدانى بىزگە پايدىلىق. جىمساردا تەسلىم بولغان چېرىكلەرنىڭ قولىدىكى قوراللارنى ئۆزىمىزنىڭ سەۋەنلىكىدىن ما جۇڭيىڭغا تارتقۇزۇپ قويدۇق. ما جۇڭيىڭ بۇ قوراللارنىڭ ئۇچىنى بىزگە ئەمەس شېڭ شىسەيگە قارىتىدۇ. هازىر ما جۇڭيىڭ بىلەن قورال تالىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس. بىز قوشۇنلىرىمىزنى دەم ئالدۇرغاچ تەرتىپكە سېلىپ دەرهال ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىكتە

ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىپ ئالدى بىلەن چوڭ دۈشمەن شېڭ شىسەينى يوقىتايلى» دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:«بىز تۆمۈر خەلپە پاجىئەسىدىن ساۋاق ئېلىشىمىز كېرەك، ئىنقىلاب قىلغان ئىكەنمىز، ئىنقىلابنى چوقۇم ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، شېڭ شىسەي بىلەن ياك زېڭشىن ئوخشاشلا بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، شېڭ شىسەي بۆرە، بىز قوي، قوي بىلەن بۆرە قاچان بىر جاڭگالدا ياشىغىنى بار؟ قومۇل ۋە تۇرپانلاردا دەريا-دەريا قانلارنى ئاققۇزغان ئاشۇ جاللات شېڭ شىسەي ئەمەسمۇ؟ مەخسۇت باي (مەخسۇت مۇھىتى)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901-1933)، تۆمۈر جىسا (؟-1933)...لارنىڭ كاللىسىنى ئالغان ئاشۇ بىز بىتىم ئىمزالىماقچى بولغان جاللات شېڭ شىسەي ئەمەسمۇ؟ بىز ئۇنىڭ قانخور جاللاتلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئاشۇ جاللات بىلەن بىرلىشەمدۇق؟ ئېنىقكى بىز شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشسەك ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيمىز! بۇ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟

بىز شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشسەك سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ‹بىزنىڭ ھاياتىمىزغا كېپىل بولىدۇ› دېگەن بىكار گەپ، بىزنىڭ ھاياتىمىزغا كېپىل بولىدىغان ۋە بىزنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان نەرسە مانا مۇشۇ» دەپ قولىدىكى تاپانچىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ. بىراق جىمسار بىتىمى ئىمزالىنىدۇ. مەھمۇت مۇھىتىمۇ ئاخىر بىتىم ئىمزالاشقا مەجبۇرى قوشۇلىدۇ. نىياز دېھقان خوجىنىياز ھاجىغا:«ئەمدى مەن سىز بىلەن بىللە بولالمايمەن، سىز ئىشپىيونلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتىڭىز، بىزنىڭ ئىنقىلاب قىلىپ دەريا-دەريا قانلارنى ئاققۇزۇپ ئاخىرقى مەقسىتىمىز ئاشۇ شېڭ شىسەي دېگەن چىل بۆرە بىلەن بىرلىشىشمىدى؟ بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام قومۇلدىلا قالغان بولار ئىدىم، ئىسىت! ئىسىت! دەريا-دەريا ئاققان قانلار!» دەپ ئۆزىنىڭ قومۇلغا كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى نىياز دېھقاننىڭ قومۇلغا قايتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ناھايىتى غەش بولىدۇ. ئۇ مۇھىم بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان كىشىدەك بولۇپ قالىدۇ. ئۇ نىياز دېھقانغا:«دېھقان ئاكا، سىز ئەڭ ياخشىسى قومۇلغا قايتماڭ، ئىلگىرى بىز بىللە ئىنقىلاب قىلدۇق، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولدۇق. بۇندىن كېيىنمۇ بىللە بولايلى، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرەيلى» دېگەندە، نىياز دېھقان:«ئەسلىدە مېنىڭمۇ سىزدىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى. ھازىر مەن سىز ماڭغان يولغا ماڭالمايمەن، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا سىز چىل بۆرە بىلەن بىرلەشتىڭىزلەر، بۆرىگە يەم بولماسلىق ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك ئىدى، ئەكسىچە سىز قاراپ تۇرۇپ بۆرە بىلەن بىرلەشتىڭىز، دۈشمەننى ئاز دەپ دۈشمىنىمىز جاللات شېڭ شىسەي بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ما جۇڭيىڭنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىۋالدۇق، بىز ما جۇڭيىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلمىدۇق. ئىشپىيونلارغا ئالدىنىپ كەتتۇق. مەن سىزنى ئاللاغا تاپشۇردۇم» دەپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئوغۇللىرى تۇرسۇن ئاخۇن، توقسۇن ئاخۇن ۋە قالغانلىرى بىلەن 20-30 دەك پىيادىنى باشلاپ قومۇلغا قايتىدۇ.

www.kitaphumar.com

خوجنىياز ھاجى نىياز دېھقاننى كۆز يېشى قىلىپ ئۈزۈپ قويىدۇ. نىياز دېھقان قومۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولىدۇ. كىشىلەرنى بۇندىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ ئېھتىياتچان بولۇشنى، جاللات شېڭ شىسەينىڭ ھامان بىر كۈنى قانلىق قىرغىنچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

1937-يىلى جاللات شېڭ شىسەي ئىلغارلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، شۇ يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى خوجنىياز ھاجى باشلىق كىشىلەرنى قولغا ئالىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قومۇلدىمۇ نىياز دېھقانغا ئوخشاش ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋە ھېسداشلىق قىلغان كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلايدۇ. بىراق نىياز دېھقان تۇيۇپ قېلىپ ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. بۇ كۈنلەردە نىياز دېھقان 2-ئايالى خوشنارىخاننىڭ دۆربەجىن چوڭ تۇردا ئولتۇرۇشلۇق ئۇكىسى شاۋەنبەگ موللام (1894—1977) نىڭ ئۆيىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىگىز بولۇق ئۆسكەن چىغىرتماقلىقتا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. دۆبەجىن غولىبېرتىكى 2-ئوغلى توقسۇن ئاخۇن دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قومۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ دۆربەجىندىكى پايلاقچىسى XX نىياز دېھقاننىڭ دۆربەجىندە يوشۇرۇنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ(18) قومۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىگە ئاخبارات بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن قومۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاشىم ھاجى(19) ئەۋەتكەن ج خ ئىدارىسى رازۋېت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھوشۇر مۇسا (1915-1984) بىلەن رازۋېت بۆلۈمىنىڭ رازۋېتچىكى شاۋاز (1917-1951) قاتارلىق كاللا كېسەر جاللاتلار بىر ماشىنا چېرىكنى باشلاپ نىياز دېھقاننى تۇتۇش ئۈچۈن دۆربەجىن غولىبېرىق مەھەللىگە چىقىدۇ.

بىراق نىياز دېھقان بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ چەبدەسلىك بىلەن خېچىرىغا مىنىپ راھاتباغ چوڭتۇرغا بېرىپ قوناقلىقتا، كېيىن ئاقار ئارقىلىق قالغايتىغا چىقىپ ئۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق چوڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇننىڭ ھەمرالىقىدا ئىككى ئاتقا خىلى ۋاقىت يەتكىدەك يېمەك-ئىچمەكنى ئارتىپ قالغايتى بىلەن قۇرۇلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئادەم ئاسانلىقچە بايقىيالمايدىغان تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇنىدۇ. ھوشۇر موسا بىلەن شاۋاز چېرىكلەرنى باشلاپ ئىز بېسىپ قوغلاپ قالغايتىغا چىقىپ نىياز دېھقاننى ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن قومۇلغا قايتىپ كېلىپ ھاشىم ھاجىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. كېيىن، ئۇلار نىياز دېھقاننى:«تاشقى موڭغۇلىيەگە چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ئىزدەشنى توختىتىدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىياز دېھقانلارنىڭ يىمەكلىكى تۈگەپ قېلىپ، تۇرسۇن ئاخۇن كېچىدە قالىغايتىدىكى ئۆيىگە كېلىپ ئىككى ئاتقا يىمەكلىكنى ئارتىپ تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى مەھەللىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا شۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق يامان نىيەتلىك بىر ئايال تۇرسۇن ئاخۇننى كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇ ئەتىسى ئىشەكنى مىنىپ قۇرۇلۇقتىكى XX كە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. XX دەرھال ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە قومۇلغا كېلىپ ھاشىم ھاجى ۋە ھوشۇر موسالارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھوشۇر مۇسا بىلەن شاۋاز 2-قېتىم بىر ماشىنا چېرىكنى باشلاپ قالىغايتىغا چىقىپ نىياز دېھقاننىڭ قالىغايتىدىكى ئۆيىنى ماكان تۇتۇپ نىياز دېھقاننى ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئۇلار ھەرقانچە ئىزدەپمۇ نىياز دېھقاننىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى تاپالمىغاندىن كېيىن نىياز دېھقاننىڭ چوڭ ئاكىسى ئابدۇرېشىت ئاخۇن (1870-1948) نىڭ چوڭ ئوغلى مامۇت ئاخۇن (1896-1994) بىلەن 2-ئاكىسى تاھىر ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىبراھىم ئاخۇن (بازار ئاخۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، 1906-1946) نى قومۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىگە ئەكىلىپ سولاپ قويۇپ، نىياز دېھقاننىڭ تۇققانلىرىغا:«ئەگەر نىياز دېھقان كەلمەيدىغان بولسا، مۇشۇ ئىككى بالىنى ئۇنىڭ ئورنىغا تۇتۇپ قالىمىز» دەپ خەۋەر چىقىرىدۇ. بۇ خەۋەر نىياز دېھقاننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن تەڭلىكتە قالىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن:«مەن بىر ئادەمنى دەپ قېرىنداشلىرىم، باللىرىم ۋە ئۇرۇق-تۇققانلار رىيازەت چېكىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى بالا مېنى دەپ سولاقتا يېتىۋاتىدۇ، مېنىڭ يېشىم 56 غا كەلدى، بۇ ئىشلار مەن بىلەنلا تۈگەيدىغان بولسا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلاي» دېگەن قارارغا كېلىدۇ، لېكىن تۇرسۇن ئاخۇن دادىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايدۇ، ئۇ:«دادا بىز قاراپ تۇرۇپ سىزنى تۇتۇپ بېرەمدۇق؟ ئەگەر سىز قوشۇلسىڭىز بىز ئىشنى باشقىدىن باشلايلى، بىز ئوتتۇرىغا چىقساق بىزنى ئەگەشمەيدىغان كىم بار. بىز ئادەم باشلاپ بېرىپ قالىغايتىدىكى چېرىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەيلى، ‹يېتىپ قالغىچە ئېتىپ قال› دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟» دېگەندە، نىياز دېھقان تۇرسۇن ئاخۇنغا:«بالام شۇنداق قىلساقمۇ بولاتتى، بىراق بەك كۆپ قان تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشلار مەن بىلەنلا تۈگىسۇن» دەپ تۇرسۇن ئاخۇننىڭ توسىغىنىغا ئۇنىماي، 1938-يىلى 10-ئاينىڭ بىر كۈنى كېچىدە قالىغايتىدىكى ئۆيىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر نىياز دېھقاننى قومۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىگە ئېلىپ كېلىپ، دەسلەپ قومۇل تۈرمىسىگە قاماپ، كېيىن ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەپ كېتىدۇ. نىياز دېھقان قولغا ئېلىنىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ مال-مۈلكى ۋە دۆربەجىن غولئېرىقتىكى يەر-زېمىن، قورۇ-جايلىرى «خائىنلار مۈلكى⒇» (نىچەن-逆产) دەپ مۇسادىرە قىلىنىدۇ. تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن توقسۇن ئاخۇنلار دادىسىدىن كېيىن 1946-يىلى 9-ئايغىچە قالىغايتى ۋە دۆربەجىن غولئېرىقتا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدۇ.

1946-يىلى 9-ئايدا تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ باشلىقى سېيىت قۇربان(21) ۋە مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئونانباي بەيجىيەن (قازاق) بىلەن بىرلىكتە تەڭرىتاغ ۋە غەربىي تاغ خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، سېيىت قۇربان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئونانباي بەيجىيەن مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، كۆشۈتە تاغ ئېغىزىدا بىر قانچە قېتىم گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ نۇرغۇن دۈشمەننى يوقىتىدۇ. تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن توقسۇن ئاخۇنلار گەرچە قوزغىلاڭغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، قوزغىلىڭغا ئاۋاز قوشىدۇ ۋە ماددى جەھەتتىن قوللايدۇ. چۈنكى سېيىت قۇربان بىلەن توقسۇن ئاخۇن باجا ئىدى(23). كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بورھان شەھىدى (1894-1989)، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مېڭچۈن (刘孟纯، 1904-1982)، مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئاباسوف (1921-1949)...قاتارلىق كىشىلەر قومۇلغا كېلىپ قوزغىلاڭنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلغاندىن كېيىن، سېيىت قۇربان بىلەن ئونانباي بەيجىيەن...قاتارلىق كىشىلەر 1946-يىلى 11-ئايدا ئۈرۈمچىگە، كېيىن غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىدۇ.

سېيىت قۇربانلار قومۇلدىن كەتكەندىن كېيىن، تۇرسۇن ئاخۇن سېيىت قۇرباننىڭ ئورنىغا تەڭرىتاغ يېزىسى (رايونى) نىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ(24). ئۇ بۇ ۋەزىپىنى 1950-يىل3-ئايغىچە ئۆتەيدۇ.«تۇرسۇن شياڭجاڭ» دېگەن نام ئەنە شۇنىڭ كېيىن پەيدا بولغان ئىدى. تۇرسۇن ئاخۇن يېزا باشلىقى بولغاندىن كېيىن، تەڭرىتاغ ۋە غەربىي تاغ خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتلەردە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە قوشۇمچە يېزىلىق (رايونلۇق) «قوغدىنىش ئەترىتى-自卫队» نىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئوسمان ئىسلام (1889-1951) باندىتلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ چارۋا ۋە مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتەك ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھمايىسىگە سازاۋەر بولىدۇ.

1949-يىلى 9-ئايدا تۇرسۇن ئاخۇننىڭ سىڭلىسى سارىخان (ئايتۆرۈك ئايلا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، 1916-1954) نىڭ يولدىشى ئەمەت ئاخۇن 40 يېشىدا دۆربەجىن غولئېرىق كەنتىدە ۋاپات بولغاندا، تۇرسۇن ئاخۇن قوغدىنىش ئەترىتىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قوراللىق(25) دۆربەجىن غولئېرىققا كېلىپ ئەمەت ئاخۇننىڭ مېيىت نامىزىغا قاتنىشىدۇ.

قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا بىرەر مەھەللىدە مۇسىبەت بولسا، مەرھۇمنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە مەھەللىدىكى جامائەت ئۇدا بىر ھەپتە تۈپراق بېشىغا چىقىدىغان ئادەت بولغاچقا، بىر كۈنى

تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن توقسۇن ئاخۇنلار جامائەت بىلەن بىللە ئەمەت ئاخۇننىڭ تۇپراق بېشىغا بىرىپ قايتىشىدا، شۇ ۋاقىتتىكى قومۇلنىڭ ۋالىسى يولۋاس (مامۇت ھوشۇر، 1889ـ1971) نىڭ چاقىرتىشى بىلەن تاغلاردىن قومۇلغا يىغىنغا كەلگەن ھەرقايسى يېزىلىق قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىر قازاق (ئىسمى نامەلۇم) تۇرسۇن ئاخۇنغا:«تۇرسۇن شىياڭجاڭ، سىزنى ئۇستا مەرگەن، ‹ئادەمنىڭ بېشىدىكى تۇخۇمنى چاچالايدۇ› دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق. بۈگۈن سىز بىزگە ماھارەت كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىڭىز» دېگەن تەكلىپنى بىرىدۇ. تۇرسۇن ئاخۇن جاۋابەن:«بولىدۇ، ئالدى بىلەن ئۇكام توقسۇن ئاخۇن كۆپچىلىككە ماھارەت كۆرسىتىپ بەرسۇن، ئاندىن مەن كۆرسىتىپ بىرەي» دەيدۇ.

غولئېرىق مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق نەسرۇللا يۇنۇس (ئاقسوپا يۇنۇس دوپمۇ ئاتىلىدۇ، يۇنۇس موللامنىڭ چوڭ ئوغلى، 1912ـ1988) گەپ قىستۇرۇپ:«كىچىك ئاخۇن (توقسۇن ئاخۇن) غا ئادەمنىڭ بېشىدىكى تۇخۇمنى ئېتىش ھېچ گەپ ئەمەس» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن توقسۇن ئاخۇن «يەتتە ئاتار» مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ، ھازىرقى غولئېرىق مەھەللە قەۋرىستانلىقىنىڭ شەرقىدىكى خارمانىنىڭ ئورنىدا ماھارەت  كۆرسىتىدۇ. جامائەت مەيدانىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ توقسۇن ئاخۇننىڭ ماھارىتىنى كۆرىدۇ. جامائەت ئارىسىدىن بىرەيلەن قىلپىتا قۇيۇلغان كىسەكتىن بىرقانچىنى بىرنىڭ ئۈستىگە بىرنى تىكلەپ قويۇپ، كىسەكنىڭ ئۈستىگە دوپپىنى، دوپپىنىڭ ئۈستىگە تۇخۇمنى قويۇپ تەييارلايدۇ. توقسۇن ئاخۇن تۇخۇمدىن 120 مېتىر يىراقلىققا بىرىپ ئالدىغا 10ـ15 مېتىردەك يۈگرەپ كىلىپ، ئوڭ پۇتىنى يەرگە تىزلاپ مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىش بىلەن تۇخۇم پارا-پارا بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن تۇرسۇن ئاخۇنمۇ ئۈكسىغا ئوخشاش 120 مېتىر يىراقلىققا بىرىپ، ئالدىغا 10ـ 15 مېتىردەك يۈگرەپ كىلىپ توختاپ، ئۆرە تۇرۇپ مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىشى بىلەن تۇخۇم پارا-پارا بولۇپ كېتىدۇ. جامائەت تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن توقسۇن ئاخۇننىڭ مەرگەنلىكىگە ئاپىرىن دەيدۇ . ھېلىقى تۇرسۇن ئاخۇننى ماھارەت كۆرسىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان قازاق:«مەن ئۆزەمنى مەرگەن دەپ ھېساپلايتىمەن، ھەقىقىي مەرگەن سىلەر ئىكەنسىلەر» دەيدۇ.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن، قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم قومۇل شەھرىنىڭ جەنۇبىدىكى جىنيەنتاڭ(26) دا ئىلگىرى گومىنداڭغا ئىشلىگەن ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتقان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئۈچ ئايلىق سىياسىي كۇرسى ئاچىدۇ. تۇرسۇن ئاخۇن كۇرسىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ  ئىلگىرى گومىنداڭ دەۋرىدە يېزا باشلىقى بولغانلىقى سەۋەبلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئالدىدا ئۆزىنى ئەستايىدىل

www.kitaphumar.com

تەكشۈرەيدۇ. تەشكىل تۇرسۇن ئاخۇننىڭ ئۆزىنى تەكشۈرىشىدىن رازى بولۇپ، «ھەممە ئادەم ئۆزىنى تەكشۈرۈشتە تۇرسۇن نىيازدەك بولۇشى كېرەك» دەپ ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنىلا قومۇلنىڭ ۋالىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان سابىق گومىنداڭ ۋالىسى يولۋاس، خەنزۇ ئايالى لياۋ يوڭچيۇ (廖咏秋، مۇسۇلمانچە ئىسمى مەدىنە خېنىم، 1915ـ1950)، 2.ئوغلى ياقۇپبەگ (ياۋ داۋخوڭ ـ尧道宏، 3 (1909ـ1991ـئوغلى ئەمەتبەگ (ياۋ داۋمىڭ ـ尧道明، 1918ـ2004)...قاتارلىقلارنى ئەگەشتۈرۈپ، 1950ـيىلى 3ـئاينىڭ 18ـكۈنى قومۇلدىن تاققا قېچىپ چىقىپ، باركۆلدىكى ئوسمان ئىسلام بىلەن بىرلىشىپ، كومپارتىيەگە، خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ باندىتلىق يولىغا ماڭىدۇ. تۇرسۇن ئاخۇن يولۋاسنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىگە قاراشلىق قوغدىنىش ئەترىتىدىكى خادىملارنى تەشكىللەپ باندىتلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىللە نۆۋەتتىكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولىدۇ.

ئۇ پۇقرالارغا يولۋاس، ئوسمان ئىسلام باندىتلىرىنىڭ يالغان گەپ-سۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىك ۋە ئۇلارغا ئەگەشمەسلىك توغرىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. تۇرسۇن ئاخۇن يەنە ئاتا تەرەپ نەۋرە ئۇكىلىرى-قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئابدۇرېھىم ئاخۇن(27)، ياقۇپ ئاخۇن(28)، ۋە ئابدۇللاتالىپ(29)، قاتارلىقلارنى يولۋاسنىڭ ئۇچۇرىنى ئىلىپ كېلىش ئۈچۈن تاغ ئارقىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قالغايتىدىن يولغا چىققاندا نەۋرە ئۇكىسى قاسىم ئابدۇگۈلى(30)گە ئۇچرايدۇ. قاسىم ئابدۇگۈلى ئۇلاردىن:«ئاكىلار نەگە ماڭدىڭىزلار» دەپ سورىغاندا، ئۇلار:«شىكارغا (ئوۋغا) ماڭدۇق، قايتىپ كېلىپ سىزلەرگە كىيىك گۆشى بىلەن كاۋاپ قىلىپ بېرىمىز» دەيدۇ. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە شىمالغا قاراپ مېڭىپ، سۆڭگۈشتام(31) نىڭ غەربىدىكى چىبىل (شىۋۇلى-十五里) دېگەن جايغا بارغان. ئۇ يەردە ۋاڭ زوڭسەي (王宗才)، ۋاڭ چېڭ (王成)، ۋاڭ بىن (王斌)، ۋاڭ بېنسەن (王本山) ۋە ۋاڭ گۇاڭيى (王光义) قاتارلىق خەنزۇ دېھقانلار ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ئابدۇللاتالىپ ئىلگىرى چارۋا بېقىپ يۈرۈپ ۋاڭ چېڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغان، ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ چارچاپ قالغاچقا ۋاڭ چېڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھاردۇق ئالىدۇ. بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق خەنزۇلار ئىلگىرى ئوسمان ئىسلام شايكىلىرىنىڭ بۇلاڭ-تالىڭىغا ئۇچراپ، بىر ئادەمدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ۋاڭ چېڭ ئابدۇرېھىم ئاخۇنلارنى«ئوسمان ئىسلامنىڭ شايكىلىرى» دەپ ئويلاپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوغدىنىش ئەترىتىگە ئابدۇرېھىم ئاخۇنلارنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئوغلىنى ئەۋەتىدۇ. بىر-ئىككى سائەتتىن كېيىن بىر توپ قوراللىق ئادەم كېلىپ ۋاڭ چېڭنىڭ ئۆيىنى قورشاپ، ئۆيدە

ئۇخلاۋاتقان ئابدۇرېھىم ئاخۇنلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ چەمبەرچاس باغلىغاندىن كېيىن، قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئاخۇنلارغا: «سىلەر ئوسمان ئىسلامنىڭ شايكىلىرى، ئىلگىرى بىزنىڭ بىر ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرۈپ چارۋا ۋە مال-مۈلكىمىزنى بۇلاپ كەتتىڭلار، بۈگۈن بىز سىلەردىن قىساس ئالىمىز»-دەيدۇ.

ئابدۇرېھىم ئاخۇنلار:«بىز ئوسمان ئىسلامنىڭ ئادەملىرى ئەمەس، تەڭرى تاغ رايونلۇق (يېزىلىق) قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى، بىزنى تۇرسۇن شىياڭجاڭ يولۋاسنىڭ ئۈچۈرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن» دەپ چۈشەنچە بەرگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلىرى بار بولغاچقا، ئابدۇرېھىم ئاخۇنلارنىڭ گېپىگە قەستەنگە ئىشەنمەي ئۇلارنى ھەيدەپ ماڭىدۇ. ئابدۇللاتالىپ ۋاڭ چېڭغا:«سەن مېنى تونۇسەنغۇ؟ بىز ئوسمان ئىسلامنىڭ ئادەملىرى ئەمەس، سەن ئۇلارغا بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالساڭ» دېگەن بولسىمۇ، ۋاڭ چېڭ ئابدۇللا تالىپ بىلەن كارى بولمىغاندىن كېيىن، قوراللىقلاردىن بىرى ئابدۇللاتالىپنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ئاندىن ئابدۇرېھىم ئاخۇن بىلەن ياقۇپ ئاخۇننى ھەيدەپ يارداڭ تۈۋىگە ھەيدەپ بېرىپ ئۇلارنىمۇ مىلتىق بىلەن ئېتىپ، جەسەتلەرنى (ئابدۇللاتالىپنىڭ جەسىدىنىمۇ قوشۇپ) يارداڭغا تاشلاپ كۆمۈپ تاشلايدۇ. كېيىن خەلق ئارىسىدا:«باركۆلدە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئابدۇرېھىم ئاخۇنلارنى ئۆيگە سولاپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆيگە ئوت قويۇپ ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ» دېگەن گەپ-سۆزلەر پەيدا بولىدۇ. بىراق ئىشپىيونلار كۆيدۈرۈۋەتكەن ئۆيدىن جەسەت چىقمىغان. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى 88 ياشلىق ئىسمائىل خۇدابەردى بىلەن 86 ياشلىق ئەيسا زاكىرلار مۇنداق دەيدۇ:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بىز سۆھبەتلەشكەندە ئىدۇق، 1950-يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرى ئاراتۈرۈكتە قوراللىق توپىلاڭ (قىرىق كۈنلۈك ئىسيان) يۈز بەرگەندىن كېيىن، بىز سىرتتا قېچىپ يۈرۈپ جاھان تىنچلانغاندىن كېيىن ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ كەلسەك، تەڭرى تاغ رايونى (يېزىسى) نىڭ باشلىقى تۇرسۇن نىياز (تۇرسۇن شىياڭجاڭ) يولۋاسنىڭ ئۈچۈرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئابدۇرېھىم ئاخۇن، ياقۇپ ئاخۇن ۋە ئابدۇللاتالىپ ئاخۇنلار سۆھبەتلەشكەندە غەربىدىكى چىبىلغا كېلىپ، ۋاڭ چېڭنىڭ ئۆيىدە دەم ئېلىپ ئۇخلاۋاتقاندا، مۇشۇ يەردىكى قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ كىرىۋالغان ئىشپىيونلار ئابدۇرېھىم ئاخۇنلارنىڭ سالاھىيىتىنى بىلىۋېلىپ ئۇلارنى قەستەن ‹ئوسمان باندىتىنىڭ ئادەملىرى› دەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق». ئەيسا زاكىر يەنە مۇنداق دەيدۇ:«قېيىنى ئاتام مۇتەللىپ ئاخۇن (1912-1992) ئابدۇللاتالىپ ئاخۇننىڭ ئاكىسى

www.kitaphumar.com

بولـدۇ، بـز ئەينـى ۋاقتتـا ئابـدۇرېھم ئـاخۇنلارنى ئـشـپيونلار چىبىلـدىكى ئـوتلاق ئەترىتـى (ھازىرقى ئوتلاق پونكىتى) دە تىگى چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتـۈرۈپ تاشـلاپتۇ دەپ ئاڭلىغـان ئىدۇق».

كېيىن ئابدۇرېھم ئاخۇنلارنى ئۆلتۈرگەن ئىشپيونلار قولغا ئېلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ جىنـايى قىلمىشلىرىنى خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغاندا، ئابدۇرېھم ئاخۇنلارنى ئۆلتۈگەنلىك جىنـايىتىنى يوشۇرۇپ قالغان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئابدۇرېھم ئاخۇنلار «ئوسمان باندىتىنىڭ ئادەملىرى » دەپ قارالغاچقا بۇ قـاتىللىق دېلوسـى سۈرۈشتە قىلىنمـاي قالغـان ئىـدى. كېيىن خەلـق ھۆكـۈمىتى ئىشپيونلارنىڭ جىنايىتىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ قانۇن بـويىچە قامـاق جازاسـىغا ھۆكـۈم قىلىپ قومۇل ئەمگەك بىلەن ئـۆزگەرتىش مەيـدانى(32) دا جـازا ئـۆتىگەن. 1964-يىلـى قومـۇل ئەمـگەك بـىلـەن ئــۆزگەرتىش مەيــدانىنى جەنــۇبى شــىنجاڭغا يۆتكىگەنــدە، قومۇلــدىكى جىنايەتچىلەرنى تـارىم، كۇچا سەكسەن تام ۋە خوتەن كېرىيە قاتـارلىق جـايلاردىكى ئەمـگەك بىلەن ئـۆزگەرتىش مەيـدانلىرىغا يـۆتكىگەن. ئابـدۇرېھم ئـاخۇنلارنى بـاش بولـۇپ ئۆلتـۈرگەن جىنايەتچى تارىم ئەمـگەك بـىلەن ئـۆزگەرتىش مەيـدانىغا جـازا ئـۆتىگەن (ئـۇ مۇددەتسىز قامـاق جازاسـىغا ھۆكـۈم قىلىنغـان). 1981-يىلـى ئـۇ ياشـىنىپ قالغاچقـا، ئۆزىنىـڭ تۇرمىـدىن ھايـات چىقىـپ كېتەلمەسـلىكىگە كـۆزى يەتـمەي، 1950-يىلـى ئابـدۇرېھم ئـاخۇن قاتـارلىق ئـۈچ ئـادەمنى ئۆلتۈرگەنلىك جىنـايىتىنى «سـىر بولـۇپ قالمىسۇن» دەپ، تـارىم ئەمگەك بىـلەن ئـۆزگەرتىش مەيـدانى راھبەرلىكىگە ئىنكـاس قىلغـان. شـۇنىڭ بىـلەن تـارىم ئەمـگەك بىـلەن ئـۆزگەرتىش مەيـدانى راھبەرلىكـى بـۇ ئىشـنى سـابىق قومـۇل ناھىيەلىـك ج خ ئىدارىسـى(33) گە تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىكى تاھىر توقسۇن(34)، ياقۇپ ناسىر (ھازىر قومۇلدا پېنسىيەدە) ۋە بىـر خەنـزۇ سـاقچى (ئىسـمى نـامەلۇم) قاتـارلىق ج خ كـادىرلىرىنى ئابــدۇرېھم ئــاخۇن، يـاقۇپ ئــاخۇن ۋە ئابــدۇللاتالىپ ئاخۇنلارنــىڭ دېلوســىنى تەكشــۈرۈپ ئېنىقلاشـقا مەسـئۇل قىلـدۇ. تـاھىر توقسـۇنلار ئـالدى بىـلەن قالىغايتىغـا چىقىـپ، ئابـدۇرېھم ئاخۇن، ياقۇپ ئاخۇن ۋە ئابدۇللاتالىپ ئاخۇنلارنىـڭ قېرىنداشـلىرىدىن ئىمىـن ئـاخۇن (1989-1894)، مـامۇت ئـاخۇن، ئابـدۇۋاھىت ئـاخۇن (1899-1985)، ئىسـمائىل ئىمـام (1910-1993)، ئىسـاق مــوللام (1913-1989)...قاتــارلىق كىشــىلەردىن ئەھــۋال ئىگەللىگەنــدىن كېيــىن، سۆڭگۈشتامغا بېرىپ، 1950-يىلىدىكى ئىشـلارنى بىلـىدىغان كىشـىلەردىن ئەھـۋال ئىگەلـلەپ، ئابدۇرېھم ئاخۇنلارنىڭ سۆڭگەشتامنىڭ غەربىدىكى چىبىلـدا ئىشـپيونلارنىڭ زىيانكەشـلىكى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. بۇ ئىشـلار توغۇرلـۇق تـاھىر توقسـۇن ئاكـا مۇنـداق ئەسلەيدۇ:

www.kitaphumar.com

«1981-يىلى ياز كۈنلەر ئىدى، بىر كۈنى رەھبەرلىك مەن، ياقۇپ ناسىر، بىر خەنزۇ قاتارلىق ئۈچۈمىزنى ئىشخانىغا چاقىرىپ، تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن كەلگەن تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلىپ، ئابدۇرېھىم ئاخۇن، ياقۇپ ئاخۇن ۋە ئابدۇللاتالىپ ئاخۇنلارنىڭ دىلوسىنى تەكشۈرۈپ چىقىشىمىزنى تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۈچ ئادەم ئالدى بىلەن قالىغايتىغا چىقىپ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ ئەھۋال ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ 1-روتىسى تورۇشلۇق جاي سۆڭگۈشتام-چىبىلغا بېرىپ، 1950-يىلىدىكى ھەقىقى ئەھۋالنى بىلىدىغان كىشىلەردىن ئەھۋال ئىگەللىدۇق، بولۇپمۇ ياشانغان بىر خەنزۇ ئابدۇرېھىم ئاخۇنلارنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تەپسىلى بىلىدىكەن. ئۇ بىزگە مۇنداق دېدى: ‹بىر كۈنى 30 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى ئۈچ نەپەر قوراللىق ئۇيغۇر ياش بىز تۇرۇشلۇق يەرگە كېلىپ، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ۋاڭ جېڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بىر-ئىككى سائەتتىن كېيىن، مۇشۇ يەردىكى قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ھېلىقى ئۈچ ئۇيغۇر ياش چۈشكەن ئۆينى قورشىۋېلىپ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ چەمبەرچاس باغلىغاندىن كېيىن، قوغدىنىش ئەترىتىكىلەردىن بىرى ئۇلارغا: ‹سىلەر ئوسمان ئىسلامنىڭ ئادەملىرى، ئىلگىرى بىزنىڭ بىر ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلۈكلىرىمىزنى بۇلاپ كەتتىڭلار، بۈگۈن بىز سىلەردىن قىساس ئالىمىز› دېدى. ئۇلار:‹بىز ئوسمان ئىسلامنىڭ ئادەملىرى ئەمەس، غەربى تاغ يېزىلىق قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى...› دەپ قايتا-قايتا چۈشەنچە بەرگەن بولسىمۇ، قارشى تەرەپ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي ئۇلارنى يارداڭ تۈۋىگە ئېلىپ بېرىپ مىلتىق ئېتىپ تاشلاپ جەسەتلىرىنى ياردانغا تاشلاپ كۆمۈپ تاشلىدى› دېدى. بىز تەكشۈرۈشنى ئاياقلاشتۇرۇپ قايتىپ كېلىپ دىلو ئەھۋالىنى رەھبەرلىككە دوكلات قىلدۇق. كېيىن ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىكى تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى رەھبەرلىكىگە تۈرمىدىكى ئىشپىيوننىڭ ئىنكاسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى توغرىلىق تېلېگرامما يوللىدى».

1950-يىلى 3-ئايدا  قومۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى(35) رەھبەرلىكى ئۇيۇشما كادىرى ئابدۇرېھىم شېرىپ (1919-1997) نى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قويلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ كېلىش ئۈچۈن باغداشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ باغداشقا چىقىشى بىلەن باركۆلدىن قېچىپ كەلگەن يولۋاس ئابدۇرېھىم شېرىپتىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندا، تۇرسۇن ئاخۇن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئالاھىدە باغداشقا بېرىپ ئابدۇرېھىم شېرىپنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان.

www.kitaphumar.com

1952-يىلى 4-ئايغا كەلگەندە ئابدۇرېھىم ئاخۇن، ياقۇپ ئاخۇن ۋە ئابدۇللاتالىپ ئاخۇنلارنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى (شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىغان ئىدى) تۇرسۇن ئاخۇنغا ئارتىلىپ،«تۇرسۇن نىياز نەۋرە ئۇكىلىرىنى تاغ ئارقىسىغا ئەۋەتىپ ئۇلارنى باندىت-ئىشپىيونلارغا ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى، ئۇنىڭ باندىت-ئىشپىيونلار بىلەن تىلى بىر» دەپ قارىلىپ، شۇ ۋاقىتتا يۈرگۈزۈلگەن سول سىياسەت بويىچە تۇرسۇن ئاخۇن قولغا ئېلىنىپ، سابىق قومۇل ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن تەييارلىق سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، قومۇل ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ(36)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى(37) گە يوللانغان. بۇ مەزگىل دەل رەئىس ماۋ زېدوڭ (1976-1893) غەربىي-شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى جوڭشۈن ((38)习仲勋، 2002-1913) نى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلىۋاتقان سولچىللىقا خاتىمە بېرىشكە باشلىغان ۋاقىت بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تۇرسۇن ئاخۇننىڭ دىلوسىنى قايتىدىن تەپسىلى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازانى بىكار قىلىپ، دىلونى قايتىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىش توغرىلىق قومۇل ناھىيەلىك خەلق مەھكىمىسىگە تېلېگىراممىا يوللىغان. بىراق تېلېگىراممىنى قومۇل ۋالىي مەھكىمىسىدىن بىر خەنزۇ كادىر ئاتلىق ھازىرقى غەربىي تاغ يېزىسى قۇرۇلۇق كەنتىگە ئېلىپ چىققاندا جازا ئىجرا قىلىنىپ بولغىلى 15 مىنۇت بولغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى قومۇل ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى، قوشۇمچە قومۇل ناھىيەلىك خەلق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سېيىت قۇربان (سېيىت باتۇر) خەنزۇ كادىر قومۇلدىن ئېلىپ چىققان تېلېگىراممىنى كۆرۈپ:«ئىسىت! ھەي ئىسىت! تېلېگىراممىا 10-15 مىنۇت بۇرۇن چىقسىچۇ!» دەپ ئىككى قولى بىلەن يوتىسىغا ئۇرۇپ، تۇرسۇن ئاخۇننىڭ ناھەق ئېتىلىپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈنگەن. بۇ ئىشلار توغرىلىق غەربىي تاغ يېزا قۇرۇلۇق كەنتلىك 83 ياشلىق زىلىخە ئاپپاق ئەمەت مۇنداق ئەسلەيدۇ:«مەن 1944-يىلى 15 يېشىمدا قۇرۇلۇقلۇق ياقۇپ نىياز(39) غا ياتلىق بولغان ئىدىم. 1952-يىلى 4-ئايدا مەن 23 ياشتا بولۇپ، تۇرسۇن ئاخۇنغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن كۈنى نەق مەيداندا بار ئىدىم. ھۆكۈمنامىنى سېيىت ھاكىم (سېيىت قۇربان) ئۆزى ئوقۇدى، ئاندىن جازا ئىجرا قىلىندى. جازا ئىجرا قىلىنىپ بولۇپ 15-20 مىنۇتتىن كېيىن، قومۇل شەھەر تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم كۆرۈندى. ئۇ قولىدا بىر نەرسىنى كۆتۈرىۋالغان بولۇپ، يېقىن كەلگەندە قارىساق قارا ئات مىنگەن خەنزۇ كادىر ئىكەن. ئۇ قومۇل ۋالىي مەھكىمىسىدىن چىققان بولۇپ، قولىدىكى ۋاراقچىنى سېيىت ھاكىم باشلىق رەھبەرلەرگە ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن سېيىت ھاكىم ‹ئىسىت! ھەي ئىسىت! تېلېگىراممىا 10-15 مىنۇت بۇرۇن چىقسىچۇ!› دەپ ئىككى قولى بىلەن يوتىسىغا ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. خەنزۇ كادىر ئېلىپ چىققان ۋاراقچە تۇرسۇن ئاخۇنغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىش توغرىلىق يۇقىرىدىن

كەلگەن تېلېگراما ئىكەن...». تۇرسۇن ئاخۇن خاتا ئېتىلىپ كەتكەندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ قىزى ئايتىللاخاننى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. ئايتىللاخان سابىق قومۇل ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدە ئىشلەپ، 1968-يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 38 يېشىدا قالغايتىدا ۋاپات بولغان.

توقسۇن ئاخۇن (كىچىك ئاخۇن) 1955-يىلى 5-ئايدا 48 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قومۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى دۆربەجىن غولئېرىق كەنتىدە ۋاپات بولغان.

تۇرسۇن ئاخۇننىڭ خاتا ئېتىلىپ كەتكەنلىكىگە «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 13-قىسىم 231-، 232-بەتلەردىكى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار مىسال بولالايدۇ:

غۇلجىدىن چىققان كادىرلار يەرلىك كادىرلار بىلەن ئورۇن كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ھارۋىغا بېسىپ ناھىيەگە يول ئالدى. بارلىق كادىرلار تەرەپ-تەرەپتىن يىغىلدى.

ناھىيەگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن زاھىر ساۋدانوف ئەپەندى كەلگەن ئىكەن. زاھىر ساۋدانوف يىغىلغان كادىرلارغا، يىغىن روھىنى يەتكۈزۈپ مۇنلارنى تەكىتلىدى: «چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەنگەن خىزمەتلەر نامۇۋاپىق بولۇۋېتىپتۇ. نۆۋەتتە، بىزدە كاپىتالىستىك ئىقتىساد، فېئوداللىق ئىقتىساد دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا كادىرلار ئىدىيەنى ئازاد قىلىشى كېرەك. بېيجىڭدىن رەئىس ماۋ زېدوڭ غەربىي-شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شى جوڭشۈن (شى فۇجۇشى) نى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ھازىر غۇلجىدا، ئۇ ئۆز سۆزىدە: «مەن بىر قولۇمدا سوغۇق سۇ، بىر قولۇمدا ئىسسىق سۇ ئېلىپ كەلدىم. بەك قىزىپ كەتكەن يەرگە سوغۇق سۇ قۇيىمەن. مۇزلاپ كەتكەن يەرگە ئىسسىق سۇ قۇيىمەن» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئېيتتى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى سولچىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىپتۇ. چارۋا رايونلىرىدا سىنىپ ئايرىتىلمايدۇ، ماللار بۆلۈنمەيدۇ..-دېدى.

زاھىر ساۋدانوف:-توققۇزتارا ناھىيەسىدە 1952-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى قولغا ئېلىنغان 28 ئادەم قويۇپ بېرىلدى-دېدى ۋە:

-بۇرۇن قولغا ئېلىنغان ئىككى كىشىنىڭ باستۇرۇلۇشقا ئېلىپ بېرىلىش بۇيرۇقى 10 مىنۇت كېچىككەن بولسا ئۇلار ئامان قالاتتى. 1952-يىلى 4-ئايدا باندىت تازىلاشتا كۆنەسكە ئېلىپ بېرىلغان ئەكبەر تاجى قاتارلىق 3 كىشى كۆنەستىن تۇتۇلغان 9 كىشى بىلەن كۆنەس چاقما سۇيى بويىدا باستۇرۇلدى. بىزنىڭ ئەمدىكى خىزمىتىمىز سىنىپىي كۆرەش ئەمەس جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېدى.

شۇنىڭ بىلەن غۇلجىدىن ئەۋەتىلگەن ئەترەت 1952-يىلى 10-ئاينىڭ 20-كۈنى قايتىپ كەتتى...

قومۇلدىن تېلېگراممىنى ئېلىپ چىققان خەنزۇ كادىر قۇرۇلۇققا 15 ~ 20 مىنۇت بۇرۇن چىققان بولسا، تۇرسۇن ئاخۇنمۇ ھايات قالغان بولار ئىدى.

## ئىزاھەتلەر:

بۇ كىشى مەشھۇر سۇنۇقچى ئابدۇگۇلى ئاخۇننىڭ بوۋىسى بولىدۇ

② ئەبەيدۇللا تارخان بەگ 1697-يىلى چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان.

③ ئابدۇگۇلى ئاخۇننىڭ جەسىدىنى تۇققىنى ئىمىن ئەلەم نومىدىن قومۇل شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلغان. 1999-يىلى 12-ئايدىكى قەبرە كۆچۈرۈشتە ئابدۇگۇلى ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ قەبرىلىرى دۆربەجىن غولئېرىق قەبرىستانلىقىغا كۆچۈرۈۋېتىلگەن.

④ ئابدۇگۇلى ئاخۇننىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، چوڭ ئوغلى باقى دېھقان، دۆربەجىن غولئېرىقتا تېرىقچىلىق قىلغان. غولئېرىق مەھەللىنى ئابدۇگۇلى ئاخۇن پەرپا قىلغان ئىدى.

⑤ ئابدۇرېشىت ئاخۇننىڭ قاسىم ئاخۇن، شېرىپ ئاخۇن، يۇنۇس ئاخۇن قاتارلىق ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، شېرىپ ئاخۇن 1880-يىللار ئەتراپىدە دۆربەجىن سايتۇر مەھەللىسىدە يۈز بەرگەن «نەۋرىشاھ ھاجى يىغىلىقى» دا چېرىكلەر تەرىپىدىن چېپىپ تاشلانغان. يۇنۇس ئاخۇن كېيىن ئاكىسى قاسىم ئاخۇننىڭ ئورنىغا ئوردىغا ئاخۇن بولغان، «نەۋرىشاھ ھاجى يىغىلىقى» دا ئۇنىڭ ئىسمى تىزىملىككە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ۋاڭ يۇنۇس ئاخۇننى«ئوردىنىڭ ئاخۇننى تۇرۇپ توپىلاڭغا قاتنىشىپتۇ» دەپ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىغان.

⑥ ھازىرقى چاھارباغ ئىسلام دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسى بىلەن، ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن يولدىكى كۆۋرۈك.

⑦ جىگدە ھازىرقى بىكتۇەن قومۇل يېزا ئىگىلىك 13-دىۋىزىيە دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 5-روتىسى.

⑧ مۇتتىي دورغا قومۇللۇق بولۇپ، ئۇ ۋاڭ ئوردىسى تەيىنلەگەن جىگدىنىڭ دورغىسى ئىدى.

⑨ تۇرسۇن ئاخۇن نىياز دېھقاننىڭ چوڭ ئايالى توختىخان مەمەتنىيازدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلى.

⑩ ئەھەتخان (1921-1984)، نىياز دېھقاننىڭ 2-ئايالى خوشنارىخان خاكىردىن تۇغۇلغان 2-ئوغلى.

⑪ بۇ راۋاب ھازىر دۆربەجىن غولئېرىق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق نىياز دېھقاننىڭ كەنجى ئوغلى سەمەتخان (1930-2002) نىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

⑫ يۇنۇس موللام 1949-يىلى 5-ئاينىڭ 11-كۈنى 59 يېشىدا تۇرپان شەھرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

⑬ مۇختەر ئاخۇنۇم قومۇل شەھرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى دۆربەجىن يۇقىرى مەھەللە كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق داڭلىق ئەلنەغمىچى، دۆلەت دەرىجىلىك «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ۋارىسى» ئەسەت مۇختەر ئاكىنىڭ دادىسى، 1963-يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنى 73 يېشىدا دۆربەجىن يۇقىرى مەھەللە كەنتىدە ۋاپات بولغان.

⑭ ⑮ نىياز ئەخمەت بىلەن ئىلياس ئەخمەت ھازىر ئۈرۈمچىدە پېنسىيىدە.

⑯ مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى (1923-1995) نىڭ «ئىز» ناملىق تارىخى رومانى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىل 1-ئاي 1-نەشرى) نىڭ 200-بېتىدە «...سايىم ئۇچېبېگى قېچىپ كېتىۋېتىپ، نىياز پالگاننى ئېتىپ قويىدى...»، 201-بەتنىڭ ئاستىدىكى ئىزاھات① دە نىياز پالگان 1931-يىلىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدا زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ خەلق ئاغزىدا داستان بولغان ۋە شۇ قېتىم قارىمۇقچى دېگەن يەردىكى جەڭدە قازا تاپقان قاسىم پالگاننىڭ ئاكىسى بولۇپ، شۇ كۈنلەردە تەخمىنەن ئوتتۇز ياشلاردا ئىدى». دەپ مەلۇمات بېرىلگەن بولسا،«ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخى رومانى (1-قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988-يىل 10-ئاي 1-نەشرى) نىڭ 428-ۋە 429-بەتلىرىدە «...ئۇلار لۈكچۈن شەھرىگە كىرىپ، ئىككىنچى كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەپ ، ھايت-ھۇيت دېگىچە لۈكچۈن شەھرى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى...دەرۋازىدىن بىرىنچى بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ چىققان مىرول مەرگەن ... قول پىلموتلىرى بىلەن مۇھاسىرىنى يېرىپ يول ئېچىپ ماڭماقتا...» دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. يۇقىرىقى ئىككى كىتاب نەشىردىن چىقىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، نىياز دېھقاننىڭ نەۋرىسى نىياز ئەخمەت (ئاپتونوم رايۇنلۇق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى مائارىپ، پەن-تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ

www.kitaphumar.com

ئىشلەپ پىنسىيەگە چىققان، نىياز دېھقاننىڭ 2-قىزى سارىخان‹ئايتۆرۈك ئايلا› نىڭ چوڭ ئوغلى) يۇقىرىقى ئىككى كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئالاھىدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ مۇنداق دېگەن:

«ئۆتكۈر ئاكا، نىياز دېھقان مېنىڭ ئانا تەرەپ بوۋام (ئانامنىڭ دادىسى) بولىدۇ، ئاتا-ئانام هايات ۋاقتىدا نىياز دېھقان بوۋامنى 1912- ۋە 1931-يىلىدىكى ئىككى قېتىملىق قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلىقى، 1933-يىلى 3-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى لۈكچۈن مۇھاسىرىسىنى نىياز دېھقان بوۋام، تۇرسۇن ئاخۇن، توقسۇن ئاخۇن (كىچىك ئاخۇن) چوڭ دادام، (ئانامنىڭ ئاكىلىرى) ۋە تاھىر ئاخۇن چوڭ دادام (دادامنىڭ ئاكىسى)...قاتارلىق كىشىلەر ئەڭ ئالدىدا سېپىلنىڭ جەنۇب دەرۋازىسىدىن مۇھاسىرىنى يېرىپ يول ئېچىپ چىققانلىقىنى، 1938-يىلى 10-ئايدا نىياز دېھقان بوۋام خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكى...قاتارلىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۆزلىرى ‹ئىز› رومانىدا ‹...سايىم ئۈچىبگى قېچىپ كېتىۋېتىپ، نىياز پالگاننى ئېتىپ قويدى...› ، ‹ئويغانغان زېمىن› (1-قىسىم) رومانىدا لۈكچۈن سېپىلىدىن ‹...دەرۋازىدىن بىرىنچى بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ چىققان مىرۇل مەرگەن ... قول پىلىموتلىرى بىلەن مۇھاسىرىنى يېرىپ يول ئېچىپ ماڭماقتا...› دەپ مەلۇمات بېرىپلا بۇ قانداق بولغىنى» دەپ سورىغاندا، ئۆتكۈر ئەپەندى نىياز ئەخمەتكە تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەرگەن:

«ئۇكام مېنىڭمۇ نىياز دېھقاننىڭ هاياتى-پائالىيىتىدىن تولۇق خەۋىرىم بار. ‹ئىز› ۋە‹ئويغانغان زېمىن› (1-قىسىم) رومانلىرىدا نىياز دېھقاننى يۇقىرىدىكىدەك يېزىشىمنىڭ سەۋەبى: مەن نىياز دېھقاننى قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىللە پىچان-تۇرپان ۋە جىمسارلارغا ئېلىپ بارسام كېيىنكى ۋاقىتتا نىياز دېھقانغا قانداق باھا بېرىشتە تەڭلىكتە قالدىم.چۈنكى نىياز دېھقان جىمسار ئۇرۇشىدىن كېيىن قومۇل-تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا بىتىم ئىمزالاشقا باشتىن-ئاخىر قارشى تۇرغان ئىكەن. بىراق ‹جىمسار بىتىمى› ئىمزالانغان. كېيىن ئۇ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن ئاغرىنىپ بىر قانچە ئادەمى بىلەن قومۇلغا قايتىپ كەتكەن ئىكەن. مەن نىياز دېھقاننىڭ قارشىنى خاتا دېسەم ئۇنىڭغا ئوۋال بولغىدەك، توغرا دېسەم...تېخى بولمىغىدەك. شۇڭا مەن نىياز دېھقاننى 1912-يىلى ئاقچۇق سېپىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان دەپ ئۆزگەرتىپ يېزىپ، پىچان لۈكچۈندىمۇ مىرۇل مەرگەنلەر ئەڭ ئالدىدا مۇھاسىرىسىنى يېرىپ يول ئېچىپ چىققان دەپ ئۆزگەرتىپ يازغان ئىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

www.kitaphumar.com

(17) ئابلىمىت مەخسۇتوف تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدىن، 1932-يىلى 10-ئايدا قوزغالغان تۇرپان دېھقانلار ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مەھمۇت مۇھىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئەدلىيەسى (بەنى) نىڭ كوماندىرى بولغان...جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن...سابىق شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 2001-يىلى 4-ئاينىڭ 11-كۈنى 85 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

(18) XX نىياز دېھقاننىڭ پەقەت دۈربەجىنگە يوشۇرۇنغانلىقىنىلا بىلگەن، بىراق قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلەلمىگەن.

(19) ھاشىم ھاجى (1895-1972)، 1935-يىلى 5-ئايدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەيگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەن قان ئىچەر ئۈچ ھاجى (ھاشىم ھاجى، قادىر ھاجى ۋە سېيىت ھاجى) نىڭ بىرى.

(20) نىياز دېھقاننىڭ دۈربەجىن غولئېرىقتىكى ئۆيلىرىدە 1947-يىلىغىچە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئورۇنلاشتۇرغان خەنزۇلار ئولتۇرۇپ كەلگەن. 1947-يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ تەلىپىگە بىنائەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «خائىنلار مۈلكى» دەپ مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈك ۋە قورو-جايلارنى ئىگىلىرىگە قايتۇرغاندا نىياز دېھقاننىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇۋاتقان خەنزۇلارنى كۆچۈرۈۋېتىپ، ئۆيلەرنى پەرزەنتلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەن.

(21) سېيىت قۇربان(سېيىت باتۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 1985-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى 79 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن قومۇل شەھىرىنىڭ تەگرىتاغ يېزىسى نەنناسى كەنتىدە ۋاپات بولغان.

(22) ئونابىياي بەيجىيەن (ئونابىياي باتۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 1990-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 71 يېشىدا قومۇل شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

(23) توقسۇن ئاخۇننىڭ ئايالى سوپۇرىخان (1915-1954) سېيىت قۇرباننىڭ ئايالى رازىخان (1920-1959) نىڭ ئاچىسى ئىدى.

(24) «قومۇل نەھىيەسى تەزكىرىسى» نىڭ 83-بېتىدە خاتىرىلىنىشىچە غەربىي تاغ رايونى (يېزىسى) 1952-يىلى تەگرى تاغ رايونىدىن بۆلۈنۈپ ئايرىم رايون (يېزا) بولۇپ قۇرۇلغان ئىكەن.

(25) 1949-يىللىرى ۋەزىيەت جىددى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغدا قوراللىق باندىتلار بار بولغاچقا يېزا باشلىقلىرى بىرەر يەرگە بارماقچى بولسا قوراللىق خادىملارنى بىرگە ئېلىپ ماڭاتتى.

(26) جىنيەنتاڭ (纪念堂-خاتىرە ساراي)، بۇ جايدا 1950-يىلى 1-ئايدىن 1952-يىلى 1-ئايغىچە 5-كورپۇس (مىللىي ئارمىيە) 14-دىۋىزىيە 40-پولكىنىڭ 3-باتالىئونى تۇرغان.

(27) ئابدۇرېهىم ئاخۇن (1914ـ1950)، نىياز دېهقاننىڭ چوڭ ئاكىسى ئابدۇرېشىت ئاخۇننىڭ كەنجى ئوغلى.
(28) ياقۇپ ئاخۇن (1915ـ1950)، نىياز دېهقاننىڭ 2ـئاكىسى تاھىر ھاجىنىڭ 4ـئوغلى.
(29) ئابدۇللاتالىپ (1921ـ1950، نىياز دېهقاننىڭ 2ـئۇكىسى ئابدۇللا ئاخۇن (1889ـ1965) نىڭ 3ـئوغلى.
(30) قاسىم ئابدۇۋەلى (1941ـيىلى تۇغۇلغان)، تۆرىخان سۇنۇقچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مەشھۇر سۇنۇقچى ئابدۇگۈلى ئاخۇننىڭ كەنجى ئوغلى، ھازىر قومۇل شەھرىدە.
(31) سۈڭگۈشتامنى يەرلىك خەلق «سومۇستان» دەپ ئاتايدۇ، ھازىرقى ئارتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ 1ـروتىسى تۇرۇشلۇق جاي.
(32) قومۇل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ ئورنى ھازىرقى يۇقىرى ئاقيەردىكى ساقچىلار ئولتۇراق رايونىنىڭ ئورنىدا ئىدى.
(33) ھازىرقى قومۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى.
(34) تاھىر توقسۇن 2012ـيىلى 7ـئاينىڭ 11ـكۈنى كەسەل سەۋەبى بىلەن 80 يېشىدا قومۇل شەھرى تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ سايباغ ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىدا ۋاپات بولغان.
(35) ھازىرقى قومۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى.
(36) «قومۇل سوت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشچە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللار (1951ـۋە 1952ـيىللار) دا ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقۇقى بېرىلگەن ئىكەن.
(37) ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى.
(38) شى جوڭشۈن ھازىرقى دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شى جىنپىڭ (习近平، 1953ـيىلى 6ـئايدا تۇغۇلغان) نىڭ دادىسى.
(39) ياقۇپ نىياز 1978ـيىلى 7ـئاينىڭ 19ـكۈنى 54 يېشىدا قۇرۇلۇق كەنتىدە ۋاپات بولغان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1.قومۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قومۇل سوت تەزكىرىسى».

2.ئىسمائىل خۇدابەردى، ئەيسا زاكىر، ھاجى ياقۇپ ئىسمائىل، نىياز ئەخمەت، ئىلياس ئەخمەت، ئوسمان ئۆمەر، ھاجى بۇسارەم ئاخموللا قاتارلىق كىشلەرنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى.

(ئاپتور:ئابلىمىت ئابدۇللا قومۇل تۆمۈريول ج خ باشقارمىسىدا)

www.kitaphumar.com

# ئاقسۇ ئايكۆلدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى

يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى

ئاقسۇ ـــ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بىر قەدىمىي جاي. ئالاھازەل قىياس بۇنىڭدىن7000ـ 6000 يىللار ئىلگىرى ئۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كىرگەن. بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى ئاقسۇ بوستانلىقىدا ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە شەھەر ـ قەسەبىلەرنى بەرپا قىلىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. تارىخىي قەيتلەر ۋە ئارخېلوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ھازىر بۇنى داۋاملىق ئىسپاتلىماقتا. ئايكۆل قەدىمكى مەدەنىيەت رايونى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەپسۇس، ئۇ تېخى ئاۋۋالقى ھالىتى بويىچە بىتەتقىق تۇرماقتا. بۇ ماقالە ئەنە شۇ سەۋەب تۈپەيلى يېزىلدى.

## ئايكۆل ۋە «ئايكۆل» كەلىمىسىنىڭ تەگ تەۋەلىكى

بۈگۈنكى ئاقسۇ شەھىرىدىن ئاقسۇ ـ قەشقەر تاشيولى (تۆمۈريولى)نى بويلاپ كۈن ئولتۇرۇش تەرەپكە قاراپ تەخمىنەن 60 چاقىرىم يول يۈرسەك ئايكۆل دېگەن يەرگە كېلىمىز. ئايكۆل ـــ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 97°93′ـ08°01′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 04°22′ـ14°11′ ئارىلىقىدا. ئايكۆل بازىرى شەرقتە ئاقسۇ كونا دەرياسى، غەربتە كەلپىن ناھىيىسى، جەنۇبتا ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسى، شىمالدا ھىنگان تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 94 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئەڭ كەڭ يېرى 32 كىلومېتىر كېلىدۇ.ئايكۆل ـــ مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەن كىتابىدا:«<ئۇچ>قا يېقىن بىر يەرنىڭ ئېتى» ① م.قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى 3 ـ توم، 186 ـ بەت. دەپ قەيت قىلىنغان تارىخى ئۇزۇن بىرقەدىمىي يۇرت. مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان «ئۇچ» بۈگۈنكى ئۇچتۇرپان، «ئايكۆل» بولسا بۈگۈنكى ئايكۆلدۇر. بۇ يەرنىڭ مۇشۇنداق دەپ ئاتىلىپ قېلىشىغا نېمىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى

ئىنقلاپ چىقىش تېخى ھازىرغا قەدەر ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان ۋە تېخىچە ئاق تۇرىۋاتقان بىر تەتقىقات تېمىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ «ئاي» ۋە «كۆل» دېگەن ئىككى ئۇيغۇرچە ئىسمىنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان خاس بىر ئىسىم ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. ئايكۆل — ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق مەشھۇر بىر قەدىمىي بازار، ئۇ يەردە ئاتاغلىق ئايكۆل مەۋلانەم مازىرى بار. بۇ مازار — ئايكۆل بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقى تەرىپىگە بىر كىلومېتىر يەردە بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 08°80′10″، شىمالىي كەڭلىك 04°45′5″ قا جايلاشقان. ئۇ مىلادىيە 14 - ئەسىردىكى مەشھۇر ئىسلام ئالىمى خاجە ئەبۇھەفز كەبىرنىڭ ئوغلى، كۇچادىكى مەۋلانا ئەرشىددىن خوجىنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى مەۋلانا جالالىددىن كىتىكىنىڭ قەبرىگاھىدۇر. «تارىخى رەشىدىي»، «چىڭگىزنامە» ۋە «ئايكۆل مەۋلانا تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخىي ۋەسىقىلەردە موڭغۇل نەسلىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئايكۆلدە جالالىددىن ھەزرەتكە مۇلاقات بولۇپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىغا دائىر ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئايكۆلدە مۇسۇلمان بولۇشى پۈتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولۇپ، ئۇ يۇقىرىقى كىتابلاردىن ئېلىنىپ تا ھازىرغىچە يېزىلغان شىنجاڭ تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، ئىسلام تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.«ئايكۆل» نامىنىڭ تەگ تەۋەلىكى ھەققىدە كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، بىر زامانلاردا مۇسۇلمانلار روزا تۇتۇپ، رامىزان ئاخىرلاشقاندا، ئاسماندا ئاي كۆرۈنمەپتۇ. قائىدە بويىچە، ئاسماندا كۆرۈنگەن ئايغا قاراپ، ھېيت نامىزى ئۆتەيدىغان ۋاقىتقا ھۆكۈم قىلىدىكەن. بىر ھۆكۈما ئاي كۆرۈنمىدى، قانداق قىلىمىز؟ دەپ ئۆزىدىن سورالغان بىر سوئالغا: كۆلگە بېقىڭلار، كۆلدە كۆرۈنگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ جاۋاب بەرگەن. دېگەندەك قارىسا ئاي كۆلدە كۆرۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن ھېيت نامىزى ئۆتەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يەرنىڭ ئېتى «ئايكۆر» دېيىلىدىغان بولغان. كېيىنچە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئايكۆر» سۆزى «ئايكۆل»گە ئۆزگەرگەن. بۇ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى بار: ئۇنىڭدا قەيت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زامانلارنىڭ بىرىدە شۇ يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان روزى ھېيتى بولىدىغان كۈندە يېڭى ئاينىڭ كۆرۈنۈشىنى كۈتۈپ قاپتۇ. كىشىلەر رامىزاننىڭ 36 - كېچىسىدە ئاندىن كونا بازار مەۋلانەم مەسچىتى يېنىدىكى كۆلدىن يېڭى چىققان ئاينىڭ شولىسىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قان قىلىپ كېچىكىپ كۆرۈنگەن ئاينىڭ خاسىيتى بىلەن روزا ھېيت نامىزىنى ئۆتەپتۇ. كېيىن كىشىلەر بۇ غەلىتە ھادىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ يەرنى «ئايكۆل» دەپ ئاتاپتۇ ① «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 26 - بەت، خەنزۇچە. «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 166 - بەت، خەنزۇچە. بۇ رىۋايەت قانچىلىك چىنلىققا ئىگە بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، بىز گېپىنى قىلىۋاتقان بۇ يەرگە «ئايكۆل»نىڭ قانداق قىلىپ نام

www.kitaphumar.com

بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە بىزنى مەلۇم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېمىسىمۇ، «ئايكۆل» ئۆز ئىسمىدىن مەلۇم بولغانىدەك مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەلىمىگە ئېلىنىشتىن بۇرۇنلا تۈرك يۇرتىدىكى مەشھۇر كۆللەرنىڭ بىرى ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ كول (KθL) بۆلۈكىدە ئايكۆلنى «اى كول» شەكلىدە يازىدۇ ۋە بارىسغاندىكى ئىسسىق كۆل، قەشقەر تاغلىرىدىكى كورۇڭ كۆل، قوچقار باشى يېنىدىكى سىزىك كۆل، كۈچا بىلەن كۆڭۈت ۋە ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى يۈلتۇز كۆل، ئىككى ئوگۈز چېگرىسىدىكى تەرىك كۆل قاتارلىق تۈرك شەھەرلىرىدىكى كۆللەر قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ ھەم «بۇ كۆللەردىن ھەربىرىنىڭ ئەتراپى قىرىق ياكى ئوتتۇز پەرسەخ كېلىدۇ. تۈرك شەھەرلىرىدە بۇنداق كۆللەر كۆپ. مەن پەقەت ئىسلام شەھەرلىرىدىكى كۆللەرنىڭ چوڭلىرىنىلا كۆرسەتتىم» دەيدۇ ② مەھمۇد قەشقەرى:«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 3 - توم، 186 - بەت. ئايكۆلنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، ھىجرىيە 747 (مىلادىيە 1347) - يىلى شەرقىي چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ھەزرەتى مەۋلانا جالالىددىن كىتىكىنىڭ دالالىتىدە ئايكۆلدە ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان. «ئاقسۇ شەھرى تەزكىرىسى» قاتارلىق يېقىندىن بېرى يېزىلغان بەزى كىتابلاردا ئاقسۇلۇقلارنىڭ مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىنى ئەنە شۇ چاغدىن باشلايدۇ. بۇ بىر چوڭ خاتالىق. ئەمەلىيەتتە ئايكۆل (ئاقسۇ) خەلقى قاراخانىيلار دۆلىتى ۋاقتىدىلا ئىسلامىيەتكە مۇشەررەپ بولغانىدى. موغۇل ئىستىلاسى مەزگىلىدە ۋە سەئىدىيە خانىدانلىقى زامانلىرىدا ئايكۆل ناھايىتى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بوپقالدى ۋە نۇرغۇنلىغان ھەربىي، سىياسىي، دىنىي ۋەقەلەرنىڭ سەھنىسىگە ئايلاندى. مىلادىيە 17 - ئەسىردە ھىندىستاندىكى سوپىزم ئىلاھىيەتشۇناسى ۋە دىنىي داھىي ھەزرىتى مۇجەددىد ئالىق سانى ئىمام رەببانى شەيخ ئەخمەد فەرۇخى سىرھىندى (مىلادىيە 4261ـ4651)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تەسەۋۋۇپچىلىق مەزھىپى 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئايكۆلگە تارقىلىپ ئايرىم بىر سىستېمىنى شەكىللەندۈردى. شىنجاڭدىكى تۈڭگانلارنىڭ خۇپىيە سۇلۇكى رىۋايەتلىرىدە «ئايكۆل سىستېمىسى» ئەلى ئاخۇن (تولۇق ئىسمى ھەزرىتى قۇتۇب ئەلفىل ئوسۇرى ۋەلىيۇل ئىشان مۇھەممەد ئەلى ئاخۇن شەيخ رەخمىتۇللا ئەلەيھى) ئىسىملىك دىن تارقاتقۇچىنىڭ ھىندىستاندىن ئايكۆلگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، مەدرىسە سالدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە دىن تارقىتىشى بىلەن شەكىللەنگەن دېيىلىدۇ ① ھاجى نۇرھاجى:«شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى، 472 بەت، ئۇيغۇرچە. . 19 - ئەسىردە، يەنى ھىجرىيە 1222 (مىلادىيە 1807) - يىلى شۇ دەۋردىكى رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ داڭلىق ۋەكىلى، ئاتاغلىق شائىر، تارىخچى، تىلشۇناس موللا شاكىر (ۋاپاتى مىلادىيە 1868 - يىلى) ئايكۆلدە موللا تاھىر كارۇك لەقەملىك ئوقۇمۇشلۇق بىر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا

كەلدى. قەيتلەرگە كۆرە، ئۇنىڭ دادىسى موللا تاھىر كارۇك، بوۋىسى شاربان مۇنشى (كاتىپ)، چوڭ بوۋىسى مىرزا مۇزەففەرلەر ھالىلىق، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئىدى. موللا شاكىر ھىجرىيە 1283 (مىلادىيە 1866) ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ۋە مانجۇ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىققان ھىجرىيە 1281 (مىلادىيە 1864) ـ يىلىدىكى راشىددىن خوجا باشچىلىق قىلغان كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاتىغان مەشھۇر ئېپىك داستان «زەفەرنامە»نى 61 يېشىدا يېزىپ چىقتى. شائىر ۋە شائىرنىڭ بۇ ئۆلمەس ئەسىرى 19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك ناماياندىسى سۈپىتىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن ئۇنىڭ يۇرتى بولغان ئايكۆل خەلقى ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىپ كەلمەكتە.ئايكۆل چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئونسۇغا تەۋە ئىدى. 1902 ـ يىلى بۇ يەردە ئونسۇغا قاراشلىق 19 كەنت تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 2 (1913) ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىگە قارام بولۇپ، بۇ يەردە ئايكۆل، ياڭئېرىق (بۈگۈنكى ئاۋات ناھىيىسىدە)، قوش قۇدۇق قاتارلىق بەش يېزا قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 33 (1944) ـ يىلى بىر بازار، ئۈچ يېزا، 13 باغ، 120 جيا قۇرۇلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن باۋجيا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا بەش يېزا 20 مەمۇرىي كەنت قارام بولغان. 1953 ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي رايونلارنى تەڭشىگەندە ئۇنى ناھىيىگە قاراشلىق 7 ـ رايون قىلىپ ئۆزگەرتكەن ھەم غالىبىيەت، پايناپ، سايئېرىق، خاڭگۇك ۋە ساجىڭزا قاتارلىق 5 يېزا ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ، ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەردە ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇلغان. 1958 ـ يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇش يولغا قويۇلغاندا ئاۋۋالقى بۇ 7 ـ رايون 6 ـ رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ۋە ھۆكۈمەت ـ كوپىراتىپ بىرلەشكەن ئايكۆل غالىبىيەت خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا 5 باشقۇرۇش رايونى، 20 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى قارام بولغان. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئايكۆل خەلق كوممىسىنىڭ چاچى دادۈيى ئايكۆلدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئاقسۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق «شەرق قىزاردى» ناملىق چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن ياشلار مەيدانى بولۇپ قۇرۇلغان. 1969 ـ يىلى كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى «ئىنقىلابى كومىتېت»قا ئۆزگەرتىلگەن. 1971 ـ يىلى ئۇنىڭ «كوممۇنا» دېگەن نامى «جىنچاۋ خەلق كوممۇنىسى» (ئالتۇن كۆۋرۈك دېگەن مەنىدە)غا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئايكۆل يېزىسى ئايكۆل يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بولۇپ قۇرۇلغان. «تارىخى رەشىدىي»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار ئۇنىڭدا ئۇچرايدىغان «ئايكۆل»نى 拜古尔 شەكلىدە مۇقىملاشتۇرغان ھەم ئۇنىڭغا «ئۇ جاينىڭ ھازىرقى خەرىتىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا ئېھتىمال ئاقسۇنىڭ يېنىدىكى ئويكول (Oikul) بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئىزاھات بەرگەن ھەمدە ئۇنى 愕依库尔 دېگەن خەت شەكلى بىلەن تۇراقلاشتۇرغان. ئارخلوگ خۇاڭ ۋىنبى «تارىم ۋادىسىدا ئارخلوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا «ئايكۆل»نى 阿音柯尔 شەكلىدە يازىدۇ. بۇ ئالدىنقى تەرجىمىسىگە قارىغاندا كۆپ توغرا بولۇپ، «ئايكۆل» تەلەپپۇزىنى خەنزۇچىدا توغرا ئىپادىلەشكە

www.kitaphumar.com

ئۇرۇنغان تىرىشچانلىق بولسىمۇ، 1989 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن خەنزۇچە يېزىلىدىغان 阿音柯 دېگەن بۇ ئىسىم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى ساقلىغان ھالدا 阿依库勒گە ئۆزگەرتىلدى ۋە مەنىسى خەنزۇچە «月亮湖» دەپ بېكىتىلدى. بۇ يېزا 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بازار قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ھازىر ئايكۆل بازىرى دەپ ئاتالماقتا.

## «ئون بەش ئوتاق»قا «خاڭگۇك»نىڭ نام بولۇپ قېلىشى

ئايكۆل بازىرىنىڭ تەخمىنەن غەربىي تەرىپىدىن 35 چاقىرىم يىراقلىقتا بوگۇنكى كوندە «خاڭگۇك» دېيىلىدىغان بىر قەدىمىي يۇرت بار. بۇ يۇرتقا «خاڭگۇك» دېگەن ئىسىم قويۇلۇشىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئەلمىساقتىن بېرى قوللىنىپ كېلىنگەن نامى ئون بەش ئوتاق ئىدى. بەزى يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، «خاڭگۇك» دېگەن بۇ نام ئون بەش ئوتاققا 1933 ـ يىلى (مىنگونىڭ 22 ـ يىلى)دىن باشلاپ قويۇلۇشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا «خاڭگۇك» دېگەن بۇ ئىسىمنى تونۇتۇشقا 80 ياشقا كىردى دېيىشكە بولىدۇ.خاڭگۇك ــ كونا خاڭگۇك ۋە يېڭى خاڭگۇك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كونا خاڭگۇك (جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي مېردىئان 80°08′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 94°04′نىڭ ئارىلىقىدا) بوگۇنكى كوندە ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق ئايكۆل بازىرىنىڭ بىر تەبىئىي كەنتى، يېڭى خاڭگۇك (جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقى مېردىئان 15°97′، شىمالىي پاراللېل 44°04′) بولسا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق ساجىڭزا مىللىي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى نامى. ئەسلىدە بۇ يەردە كونا، يېڭى خاڭگۇك دەپ ئايرىلماي، بىردەل «خاڭگۇك» دەپلا ئاتىلاتتى. كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن.يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ھازىر كونا خاڭگۇك دېيىلىدىغان يەردە خاڭگۇك يېزىسى خاڭگۇك كەنتى تەسىس قىلىنغان. 1956 ـ يىلى يېزىلىق 1 ـ ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلغان. 1958 ـ يىلى خەلق كوممۇنىسى مەزگىلىدە خاڭگۇك 1 ـ دادۈي دەپ ئاتالغان. 1970 ـ يىلى ئايكۆل يېزىسىنىڭ 20 ـ دادۈي قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978 ـ يىلى خاڭگۇك 1 ـ دادۈي دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984 ـ يىلى قايتىدىن خاڭگۇك كەنتى بولۇپ قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە «خاڭگۇك» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.ھازىر يېڭى خاڭگۇك دېيىلىدىغان ساجىڭزا مىللىي دېھقانچىلىق مەيدان 1958 ـ يىلدىن بۇرۇن ئاقسۇ ناھىيىسى ئايكۆل يېزىسىنىڭ 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش دادۈيى ئىدى. 1958 ـ يىلى قىشتا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم «ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ پىلانى ئىچىگە كىرىپ قالغان جايلارنى ھەربىي بوز

www.kitaphumar.com

يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قوشۇۋېتىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن 1959 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئايكۆل يېزىسىغا قاراشلىق بۇ جاي يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىگە قوشۇۋېتىلىپ غالىبىيەت 1 ـ باش مەيدان شۆبە مەيدان دەپ ئاتالدى. 1975 يىلى بىڭتۇەن ئەمەلدىن قالغاندا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللىي دېھقانچىلىق مەيدان دەپ ئۆزگەرتىلىپ بەزىدە يېڭى خاڭگۇك شۆبە مەيدان دەپمۇ ئاتالدى. 1982 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە مىللىي دېھقانچىلىق مەيدان دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1997 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 1 تۇەن (مەيدان)گە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ 1 ـ تۇەن ساجىڭزا مىللىي دېھقانچىلىق مەيدان دەپ ئاتالدى، ھازىرمۇ شۇنداق دەپ ئاتالماقتا. بۇ يەردە يېڭى خاڭگۇك (97°75′, 44°44′)، بەشئېرىق (97°95′, 04°64′)، سايئېرىق (97°95′, 04°64′)، سامساق (97°85′, 04°54′)، يېڭىئېرىق (97°75′, 04°44′) دېگەن تەبىئىي كەنتلەر بار. مەن كەمىنە قەلەم ئىگىسى مۇشۇ يۇرتنىڭ سامساق دېگەن كەنتىدە چوڭ بولغانمەن.«خاڭگۇك» دېگەن نام 1966 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ش ئۇ ئا ر خەرىتىلىرى توپلىمى» (يېڭى يېزىقچە)دا، «»Huang hong، 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ش ئۇ ئا ر يەر ناملىرى توپلىمى»دا «Huang hong) «黄宫) شەكلىدە قەيت قىلىنىدۇ. «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلار تەزكىرىسى» (1988 ـ يىلى)، «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى» (1991 ـ يىلى)، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى «يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە تەزكىرىسى» (1994 ـ يىلى)، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە «1 ـ تۇەن تەزكىرىسى» (2001 ـ يىلى) قاتارلىق خەنزۇچە مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك «黄宫» دەپ قوبۇل قىلىنغان.«خاڭگۇك» نامىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى خۇددى مەن كەمىنە قەلەم ئىگىسى كىچىك يۈسۈپ 30 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يۇرت ئاقساقاللىرىغا سوئال قويۇپ ئۇنىڭ مەنىسىنى سورىغاندەك سورىشىدۇ. بەزىلەر خاڭگۇكدا مەتقۇربان، مەتتوختى، مەتسىدىق دەپ ئىسىم قويىدىغان كىشىلەر جىق. خوتەندە «ھاڭگۇي» دەيدىغان بىر جاي بار. ئېھتىمال خاڭگۇكلۇقلار خوتەننىڭ ئەنە شۇ ھاڭگۇي دېگەن يېرىدىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ خوتەندىكى يۇرتىغا ئوخشىتىپ «ھاڭگۇي» دەپ ئاتىغان بولسا، كېيىنچە تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىش بولۇپ «ھاڭگۇي» سۆزى «خاڭگۇك»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دىسە، يەنە بەزىلەر «خاڭگۇك» دېگەن بۇ نام مانجۇلار زامانىسىدا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ كۆپىنچە يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېچىلغان بوز يەرلەرگە نام بولۇپ كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان «ئەرگۇك»، «سەنگۇك»، «تۇگۇك» دېگەندەك يەرلەر بار. شىبىك سىسەي دەۋرىدە بۇ يەر نامىلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى «宫» خېتى «工»غا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، دەيدۇ.«خاڭگۇك» نامىنىڭ تەگ تەۋەلىكى ھەققىدە يېقىنقى مەزگىللەردە يېزىلغان بەزى كىتابلاردا مۇنداق بايانلار بار:«رىۋايەت

www.kitaphumar.com

قىلىنىشىچە، ئامبال خۇاڭ دارىن خەلق ئىشچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ بوز يەر ئېچىپ، ئۆستەڭ چاپقۇزغان، ئۆستەڭ (خۇاڭگۇڭ ئۆستىڭى) (黄工梁) دەپ ئاتالغان، كېيىنچە ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ يەرنى خۇاڭگۇڭ كەنتى (黄工村) دەپ ئاتىغان. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە بۇ يەر ‹黄宫› دەپ يېزىلىدىغان بولغان» ① «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 29 ـ 30 ـ بەتلەر، خەنزۇچە. يەنە رىۋايەت قىلىنىشىچە، 1933 ـ يىلى (مىنگونىڭ 22 ـ يىلى) ئاقسۇنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى خۇاڭ مىنفۇ بۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆستەڭ چاپقۇزۇپ، سۇ باشلاپ بوز يەر ئاچقان. كېيىنكىلەر خۇاڭ ئەمەلدارنىڭ بۇ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەپ بۇ يەرنى «خۇاڭگۇڭ» (黄工) دەپ ئاتىغان، كېيىنچە 黄宫 بولۇپ قالغان ② «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى» 303 ـ بەت، خەنزۇچە. . تارىخىي قەيتلەرگە قارىغاندا، بۇ يەردە گېپى بولۇۋاتقان خۇاڭ مىنفۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى خۇاڭ خۇچىڭ (1999ـ 1901) بولۇپ، ئۇ 1939 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن، كېيىن شېڭ سىسەي تەرىپىدىن ئاقسۇ مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقى بولغان ① يۇقىرىقى كىتاب 434 ـ بەت. . بەزىلەر بۇ يەرنىڭ «خاڭگۇڭ» دېگەن ئېتى ئىلگىرى 荒工 دەپ يېزىلاتتى، بۇ چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايدۇ ② «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 189 ـ بەت، خەنزۇچە. . شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە «1 ـ تۇەن تەزكىرىسى»دىكى قەيتلەرگە قارىغاندا، رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنى مىلادىيە 1883 ـ يىلى خۇاڭ (黄) فامىلىلىك بىر ئامبال بىز گېپىنى قىلىۋاتقان بۇ يەرگە ئادەم باشلاپ كېلىپ، ئېرىق چېپىپ، سۇ باشلىغانىكەن. بۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۇنى «黄公» (خۇاڭ ھەزرەت) دەپ ئاتاشقانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ نام بۇ جايغا نام بولۇپ قالغانىكەن. كېيىنچە بارا ـ بارا ئۇنىڭدىكى «公» خېتى «宫»غا ئۆزگىرىپ ھازىرقى 黄宫 بولۇپ تۇراقلاشقانىكەن ③ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە «1 ـ تۇەن تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 29 ـ بەت، خەنزۇچە. .«ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى» بىلەن «1 ـ تۇەن تەزكىرىسى»دە قەيت قىلىنغان «خۇاڭ دارىن» بىلەن «خۇاڭ ھەزرەت»نىڭ بۇ جايغا سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئوتتۇرىسىدا گەرچە 57 يىل (يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق) ۋاقىت پەرقى بولسىمۇ، ئېرىق چېپىپ چۆلگە سۇ باشلىغانلىقى بىر پاكىت سۈپىتىدە ئويلىنىشىمىز ئۈچۈن ئالدىمىزغا قويۇلماقتا. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەيلى نېمە دېيىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز گېپىنى قىلىۋاتقان «خاڭگۇڭ»غا ئىتنىڭ نام بولۇپ سىڭىپ كىرگەن. «خۇاڭ»

www.kitaphumar.com

(黄) توغرىسىدا ئوبدانراق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىسا، بۇ جاينىڭ ھەقىقىي نامى تارىخ ئالدىدا توغرا نامايان بولمايدۇ.

## تارىختىكى «ئوتاق» ھادىسىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

ئالدىنقى ماۋزۇدا بۈگۈنكى كۈندە «خاڭگۇڭ» دەپ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان يۇرتنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تاكى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە «ئونبەش ئوتاق» دېيىلىدىغانلىقىنى، كېيىن ئۇنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «خاڭگۇڭ»غا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆردۇق. ھازىر ئۇ يۇرتقا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە «توققۇز ئوتاق» دېگەن بىر مەھەللە بار. ئۇ سايئېرىق بىلەن ئونبەش ئوتاقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېقىن (جىلغا)نىڭ غەربى، «تاشتا»نىڭ شەرقى، ئاق تىكەننىڭ جەنۇبى، «ھاسا»نىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقىي چېگرىسى «ئەشمە»دۇر. «توققۇز ئوتاق» ــ بىر تەبىئىي كەنت، ئۇنىڭ ئايكۆل بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر، ئاھالىسى «ھاسا» كەنتىنىڭ 5 ـ ئەترىتىگە تەۋە بولۇپ، 1998 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، نوپۇسى 494. «ئەشمە»نىڭ جەنۇبىدا «بەش ئوتاق»، «تۆۋەنكى سەككىز ئوتاق»، «يۇقىرىقى سەككىز ئوتاق» دېگەن يەرلەر بار. بەش ئوتاق ــ ئىلگىرى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ياڭئېرىق يېزىسىغا تەۋە 9 ـ كەنت بولۇپ، ھازىر ئاۋات ئايۋاغ يېزىسى (بۇرۇنقى ئايكۆل يېزىسى)نىڭ 14 ـ كەنت 1 ـ ئەترىتى يەنى تۆۋەنكى ئىلەك دۆڭ ئېرىقىنىڭ بويىدا. سەككىز ئوتاق ــ ئىلگىرى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تام توغراق يېزىسىدا بولۇپ، 1 ـ دادۆي تۆۋەنكى «سەككىز ئوتاق»، 7 ـ دادۆي يۇقىرىقى «سەككىز ئوتاق» دېيىلەتتى. ھازىر بۇ جاي ئاۋات ناھىيىسىنىڭ دولان يېزىسىغا قارايدۇ. ئىلگىرى يۇقىرىقى ـ تۆۋەنكى دەپ ئايرىلمايتتى. «دادۆي» دېگەن گەپ پەيدا بولغاندىن كېيىن ئاشۇنداق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇرۇنقى «دادۆي» ھازىر كەنت، بۇرۇنقى «شودۆي» ھازىر ئەترەت، دېيىلىدۇ. •

يۇرتىمىزدىكى «ئوتاق» نامى بىلەن ئاتالغان جايلار يالغۇز ئايكۆلدىكى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، مەكىت ناھىيىسىنىڭ تۇمەنتال يېزىسىدا «ئون ئوتاق»، مارالبېشى ناھىيىسىدە «قالماق ئوتاق» دېگەن يۇرتلا بار. بۇ ناملارنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇشى بىزگە ئۇزاق تارىخىي ھادىسىلەرنى ئەسلىتىدۇ.«ئوتاق»نىڭ ئەسلىي تاۋۇشى «ئوتاغ» بولۇپ، ھونچىدە «ئوتوۋۇ» (otow)، تۈركىيچىدە «ئوتاغ» (otag) دېيىلەتتى، ئۇنىڭ مەنىسى «قونالغۇ» دېگەنلىك ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئوخشاشلىق تۈپەيلىدىن «ھۇن تىلى»نى بەزى ئالىملار «موڭغۇل تىلى» دېسە، كۆپچىلىك ئالىملار «تۈركىي تىلى» دېيىشىدۇ ① ئىمىن تۇرسۇن:«تارىمدىن تامچە» 148 ـ، 149 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى. .تارىخ قەيتلەرگە كۆرە، «ئوتاق» (ئوتاغ)

سۆزى هۇنلاردا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بىر «ئوتاغ» (ئوتاۋ) ئون ئۆيلۈكنى كۆرسىتەتتى. هۇن تارىخىغا ئائىت كىتابلاردا يېزىلىشىچە، مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن 4 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە بولغان زامانلاردا هۇنلار هۆكۈمرانلىقىدىكى كەڭ يايلاقتا يىراقتىن قارىغاندا، ياپپېشىل ئوتلاقلار ئىچىدە گويا غازنىڭ ئاپئاق تۇخۇمىدەك كۆرۈنىدىغان مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئوتاغ (ئوتاۋ)لار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. كۆك تۈركلەر دەۋرىدىمۇ ئەھۋال هۇنلار دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا داۋاملاشتى. مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىدە «ئوتاغ» بىر چېدىرنى كۆرسىتەتتى. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» كىتابىدا:«ئوتاغقا ئۆپكەلەپ سۆگە سۆزلەمەدۈك» (ھەمراھلىرىغا ئاچچىقلاپ، قوشۇنغا گەپ قىلمىدى)، يەنى ھەمراھلىرىغا ئاچچىقلاپ ئەسكەرلەرگە گەپ قىلمىدى، دېگەن ماقالنى تىلغا ئالىدۇ ② م.قەشقەرى:«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 ـ توم، 288 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى. مەھمۇد قەشقەرى بۇ يەردە «ئوتاغ»نى «چېدىر» دېگەن مەنىدە قوللىنىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا «ئوتاغ» بار يەردە ئەسكەر بار. يەنى «ئوتاغ» ــ ئەسكەر تۇرىدىغان جاي. تەتقىقاتچىلار قاراخانىيلار تارىخىنىڭ ئانا مەنبەسى بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دىكى يۇقىرىقى قەيتلەر، شۇنداقلا «قۇتادغۇبىلىك»دىكى «ئەگەر ساڭا هايل ياكى ئون ئوتاغ باشلىقلىقى تېگىپ قاسا، مال دۇنيا تارقىتىپ، قىلىچ، ئوقيانى قولۇڭغا ئال» ③ يۈسۈپ خاس هاجىپ:«قۇتادغۇبىلىك» 4139 ـ بېيىت، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى. دېگەن قەيتلەرگە ئاساسەن، قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئەڭ كىچىك ئەسكىري قىسىم «ئوتاغ»، ئۇنىڭ باشلىقى «ئوتاغ باشى» دەپ ئاتىلاتتى. «ئوتاغ»دىن كېيىن «هايل» دېگەن بىر ئەسكىري بىرلىك بولۇپ، كوماندىرى «هايل باشى» دېيىلەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا «ئون ئوتاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىسىم كېلەتتى. بىر «ئوتاغ»دا سەككىزدىن ئونغىچە ئەسكەر بولاتتى. ئوتاغلار توپلىنىپ، هايل ۋە ئون ئوتاغلارنى، هايل ۋە ئون ئوتاغلار بىرلىشىپ ئارمىيىنى تەشكىل قىلاتتى، دەپ هۆكۈم چىقىرىشىدۇ ④ رىشات گەنج:«قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلات»، 1990 ـ يىلى ئۈرۈمچى نەشرى. 414 ـ، 421 ـ بەتلەر، ئۇيغۇرچە، ئەزىزوۋ قاسىم: «ئۇرۇش ۋە قوماندان»، 1993 ـ يىلى ئۈرۈمچى نەشرى، 96 ـ 99 ـ بەتلەر، ئۇيغۇرچە. . ئەمما بىز بۈگۈنكى كۈندە «ئون ئوتاغ»دىن باشقا يەنە «بەش ئوتاغ»، «سەككىز ئوتاغ»، «توققۇز ئوتاغ» ۋە «ئونبەش ئوتاغ»لار ھەققىدە مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇۋاتىمىز. قاراخانىيلارنىڭ ئەسكىري بىرلىك تۈزۈمى بويىچە بىر «ئوتاغ»دا سەككىزدىن ئونغىچە ئەسكەر بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇنداقتا بىز هازىر بايقاۋاتقان بەش، سەككىز، توققۇز ۋە ئونبەش ئوتاقلاردا 50، 80، 90، 100 ۋە 150دىن ئەسكەر تۇرغان بولىدۇ.تارىخىي قەيتلەرگە كۆرە، «ئوتاق» ئاتالغۇسى موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدە «غ» تاۋۇشىنىڭ «ق»غا ئالمىشىشى بىلەن «ئوتاق» دېيىلىدىغان بولغان. مەلۇم بولۇشىچە، چىڭگىزخان مىلادىيە 1206 ـ يىلى ئۆز قەبىلىلىرىنى ئون مىڭ، مىڭ، يۈز تۈتۈن بويىچە تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىتىۋەتتى، ئۇلار

www.kitaphumar.com

پاسىللارنى ئاساس قىلغانىدى. 15 ـ ئەسىردىن كېيىن «ئۇلۇس» تەدرىجى ھالدا ئون مىڭ تۈتۈننىڭ ئورنىنى، «ئوتاق» بولسا مىڭ تۈتۈننىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئويرات موڭغۇللىرىدا 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئاندىن «ئوتاق» دېگەن بۇ ئىجتىمائىي تەشكىلات مەيدانغا كەلدى. ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ئۇلۇس، ئوتاق ۋە ئايماق قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ھەم ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي تەشكىلات، ھەم ھەربىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئىدى.«ئوتاق» كەلىمىسى روسىيىلىك ۋىلادىمىروف (в. я. в л а д н м н р ц о в)نىڭ قارىشىچە، سوغدى تىلى بولۇپ، مەنىسى دۆلەت، ئەل دېگەنلىك. 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، «ئوتاق» ــ دۆلەت، زېمىن دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، كېيىنچە بۇ ئىسىم ھەر خىل شەكىللەر بىلەن تۈركچە، موڭغۇلچە، توڭگۇسچە يەرلىك شېۋىلەردە «ئورۇن»، «مەيدان»، «سورۇن»، «جاي»، «رايون»، «دىيار»، «مەھەللە» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولغان. ھازىرقى زاماندىكى بەزى موڭغۇللارنىڭ يەرلىك تىلىدا «ئوتاق» ــ يېڭىدىن ئېچىلغان ھەربىي كەنتنى كۆرسىتىدۇ. روسىيىلىك موڭغۇلشۇناس كوستوكوۋنىڭ «قالماقلارنىڭ تارىخى ۋە ستاتىستىكىلىق ماتېرىيالى» دېگەن ئەسىرى بىلەن نېبورسىننىڭ «خوشۇت ئۇلۇسىدىكى قالماقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدىن ئومۇمىي بايان» دېگەن ئەسىرىدىكى قەيتلەرگە كۆرە، «مەلۇم بىر جايدا زېمىن تۇتۇپ ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان بىر جەمەتكە تەۋە ئايىل (Ayil)لار گۇرۇھى» (ئويراتلار) ياكى ۋولگا بويىدا ئولتۇراقلاشقان ئويراتلارنىڭ «يات قوۋملاردىن ئايرىلىپ تۇرۇپ، بىر ئۇرۇق ـ قەبىلىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرى <ئوتاق> دېيىلىدۇ» ① «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە 266 ـ بەت، بۇ ھەقتە ۋ.يا.ۋىلادىمىروفنىڭ «موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم تارىخى» 155 ـ بەت. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە قارالسۇن. . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، «ئوتاق»دىن ئىبارەت بۇ بىر ئىجتىمائىي تەشكىلات ئويراتلارنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى.ئوتاق ــ ئويراتلارنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي بىرلىكى بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك بىر تەۋەلىك ئىچىدە كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلاتتى ھەمدە چارۋا باقىدىغان يەرلىرى ئوخشاشمىغان «ئايىل»لاردىن تەشكىللىنەتتى. «ئايىل» (ھايىل) قانداشلىقنى ئاساس قىلغان بولماستىن، بەلكى چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلىرىنى بىرلىك قىلغان يېقىن ـ يورۇقلىرىنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللىنەتتى. شۇڭا، «ئوتاق» ــ چوقۇم كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنىڭ بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلاتتى. «پاسىل» ــ «ئوتاق»نى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر شەرتى بولۇپ، «ئوتاق»لىشىپ، كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلمايدىغان بىرمۇ موڭغۇل بولمايتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، ھەربىر «ئوتاق»

بەلگىلىمىگە ئاساسەن 1000 ئەسكەر چىقىراتتى. شۇڭا، بەزىدە «قوشۇن» (خوشقۇ) دەپمۇ ئاتىلاتتى ۋە «قوشۇن» بىلەن «ئوتاق» دائىم ئارىلىشىپ كېتەتتى. يىغىنچاقلىغاندا، «ئوتاق» — ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار بىرلىشىپ كەتكەن تەشكىلات ئىدى.بەزى تارىخىي مەنبەلەردە «ئوتاق» بىلەن بىللە «ئەنگە»، «ئايماق»، «ئايىل» ۋە «قوتان» ئاتالغۇلىرى تەڭ ئۇچرايدۇ. «ئەنگە» موڭغۇلچە بولۇپ «تارمىقى»، «بىر قىسمى»، «قوشۇن» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. «ئوتاق» بىلەن «ئەنگە»نىڭ خاراكتېرى ئاساسەن ئوخشاش، پەرقى «ئوتاق» خانغا تەۋە، «ئەنگە» ۋەلىئەھدلەرنىڭ قول ئاستىدا بولىدۇ. مەسىلەن، جۇڭغارلارنى ئالساق، «ئوتاق»چىلارنىڭ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرى ئىلى ۋادىسى ئەتراپى بولسا، «ئەنگە»لەرنىڭ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرى «ئوتاق»چىلاردىن ئېشىپ قالغان قالدۇق جايلار ئىدى. «ئايماق» بىلەن «ئوتاق»نىڭ پەرقى شۇكى، «ئايماق» بىرلىككە كەلگەن يېقىن قوۋملەردىن تەشكىللىنىدۇ. «ئوتاق» بولسا ئوخشاشمىغان قان تېپىدىكى كىشىلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللىنىدۇ. بىر «ئوتاق» بىرقانچە «ئايماق»دىن شەكىللىنىدۇ، ھەتتا بەزىدە بىرلا «ئايماق»دىن تەشكىللىنىشمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، «ئايىل» ياكى «قوتان»دىن «ئايماق» شەكىللىنىدۇ، «ئايماق»دىن «ئوتاق» دىن «ئۇلۇس» تەشكىللىنىدۇ، «ئۇلۇس» — ئەل ياكى دۆلەت دېمەكتۇر.«تارىخى رەشىدىي»نىڭ «قەشقەرنىڭ فەتھى قىلىنىشى» دېگەن بۆلىكىدە «قارا ئوتاغ» دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدا سۇلتان سەئىدىخاننىڭ مىرزائابابەكرىنى يېڭىپ قەشقەرنى فەتھى قىلغان ۋەقەلىرى سۆزلىنىپ كېلىپ:«بەزى قارا ئوتاغلاردىن كەلگەن ئەمىرلەر ئالات (قورال - ياراغ) ۋە گۈللۈك ھېجىر لوڭقىلارنى تەقدىم قىلغاندىن باشقا يەنە كىپەك ئالتۇن - ئەنجان مەن تەقدىم قىلدى. ئۇ چاغدا بىر ئەنجان مەنى 64 چارەك ئېغىرلىقتا بولۇپ، بىر چارىكى 400 مىسقال كېلەتتى» دېيىلگەن ① مىرزا ھەيدەر كۆرەگان:«تارىخى رەشىدىي» 2 - توم 249 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى، خەنزۇچە. . بۇنىڭدىن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى مەزگىلىدە «ئوتاغ» ھادىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، «ئوتاغ»نىڭ ھەربىي بىرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەربىي قوماندانلار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. مىلادىيە 1640 - يىلى تۈزۈلگەن «موڭغۇل ئويرات قانۇنى»غا كۆرە، جۇڭغار خانلىقى ئۇلۇس، ئوتاق، ئايماق ۋە ئايىل قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. بەزى تارىخچىلار ھۇن، تۈرك دەۋرلىرىدىكى «ئوتاغ»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن جۇڭغارلار دەۋرىدىكى «ئوتاق»نى خاتا ئىستېمال قىلىپ «ئۆتۈك» شەكلىدە تىلغا ئالىدۇ ② ئەنۋەر بايتۇر:«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى 1231 - بەت. . بەزى يەر نامىلىرى تەتقىقاتچىلىرى «ئۆتەك» شەكلىدە قوبۇل قىلىدۇ ③ قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى:«يەر نامىلىرى ئىلمى» ئۇيغۇرچە نەشرى 215 - بەت. . يەنە بەزى ماتېرىياللاردا، مەسىلەن، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «ئوتاق» توپتوغرا خاتا

هالدا «ئورتاق» شەكلىدە ئۇچرايدۇ ④ يۇقىرىقى كىتاب 472 ـ بەت. . «ئايل» كەلىمىسىگە كەلسەك، تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسلىي شەكلى «هايل» بولۇپ، ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ ھۇن، تۈرك دەۋرىرىدىكى قەدىمىيلىكى بىلەن قاراخانىيلار تارىخىنىڭ ئانا مەنبەلىرىدىن بولغان «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق مەلۇم. يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، «هايل» كەلىمىسى «قۇتادغۇبىلىك»تە «ئوتاغ»نىڭ كەينىدە، «ئون ئوتاغ»نىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قاراخانىيلار تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئۇنى «ئوتاغ»دىن كېيىنكى بىر ھەربىي بىرلىك بولۇپ، كوماندىرى «هايل باشى» دېيىلەتتى، قاراخانىيلاردىكى هايل بېشىنىڭ قول ئاستىدا قىرىق ـ ئەللىك كىشى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ ⑤ رىشات گەنج:«قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى». 416 ـ 418 ـ بەتلەر. ئۇيغۇرچە نەشرى، ئەزىزوۋ قاسىم:«ئۇرۇش ۋە قوماندان»، 97 ـ بەت، ئۇيغۇرچە. . بۇ سۆز كېيىنچە ئويراتلار بىلەن قىرغىزلار «ئايل» شەكلىدە، قازاقلارغا «ئاۋۇل» شەكلىدە، بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇرلارغا «ئائىلە» شەكلىدە ئۆزلەشكەن بولۇشى مۇمكىن.

## «ئەشمە» ۋە ئۇنىڭ تارىخى

رىسالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئايكۆلدىكى «توققۇز ئوتاق»نىڭ شەرقىدە «ئەشمە» بار، دېدۇق. «ئەشمە» ــ مۇشۇ جايدا تەبىئىي شەكىللەنگەن، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان بىر ئۇلۇغ كۆلنىڭ نامى. ئۇ قەدىمدىن تارتىپ جانلىق تىلدا «ئەشمە» دېيىلىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى يازما مەنبەلەردىن «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە:«ئەشمە كۆلى ــ ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازىرى بىلەن ئاۋات ناھىيىسى يېڭىئېرىق يېزىسىنىڭ تۇتىشىدىغان جايىدا، ئۇيغۇرچە ئەشمە دېيىلىدۇ. مەنىسى بۇلاق كۆل دېگەنلىك. ئۇ ئايكۆل كۆلى، سايئېرىق كۆلى ۋە خاڭگۇڭ كۆلى قاتارلىق بىرقانچە كۆللەرنىڭ قوشۇلىشىدىن ھاسىل بولغان. ئىلگىرى خاڭگۇڭ كۆللا بار ئىدى. كېيىن يېزا ئىگىلىك بىرىنچى دېۋىزىيە غالىبىيەت ئۆستىڭىنىڭ چېپىلىشى ۋە 1 ـ، 2 ـ تۇەن (مەيدان)نىڭ بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشى بىلەن يەر ئاستىدا يىغىلىپ قالغان سۇلار قوشۇلۇپ ھازىرقى چوڭ كۆلگە ئايلانغان» ① «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 2000 ـ يىل نەشرى 364 ـ بەت، خەنزۇچە. دېيىلسە، «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە:«ئەشمە كۆلى ــ ئايكۆل بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئايكۆل كۆلى، سايئېرىق كۆلى، خاڭگۇڭ كۆلى ۋە يېزا ئىگىلىك 1 ـ دېۋىزىيە 1 ـ، 2 ـ تۇەن (مەيدان) كۆلى

قاتارلىق كۆللەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇنىڭ سۈيى ئاچچىق بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى ئاچچىق بولۇپ ... 

تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قۇلايلىق. بىلىق «ئەشمە»نىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتىدۇر. «ئەشمە»نىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى ـ تۆت مېتىر كېلىدۇ، سايئېرىقنىڭ كونا پەيشەنبە بازىرىنى ياقىئېرىقنىڭ يەكشەنبە بازىرىسىغا «ئەشمە»نى توغرا كېسىپ ئۆتىدىغان بىر هارۋا يولى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. «ئەشمە»دە يەنە ئارخېئولوگ خۋاڭ ۋېنبى ئەپەندى «خەنگۇك قەدىمىي شەھىرى» بىلەن بىللە «تۆگە قوتان قەدىمىي شەھىرى» دەپ تىلغا ئالغان قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت رايونىدىن تارىخچى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي» دېگەن كىتابىدا «ئاربات» دەپ تىلغا ئالغان بوگۈنكى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسىغا بارىدىغان ئۇلاغلىق ۋە پىيادە يولۇچىلار ئۆچۈن سېلىنغان بىر قەدىمىي ياغاچ كۆۋرۈك بار. ئۇنى يەرلىك خەلقلەر «سېسىق كۆۋرۈكى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ كۆۋرۈك كونا خاڭگۇك ئەشمىسى بىلەن يېڭى خاڭگۇك ئەشمىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر، كەڭلىكى ئىككى ـ ئۈچ مېتىر كېلىدىغان بىر تەبىئىي قانالغا سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيىدە قىش ـ ياز مۇز قاتمايدۇ.«ئەشمە»نىڭ سۈيى تۇزلۇق، شۇ مەنىدىن ئۇنى بەزىلەر تۇز كۆل دەپمۇ ئاتايدۇ، ئۇنى تۇز كۆل دېيىشنىڭ سەۋەبى ئۇ يەردىن كۆك تۇز چىقىدۇ. نامەلۇم بىر مۇئەللىپ تەرىپىدىن ھىجرىيە 372 (مىلادىيە 994) ـ يىلى يېزىلىپ، ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى گۆزگاندا قۇرۇلغان پارگۇن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبۇھارىس مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدكە تەقدىم قىلىنغان «ھودۇدۇلئالەم» (ئالەمنىڭ چېكى) دېگەن كىتابنىڭ «دېڭىز ـ ئوكيانلار ۋە دېڭىز قولتۇقلىرىنىڭ ئورنى» دېگەن بابىدا:«ئونىنچى تۇزلۇق كۆل ـ تۇز كۆك ـ كۆك تۇز (Tauz_kuk) قارلۇقلار چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 10 يول، كەڭلىكى توققۇز يول كېلىدۇ، تۇز چىقىدۇ، قارلۇقلارنىڭ يەتتە قەبىلىسى ئاش تۇزىنى مۇشۇ كۆلدىن ئالىدۇ» دېيىلگەن ھەمدە بۇ تۇز كۆلنىڭ توشقان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. «ھودۇدۇل ئالەم»دە قەيت قىلىنغان بۇ تۇز كۆلنى بەزىلەر ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدە دېسە، بەزىلەر ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى تېكەس دەرياسى بىلەن كىگەن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا دەيدۇ، بەزىلەر قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا، دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ تۇز كۆل مۇشۇ رىسالىمىزدە گېپى بولىۋاتقان «ئەشمە»نىڭ ئۆزىدۇر. يەنە شۇ كىتابنىڭ 15 ـ باب 13 ـ، 15 ـ پاراگرافلىرىدا بىنجۇل (بوگۈنكى ئاقسۇ) بىلەن ئۈچ قارلۇقلارنىڭ دائىرىسىدە، دېيىلگەن. جاڭ چىشياڭ ۋە جۇ شىجۇەن ئەپەندىلەر «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە جايلىششى ۋە يۆتكىلىشى» ناملىق ئەسىرىدە يۇقىرىقى مەنبەلەرگە ئاساسەن، «توشقان دەرياسى» ۋە ئۈچ بىلەن بوگۈنكى ئاقسۇ ئەتراپلىرىدىمۇ قارلۇقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ» دەيدۇ ② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 127 ـ ۋە 140 ـ بەتلەر. .مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 12 ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان ئاتاغلىق جۇغراپىيە ئالىمى، تېۋىپ، زوئولوگ ۋە تارىخچى ئوتتۇرا ئاسىيالىق شەرەف ئەل زامان تاھىر مەرۋەزى

www.kitaphumar.com

(6401ـ0211) ئۆزىنىڭ «تەبىئەتۇل ھايىۋان» (ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى) دېگەن كىتابىنىڭ
تۈركلەر ھەققىدىكى بابىدا تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە
كۆچۈشى، ئۇلارنىڭ تارقىلىشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، پەرقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى
بايان قىلىپ:«تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان ئەڭ يىراق يەر ئۈچ بىلەن قەشقەر يايلاقلىرى ئارىلىقى
ئىكەن... قارلۇقلار توققۇز قەبىلە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچى چىگىلىلەردۇر» دەپ يازغان ① «ئوتتۇرا
ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە، 44 ـ ۋە 45 ـ
بەتلەر. . مەرۋەزى خۇراسانىنىڭ ئەينى دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر، مەدەنىيەتلىك، باي
شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان مەرۋى شاھ جاھاندا تۇغۇلغان، 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 12
ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سالجۇق ئىمپېرىيىسىنىڭ
ھۆكۈمرانلىرىدىن سۇلتان مەھمۇد (3901ـ2901)، سۇلتان رۇكنىددىن بەركيارۇق (4011ـ
3901)، سۇلتان مەھمۇد تاپار (8111ـ5011) ۋە سۇلتان مۇئىزىددىن سەنجەر (7511ـ8111)لەر
زامانىسىدا خارەزمدە ئوردا تېۋىپى بولغان. ئۇنىڭ تۈركلەرنىڭ ئەڭ شەرقتىكى چېگرىسىنىڭ
ئۇچتۇرپان ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قەيتلىرى بىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ناھايىتى زور
ئەھمىيەتكە ئىگە.«ھودۇدۇل ئالەم»دە يەنە بىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك
بولغان بىر خەۋەر بار. ئۇنىڭدا «ئون بىرىنچى تۇز كۆل بولسا ئايسكۆك (Ayskuk) كۆلى بولۇپ،
چىگىللار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئارىسىدا... بارخۇن شەھىرى مۇشۇ كۆل بويىغا
جايلاشقان» دېيىلگەن. ئەپسۇس، بۇ خەۋەردىكى ئايسكۆك دېگەن كۆل نامى بىلەن «بارخۇن»
دېگەن شەھەر نامىنىڭ تەلەپپۇزىدا گۇمان باردەك قىلىنىدۇ. «ھودۇدۇل ئالەم» ئەڭ دەسلەپ
پارس تىلىدا يېزىلغان. 1892 ـ يىلى روسىيىلىك شەرقشۇناس تومانسكىغا ئۇنىڭ گۇلياياگانى
دېگەن بىر پىرسىيىلىك دوستى بۇ كىتابنىڭ بۇخارادىكى بىر كىتابپۇرۇشتىن سېتىۋالغان پارس
تىلىدا يېزىلغان بىر قولىيازما نۇسخىسىنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، بۇ كىتابنى پارسچىدىن
روسچىغا تۇمانسكى ئۆزى تەرجىمە قىلغان، 1932 ـ يىلى مىنورىسكى روسچىدىن ئىنگلىزچىغا
تەرجىمە قىلغان. كېيىن ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا ۋاڭ جىژلەي تەرجىمە قىلغان. 2001 ـ
يىلى ئابلەت نۇردۇن خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىز
خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى. مېنىڭچە، «ھودۇدۇل ئالەم»نىڭ
مۇئەللىپى تىلغا ئالغان بۇ ئىككى جاي ئەسلىدە «ئايكۆل» ۋە «بارخان» بولغان بولسا، كېيىنچە
زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ھەم تەرجىمىدىن تەرجىمىگە كۆچۈش جەريانىدا بۇ ئىسىملار ئۆزگىرىپ
ھازىرقىدەك مەنىسىنى ئۇققىلى بولمايدىغان يەر جاي نامىغا ئۆزگىرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.
«ھودۇدۇل ئالەم»دە قەيت قىلىنغان ۋە تامامەن «ئايكۆل» بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان
ئايسكۆك دېگەن كۆلنى ۋاڭ جىژلەي ئەپەندى شۇ سۇڭنىڭ «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى
خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدىكى قەيتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئىسسىقكۆل دەپ بېكىتىدۇ. ۋاڭ

جىزلەينىڭ شۇ سۇڭنىڭ كىتابىدىن ئېلىپ بايان قىلىنىشىچە، ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 100 چاقىرىم، جەنۇب ـ شىمال كەڭلىكى 120 چاقىرىم، تار جايلىرى 80 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. ئەمما، «ھودۇدۇل ئالەم»دىكىسى ئۇنىداق چوڭ ئەمەس، بەلكى ئۇزۇنلۇقى 30 يول، كەڭلىكى 20 يول. «ئايسكۆك» دېگەن كۆلنىڭ «ئۇزۇنلۇقى 30 يول، كەڭلىكى 20 يول» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بايان «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «ئەڭ ئۇزۇن يېرى 20 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ» دېيىلگەن ھازىرقى ئايكۆلدىكى «ئەشمە»نىڭ چوڭلۇقىغا يېقىن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەشمە»نىڭ ئايكۆل قىسمى يەرلىك خەلقنىڭ تىلىدا «كۆك ئەشمە» دېيىلىدۇ. پارس تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق قائىدىسى بويىچە «ئەشمە كۆك» دېيىلىدۇ. «ئەش» (Ays) پارسچىدە «اش» دەپ يېزىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن «ھودۇدۇل ئالەم»دە قەيت قىلىنغان ئايسكۆك دېگەن كۆل چوقۇمكى خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا «كۆك ئەشمە» (ئەشمە كۆك) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى «ئەشمە»نىڭ نەق ئۆزىدۇر. ئەمدى «ھودۇدۇل ئالەم»دە قەيت قىلىنغان «بارخۇن» دېگەن شەھەرگە كەلسەك، ئۇ تامامەن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ا»نىڭ «ۇ»غا ئۆزگىرىپ كېتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئۇقۇشماسلىق بولۇپ، «بارخان»نىڭ بۇزۇپ قىلىنغان ئىستېمالىدۇر. مەلۇمكى، «بارخان» ــ ئاقسۇنىڭ قەدىمكى «قۇم» دېگەن تۈركچە نامىنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى. ئۇ بەزىدە «بارمان»، بەزىدە «باخۋان»، يەنە بەزىدە «پالۋان» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» كىتابىدا بېرىلگەن دائىرىلىك خەرىتىسىدىكى «بارمان» دېگەن يەر نامى كۇچا بىلەن ئۈچنىڭ شىمالىي جەنۇب ئارىلىقىغا توغرا كەلگەن. بىز بۇنىڭغا ئاساسەن «بارمان» (ئىلگىرىكى بارخان)نىڭ ھازىرقى كۇچا بىلەن ئۈچتۇرپان ئارىلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. مەھمۇد قەشقەرى:«يۈگۈ ــ ‹بارمان› شەھەرچىسىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى. بۇ شەھەرنى ئافراسىيابنىڭ ئوغلى شۇ دەريانىڭ بويىغا قۇرغان. قۇرغۇچىنىڭ ئىسمى <بارماك> بولۇپ، شەھەر شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان» دەيدۇ ① م.قەشقەرى:«دىۋان لۇغاتىت تۈرك» 3 ـ توم 503 ـ ۋە 504 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. .12 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئەرەب جۇغراپىيۇنى ئەبۇ ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئەل ئىدرىسى ھىجرىيە 548 (مىلادىيە 1154) ـ يىلى يونان جوغراپىيۇنى پتولمى ۋە ئەرەب جۇغراپىيۇنى مەسئۇدىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى، شۇنداقلا پالېرمولۇق نوئمانلارنىڭ پادىشاھى لومىر II نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جۆنلىدىن جۇڭگوغىچە كېلىپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ئېلىپ بارغان ئۆلچەپ سىزغۇچىلارنىڭ توپلىغان 1 ـ قول ماتېرىيالىغا ئاساسەن يازغان «كىتاب نوجات ئەل مۇشاق فى قىراق ئەل ئافاق» (ساياھەتچىلەرنىڭ كۆڭۈل شادلىقى) دېگەن دۇنيا جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى تەزكىرە كىتابىدا «قۇچا»، «باخۋان»، «پالۋان» ياكى «بارمان» نامىنى ئالغان ئاقسۇ ھەققىدە توختىلىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق بايانلار بار:«يەكەن شەھىرىنىڭ 16 كۈنلۈك

www.kitaphumar.com

چېتىدىكى غەربىي شىمالدا بولغان <بارمان> ياكى <باخۋان> بولسا توققۇز ئۇيغۇر (ئوغۇز) شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ يەردە توققۇز ئۇيغۇر (ئوغۇز) خاقانى ئائىلىسىدىن بىرسى ئولتۇرىدۇ. بۇنىڭ ساقچى قىسىملىرى، كۈچلۈك سىپىل قورغىنى بار. ئۇ شەھەرنىڭ بازارلىرىدا تۆمۈردىن ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەر ياسىلىدۇ. باشقا سانائەتمۇ بۇ يەردە كۆپ. شەھەرنىڭ چۆرىسىدە تۈركلەرنىڭ ئېكىنزارلىقلىرى، يايلاقلىرى، دەريالىرى بار. تۆمۈر مەھسۇلاتلىرىنى چىنغا ئەۋەتىدۇ، تىبەتكىمۇ چىقىرىدۇ، شەھەرلىرى بەك ئاۋات. بۇ شەھەردە ئىلىم ـ سىپتىم ئىشلىرىغا بەك كەڭرى يول قويۇلغان، ئىمارەتلىرى بەك كۆپ.» ② «شىنجاڭ گېزىتى» 1948 ـ يىلى 24 ـ، 25 ـ، 26 نويابىر سانلىرى. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى» 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان 47 ـ، 48 ـ بەت، ئۇيغۇرچە. تاتار ئالىمى ئەخمەد زەكى ۋەلىدى توغان «قەدىمكى كۈچالىقلارنىڭ مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «ھودۇدۇل ئالەم» ۋە ئەرەب جۇغراپىيۇنى ئەبۇل قاسىم ئۇبەيدۇللاھ بىننى ئابدۇللاھ ئىبنى خۇردادبېھ (تەخمىنەن 219ـ028)نىڭ مىلادىيە 848ـ448 ـ يىللىرى يازغان «كىتابەل مەسالىك ۋەل مەمالىك» (يوللار ۋە ئەللەر تەزكىرىسى) دېگەن كىتابىدىن مەلۇمات ئېلىپ، ئاقسۇ ـ كۇچا يولىدا تۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆپلۈكى، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھىندى راھىبلىرى بىلەن سوغدىلىق سودىگەرلەردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يەرلىك تۈركلەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە «بىر زاماندا بۇ يەرلەرنى ساياھەت قىلغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچادىكى تۈركلەر تىلىدىن مىساللار كەلتۈرىدۇ. ئاقسۇ، يەنى بارمان توغرىسىدا بۇ شەھەرنىڭ كاشغەردەك بەك قەدىمي تۈرك شەھىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، بارمان ــ ئافراسىيابنىڭ ئوغلى. پىرداۋسى بولسا ئۇنىڭ ئىنىسى. قەدىمكى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ <بارمان> ئاتىلىشى ئافراسىياب ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن بىۋاستە چېتىشلىق بىرى بار» دەيدۇ ③ يۇقىرىقىغا ئوخشاش. .زامانىمىزنىڭ ئىران قان سىستېمىسىدىكى فرانسىيىلىك شەرقشۇناسى ۋە ئاتاغلىق تارىخ ئالىمى ئەلى مەزاھىرى (1991ـ 4191) ئۆزىنىڭ 1983 يىلى نەشر قىلىنغان «يىپەك يولى: جۇڭگو پارس مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخى» دېگەن كىتابىدا ئىران سەيياھى ئەسەدۇللا، شۋېتسىيىلىك ئارخىئولوگ سېۋىن ھېدىندىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئەفراسىياپنىڭ قەشقەر بىلەن ئۇچتۇرپان ئارىلىقى، شۇنداقلا كۇچا توڭگۇز بېشى قەدىمكى شەھىرى ئۇدۇلىدىكى ئەفراسىياپ شەھىرى دېيىلىدىغان يەر بىلەن بۈگۈنكى كۈندە يانتاق شەھىرى دېيىلىدىغان يەرنى ئۆزىگە قارارگاھ قىلغانلىقىنى يازىدۇ ①ئەلى مەزاھىرى:«يىپەك يولى: جۇڭگو ـ پارىس مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1993 ـ يىلى نەشرى 334 ـ بەت، خەنزۇچە. .يۇقىرىقى قەيتلەرگە كۆرە، ئاقسۇنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، رىۋايەتتىكى ئافراسىياب زامانلىرىغىچە بارىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىز «ئايكۆل» ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بولغان «ئەشمە»نىڭ مىلادىيەدىن خېلى

www.kitaphumar.com

بۇرۇنلا ناھايىتى گۈللەنگەن مەدەنىيەت رايونى بولۇپ، تۈركلەر تارىخ سەھنىسىگە چىققان زامانلاردىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئېكىنزارلىقى ۋە يايلىقىغا ئايلانغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئايكۆلدە ھازىر «كۆل» ۋە «تېكىن» ناملىق يۇرتلار بار. بۇ بىرگە ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى «كۆل تېكىن»نى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئۇرخۇن ۋادىلىرىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىگە كۆچكەن شەرقىي شىمال تۈركلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈش دولقۇنىدا مۇشۇ زېمىندا تۇرۇپ ماكانلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرسە كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئايكۆل ۋە «ئەشمە» بويلىرىدا بۇددا دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «چوقتا»، «تاشتا»، ئەرەب تىلى ئىستېلاسى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «ھاسا» ۋە «پايناپ» نامىدىكى يۇرتلار بار. بۇنىڭدىن بىزنىڭ «ئايكۆل» ۋە «ئەشمە» ئالاھىدە ئېكولوگىيىلىك رايوننىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمىگىمىز تەس ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ تونجى ئەۋلاد ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئەسەرلىرىدە گەرچە «ئەشمە» نى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، «ئەشمە» بويلىرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى توپلىرىنى تەكشۈرگەندە ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى زاماندا بىز «ئەشمە» دەۋاتقان مۇشۇ كۆل بويىدىكى «تۆگە قوتان» قەدىمكى شەھەر خارابىسى يېنىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇ «تارىم ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا:«شور قۇدۇقنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئاق توپىدىن قاڭشاپ ياسالغان بولۇپ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئاقسۇ دېگەن سۆز سۈيى ئاق دېگەنلىك. شۇڭا، شور قۇدۇق قىزىل دەرياسى بىلەن ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قوشۇلغان جايى. گەرچە بىز ئاقسۇ دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلغان جايىنىڭ ئورنىنى تاپالمىغان بولساقمۇ، ئەمما ئېقىپ ئۆتكەن يەرلىرىدىن كۆزەتكىنىمىزدىن قارىغاندا، ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان جايى چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ② خۇاڭ ۋېنبى:«تارىم ۋادىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، پەن نەشرىياتى 1958 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى 62 - بەت، خەنزۇچە. . دېمىسىمۇ رىسالىمىزدە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ھازىرقى «ئەشمە» تونجى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئورنى بولۇپ، <يايدى> تەرەپكە سۇ بارىدىغان ئېقىن ئىزلىرىنىڭ بەزىسى ئويمانلىق جىلغا سۈپىتىدە، بەزى جايلىرى كەڭ لايلاتما سۈپىتىدە ھازىرمۇ روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. دەريا ئىزلىرىنىڭ تۈپراقلىرى قۇم ۋە قىزىل سۇ لايلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، زەي سۇلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. <يايدى> — كەلپىن ناھىيىسىدىكى چىلان يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شورلۇق، ئۇ قەدىمدە تونجى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ سۈيى بېسىپ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە سۇ ئاستىدا تۇرۇپ قېلىپ لاي - لاتقىلار بىلەن تىنىپ كەتكەچكە، ئەڭ بۇرۇن بوستانلىققا ئايلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇ جاينى سۇ يايغان جاي دېگەن مەنىدە <يايدى> دەپ ئاتىغان. بۇ تارىم بوستانلىقىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئەڭ بۇرۇن گۈللەنگەن ئورۇن بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئورنىنى بويلاپ دەل مۇشۇ جايلاردىن

ئۆتەتتى. <يايدى> دېگەن جايدا يەنە <تەك> دەيدىغان بىر جايمۇ بار. بۇرۇنقى قاتناش يولىنىڭ ئاقسۇ تەرەپتىكى مەلۇم ئۆتكى مارالۋېشىنىڭ چاۋاغ ئۆتكى بىلەن شۇ جايدا تەك بولغاچقا، ئۆتەڭنىڭ نامىنى <تەك> دەپ ئاتىغان. بۇ جايلار قەدىمكى دەۋرلەردە دەريا سۈلىرى ئېقىپ تۇرغان، دەريا بويلاپ سېلىنغان قاتناش يوللىرىدا كارۋانلار مېڭىپ تۇرغان، كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە، كىشىلەرگە هاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغان بىر جاي بولسىمۇ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ شەرق تەرەپكە كۆچۈپ، هازىرقى يېڭىئېرىق يېزىسىنىڭ سۆگەتئېرىق بىلەن ئاقىدىغان بولۇپ قالغان مەزگىللىرىدىن باشلاپ قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان. هازىر <يايدى> دېگەن جاي شورلۇققا ئايلىنىپ، قەدىمكى توغراقلارنىڭ كۆتەكلىرىمۇ شور ئاستىغا كۆمۈلۈپ، چىرىمدانغا ئايلىنىپ كەتكەن. بىلىش مۇمكىنكى، ئۇ جايلارنىڭ قاقاسلىشىپ كەتكىنىگە ناهايىتى ئۇزاق ئەسىرلەر بولغان. سۇ قۇرۇلۇش ئېنژېنىرلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ هازىرقى <ئەشمە> دېيىلگەن تۈنجى ئورنىنى باشلاپ، ئىككىنچى ئورۇنغا كۆچكەن ۋاقتى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەر بولۇپ، ئىككى مىڭ يىلچە ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ» ① مۇهەممەد ئوسمان:«ئاۋات ناهىيىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى». بۇ هەقتە «ئاۋات تارىخىي ماتېرىياللىرى» 1 - توپلام 54 -، 56 - بەتلەر، ئۇيغۇرچە. ئۇنداقتا «ئەشمە» قانداق قىلىپ بۇ تاشلاندۇق دەرياغا خاس ئىسىم بوپقالىدۇ؟ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، «ئەشمە» كەلىمىسى «ئەش» بىلەن بىر تۇغقاندۇر. 1990 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى»دە، «ئەش» دېگەن ئىسىمغا «بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن چۈشىدىغان هەمراهى» دەپ تەبىر بېرىلسە، «ئەش» دېگەن ئىسىمدىن ياسالغان «ئەشمە» دېگەن سۈپەت سۆزىگە «ئېشىپ ياسالغان، ئېشىپ تورلانغان، پىششىق» دەپ ئىزاهات بېرىلگەن ② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى بېيجىڭ نەشرى 1 - توم 275 - 276 - بەتلەر. . دەرۋەقە، يېڭى تۆرەلمە — بالا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا بالىياتقۇ ئىچىدە بىر شىلىمسىمان قان ئىچىدە تۇرىدۇ، بۇ نەرسە بوۋاققا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ۋە «ئەش» دېيىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا «ئەش» كەلىمىسى «ئاقىلغا ئۆز ئەقلى ئەشلىككە يارار» (320 - بېيت) شەكلىدە قەيت قىلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس هاجىپ داستانىنىڭ ناهايىتى نۇرغۇن سەهىپىلىرىدە ئادەمنىڭ ساپاسى ئۈستىدە توختىلىپ، «ئەش»نىڭ ياخشى بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان هالدا «ئانا ئالسا يوشۇرۇنچە ئوغرى سۇ، ئوغۇل تۇغسا ئەلگە بولۇر ئاپەت ئۇ» (5768 - بېيت) دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ دېگىنى «بالا ياخشى ئاتا - ئانىدىن تۆرەلسۇن، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدا ئوبدان قۇۋۋەتلىنىپ ئوزۇقلانسۇن، هارام قوشۇلۇپ قالمىسۇن» دېگىنى. «ئەش» تۆرەلمىنى تويۇندۇرىدىغان مەنبە بولغاچقا، ئۇنىڭ ساپ، تازا، هالال، ياخشى بولۇش - بولماسلىقى تۆرەلمىنىڭ ياخشى - يامان خۇيلۇق بولۇشىغا، ساغلام، بېجىرىم ياكى تۇغما نۇقسانلىق بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالا «ئەش»سىز دۇنياغا

كۆز ئاچمايدۇ، شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك»دە ئۇچرايدىغان «ئەش» كەلىمىسىگە كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن 67 ـ نومۇرلۇق ھاشىيەدە «يولداش، ھەمراھ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا ئەشمە چاچ، ئەشمە يىپ، ئەشمە قۇيماق دېگەن سۆزلەر بار. بۇ ئېشىپ ياسالغان سۇنئىي چاچنى، ئېشىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يىپنى ۋە خېمىردىن ئېشىپ ياغدا پىشۇرۇلغان ساڭزا ـ قۇيماقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا يەنە لەغمەن ئەشمەك، يىپ ئەشمەك، تانا ئەشمەك، ئارغامچا ئەشمەك دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بار. بۇ يەردىكى «ئەشمەك» ــ سوپەت بولۇپ، ئايلاندۇرماق، بۇرىماق، پىششىقلىماق، ئىگىرمەك مەنىلىرىدە كېلىدۇ. تىلىمىزدا يەنە «يىپ ئەشتۈرمەك» ۋە «يىپ ئەشتۈرۈلدى» دېگەن سۆزلەر بار، ئۇنىڭ ئالدىنقىسى «ئەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى، كېيىنكىسى بولسا «ئەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. گېئولوگىيە ئىلمىدە دانچىلار دىئامېتىرى 0.1ـ0.11mm، يەنى ئادەتتىكى قۇم بىلەن سېغىز ئارىلىقىدا بولىدىغان، مىنېرال تەركىبى ئادەتتىكى قۇم بىلەن ئوخشاش بولغان بىر خىل قۇم «ئەشمىقۇم» دېيىلىدۇ. ئۇ ھازىرقى زاماندىكى چۆكۈندىلەر تەركىبىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. دانچىلار دىئامېتىرى 0.1ـ0.10mm بولغان ئەشمە قۇملارنىڭ ئۆزئارا يېپىشىپ چىڭىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان ئۇۋاق چۆكۈندى جىنىس «ئەشمىقۇم تاش» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ مىنېرال تەركىبى قۇم تاش بىلەن ئوخشاش، بىراق تەركىبىدە تۇراقلىق مىنېراللار سەل كۆپرەك بولىدۇ.1981 ـ يىلى ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»دە «ئەش (اش)گە:«قويۇلدۇرۇلغان سۇيۇقلۇقنىڭ ئومۇمىي نامى، پاتلىماق، يىپ پاتلىماق، يېپىشقاق، شىلىمشىق، يېپىشتۇرماق، سۇۋىماق، چاپلىماق، شىرنىلىك سۇ، شىرنىلىك سۇيۇقلۇق، سېرىق سۇ، سىرغىتما» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ئۇنىڭدىكى قەيتلەرگە كۆرە، پارسچىدا «اش» شەكلىدە كەلگەن بۇ ئىسىم ئۇيغۇرچىدىكى «ئەش»دىن پەرقلىق ھالدا بىرىنچىدىن ئاش ـ تاماق مەنىسىدە، يەنە ئىسسىق سۇ، قايناقسۇ، كۆكتات شورپىسى، سۇيۇق ئۇماچ دېگەن مەنىلەردە كۆپرەك كەلسە، ئىككىنچىدىن كۆلدە جامىكان باغلاپ كەتكەن لەشكە ئوخشاش شىلىمشىق بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ ① «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سودا نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى 29 ـ، 30 ـ بەتلەر. بۈگۈنكى جەنۇبىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا «ئەشمەكار» دېگەن سۆز بار. بۇ سۆز ئۇيغۇرچىدىكى «ئەشمە» بىلەن پارسچىدىكى «كار»دىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ مەنىسى ــ غوزىدىن يىپەك سۈزگۈچى دېگەنلىك. شۇنىڭغا ئاساسەن يىپەكچى كاسىپلار «ئەشمەكار» دېيىلىدۇ. قەشقەر، يەكەنلەردە «ئەشمەكار كوچىسى»، «ئەشمەكار مەھەللىسى» دېگەن جايلار بار. ناۋادا مۇشۇ كۆنلەردە غوزىدىن يىپەك سۈزگۈچى «ئەشمەكار»لارنى كۆرمەن دېگۈچىلەر قەشقەردىكى ئاپاق خوجا ساياھەت رايونىغا بارسا ئۇنى كۆرەلەيدۇ.بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىدە «قودۇق ئەشمە»، «ئەشمە» ۋە «ئەشمە ئېقىن» دېگەن يەرلەر بار. «قودۇق ئەشمە» ئاللىقاچان چۆلگە ئايلىنىپ

كەتكەن. «ئەشمە» بولسا هازىر بىر يېزا، بۇ يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆرۈمچى - قەشقەر تاشيولى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە كۆل، كۆلچەكلەر بار، زەيلىك ۋە تۇغراقلىقلار كۆپ. يوپۇرغا ناهىيىسىدىكى بىر يېزىمۇ «ئەشمە» دېيىلىدۇ. كەنتنى داۋۇي دەيدىغان زامانلاردا ئۇ يېزىنىڭ 2 - داۋۇيى «يۇقىرى ئەشمە»، 3 - داۋۇيى «تۆۋەن ئەشمە» دەپ ئاتالغانىدى. تىلشۇناس مۆمىن ئابدۇللا تۈزگەن «تۈركچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت»دە «ئەش» (es)گە «جۈپ، جورا، دوست، هەمراھ، رەپىقە»، «ئەشمە» (esme)گە «قۇدۇق»، «ئەشلىك» (eslik)گە، «جۈپ، جورا، هەمراھ»، «ئەشسىز» (essiz)گە، «جورىسىز، يالغۇز، يېگانە» دەپ تەبىر بېرىلگەن ② مۆمىن ئابدۇللا:«تۈركچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى 272 - ۋە 273 - بەتلەر. .خۇلاسە كالام، «ئەشمە» ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئىزى بولۇپ، دەريا بۇرۇنقى بۇ ئورنىدىن شەرققە قاراپ يۆتكەلگەندىن كېيىن، تاشلىنىپ قالغان هەم دەريانىڭ هەمراهى دېگەن مەنىدە «ئەشمە» دەپ ئاتالغان. شۇڭا، ئۇ ئاقسۇ دەرياسىنىڭ هەمراهى هەم چۆلدىكى قۇدۇق، شۇنداقلا يېپيېشقاق، شىرنىلىك لەشسىمان كۆل بولۇپ، ئۆزگىچە بىر ئالاهىدىلىككە ئىگە پەۋقۇلئاددە ئېكولوگىيىلىك سۇ رايونىنىڭ نامىدۇر.

# XX ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەلىرىدىن ئەسلىمىلەر

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

1

1933-يىلى 1-ماي قىرغىز ئوسمان ئالى باشچىلىقىدىكى قىرغىز، ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقىدىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلار تۇڭگان ماشاۋۋغا قارشى قەشقەر شەھىرىگە ھوجۇم قىلغان كۈنى شەھەردە ئۆزبېك قوشۇنى تەشكىللەندى، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى شەھەر سېپىلىنى قوغداش بىلەن بەنت بولغاچقا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان شەھەر كۆكۆللۈك (پىدائىي) لىرى جۇملىدىن ئۆزبېكلەر يامۇل بىلەن سېپىل ئارلىقىدىكى يوللاردا تۇرۇۋېلىپ ئالاقچى چېرىكلەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ قورالغا ئىگە بولدى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى ما شاۋۋونىڭ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا قىلغان چوڭ تەييارلىقى شۇنچە كۈچلۈك قورالغا ئىگە چېرىكلەرنىڭ تۆت سائەتكە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى بىلەن يوققا چىقىپ قەشقەر شەھىرى قولدىن كەتتى.

ئۆزبېكلەر سېپىلدىن قېچىپ چۈشكەنلەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ خېلىلا قورالغا ئىگە بولۇشتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ ئاساسىي بازىسى بولغان يۇملاق شەھەر قورغانچىسىنى چېرىكلەر مۇداپىئە قىلىپ قالالمىغاچقا، قوزغىلاڭچىلار باستۇرۇپ كىردى، گازارمىلاردىكى چېرىكلەر قارشىلىقسىز تەسلىم بولدى. نەچچە يۈزلىگەن قورال قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتتى، بۇنىڭدىن مەلۇم ساندىكى قورال ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى قىرغىز ئوسمان ئالى قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا ئۆزبېك سېتىۋالدىجان باشچىلىقىدا ئۆزبېك قوشۇنى تەشكىل ئېتىلگەنىدى.

سېتىۋالدىجان ئەسلى مەرغىلانلىق ئۆزبېك ئەنەس ھاجىم دېدىگەن باينىڭ ئوغلى ئىدى، ئەنەس ھاجى بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى پەرغانىدىن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى.

www.kitaphumar.com

سىتتۋالدىجان پەرغانىدە بىر مەزگىل ئوقۇپ تەربىيە كۆرگەن بولغاچقا، مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە ئىدى، ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئوقۇپ مەلۇم بىلىم ئۆزلەشتۈرگەن ھۆر پىكىرلىكلەردىن بىرىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ قەشقەر X X ئەسىردە ئۆسۈشكە باشلىغان «جەدىدچىلەر» ئېقىمى ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولغانىدى.

ئۇ رۇسىيە، تۈركىيىلەردىن تۈرلۈك گېزىت-ژۇرناللارنى ئەكەلدۈرۈپ ئوقۇدى، بولۇپمۇ قازاندىكى تاتار ئالىملىرى يازغان ئەسەرلەرنى ئەكەلدۈرۈپ ئوقۇپ، يېڭىچە پىكىر، زامانىۋى مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇپ، قەشقەردىكى جەدىدچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

قەشقەردىكى چۈشكۈن ۋەزىيەت، ئىستىبدات ھاكىمىيەت كەلتۈرگەن تەڭسىزلىك، زۇلۇم ھاقارەتلىرى ئەلدە يۈز بېرىۋاتقان كەمبەغەلچىلىك، خۇراپاتلىق ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە بولغان قارشىلىقى ئۆستى، ئۇ مۇشۇ جەھەتتىكى ئىدىئولوگىيە كۈرىشى بىلەن شۇغۇللاندى. شىمالدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت بولغانىدى.

ئۇ قىرغىز قوزغىلاڭچىلىرى تۇتۇرگىگە كەلگەن ھامان ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. ئۇلار تۇتۇرگىدە بىر يىرىم ئايغا يېقىن تۇرغان جەرياندا، كېچىلىرى چىقىپ ئوسمان ئالى بىلەن سۆھبەتلەشتى، پىكىرلەشتى، شەھەر ئىچىدىكى ئۆز بېكلەرنى ئۇيۇشتۇردى، تەشكىللىدى...

شۇنىڭ بىلەن مەلۇم قورال ياراقتا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا ئۆزى باشلىق بولدى.

ئوسمان ئالى شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەترىتىنى تارقىتىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەرھال تۆمۈر سىجاڭنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتتۈالدى. تۆمۈر سىجاڭ ئاز كۈندىن كېيىن بۇلارنى ئۆزبېك پولكى قىلىپ تەشكىللىدى. سىتتۋالدىجان ئەنە شۇ پولكنىڭ كوماندىرى بولۇپ دەرىجىسىمۇ ئۆستى.

بۇ پولك شۇ چاغدا كۆز ئالدىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ كۈچەيدى ۋە ئابروي قازاندى، شۇ يىلى 18-مايدا يۈز بەرگەن قىرغىز-تۇڭگان توقۇنۇشىغا قاتنىشىپ قىرغىزلارغا ياردەم قىلىپ بىر قىسىم قورالنى تارتىۋالدى، ئاز ئۆتمەي ھىمىتنىڭ سېپىدىكى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ يەكەن يېڭى شەھىرىگە بېكىنىۋالغان بىر نەچچە يۈز ئەسكىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ نۇرغۇن قورالغا ئىگە بولدى، كۈچى خېلى ئۆستى، نام-شۆھرەت قازاندى.

بۇ قوشۇن تەركىبىدە ئۆتمۈشتە پەرغانىدە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ پىشقان «باسمىچىلار» مۇ ھەتتا قۇر بېشى (مىڭ كىشىنىڭ باشلىقى) ئاتالغانلارمۇ بار ئىدى.

يۈسۈپجان قۇر بېشى، ئابدۇراخمان قۇر بېشى، ئارىپجان قۇر بېشى...لار ئەنە شۇلاردىن ئىدى، بۇ پولك تەركىبىدە قەشقەردىن قوشۇلغان ئۇيغۇرلارمۇ مەلۇم سانىنى ئىگىلەيتتى.

www.kitaphumar.com

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىكى ئاتالمىش باش قوماندان تۇڭگان ماجەنساڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن 1933-يىلى 8-ئاۋغۇست (چارشەنبە) كۈنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. باشقىلارنىڭ بىخوتلۇقىدىن پايدىلانغان تۇڭگانلار قەشقەر كونا شەھىرىنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى.

دەل بۇ چاغدا سىپتۇۋالدىجان بىر قىسىم ئەسكىرىنى ئېلىپ خوتەنلىكلەرنى باستۇرۇش ئۇرۇشىغا كەتكەنىدى. يۈسۈپجان قۇر بېشى ئۆز شتابى بولغان ياۋاغدىكى سودا سارىيىدا ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئولتۇراتتى. تۇڭگانلار ئۇشتۇمتۇت شەھەرنىڭ دەرۋازا ۋە سېپىللىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، بۇ سارايغا تەھدىت سالدى.

بۇ ساراي سېپىلغا تۇتاش بولغاچقا، خەتەرلىك ئىدى. ئۆزبېكلەر تۆمۈر سىجاڭنىڭ شەھەردىكى باشقا قوشۇنلىرىغا ئوخشاش ھەممە نەرسىلىرىنى تاشلاپ كەتمەي، بىقىندىكى سارايلاردىكى سودىگەرلەرنىڭ تايلاپ قويغان يۈكلىرىنى تۇپلاپ دالدا قىلىپ تۇرۇپ سېپىلدىكىلەرگە قارشى تۇردى.

بۇلار بىر تەرەپتىن ئېتىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق نەرسىلىرىنى يۆتكەپ قاراڭغۇ چۈشكەندە كېچىلەپ توشۇپ كەتتى ۋە قۇرۇق سارايىنى تۇڭگانلارغا قالدۇرۇپ قويدى.

بۇلار شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قورغان تەرەپكە سۈرۈلۈپ چىقىپ ئاپپاق خوجا مازىرى ئەتراپىدا تۇرۇپ، شەھەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى، تۇڭگان قوشۇنلىرى بۇلارنى يوقىتىشقا جازا ئەترىتى چىقاردى.

بۇلار ھەزرەت يولىدىكى تاختا كۆۋرۈككە بارغان ھەتتا تۇرپان كوچىسى دېگەن جايغا كېلىپ ھەيۋە بىلەن زەمبىرەكلەرنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپنى ئۈچرىتالمىدى. ئۇلار ھەتتا مازار ئىچىگە قەدەر باستۇرۇپ كىرگەندىمۇ ھېچكىم قارشى چىقمىغاچقا، دۈشمەنلەر بىزدىن قورقتى بولغاي، دەپ ئىچكىرلەپ كىردى.

ئۆزبېك قوشۇنى ئۇلارنى تۆت تەرەپلەپ قورشاپ شۇنداق ئەپلىدىكى ، ئۇرۇشقا چىققىنىغا تويغۇزىۋەتتى. نەتىجىدە تۇڭگانلار نۇرغۇن جەسەتنى قالدۇرۇپ، ئازغىنە ئادىمى بىلەن بۆسۈپ چىقىپ قۇتۇلدى.

قىرغىز ئوسمان ئالىنى باش قوماندان قىلىشقان ئۇيغۇر-ئۆزبېك قوشۇنى قىرغىز قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە كونا شەھەرنىڭ ئىچى بىلەن سىرتىدىن تەڭلا تۇڭگانلارغا ھۇجۇم قىلدى. 15-ئاۋغۇست (چارشەنبە) كۈنى تۇڭگانلارنى كونا شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. تۇڭگانلارمۇ قاتتىق بىر كۈنلۈك سوقۇشتا قاتتىق قۇربانلىقلارنى بېرىپ، ئاقىۋەت شەھەرنى تاشلاپ شەھەر دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. لېكىن ئەپلىك يەردە كۈتۈپ تۇرۇشقان ئۆزبېك قوشۇنى ئۇلارنى ئۈجمە تۆككەندەك تۆكۈپ تاشلىدى. پەقەتلا ئەجىلى پۈتمىگەن ئاز ساندىكىلىرى

قۇتۇلۇپ يېڭى شەھەرگە چىقىپ كەتتى. بۇ قوشۇن يەنە بۇلارنىڭ قالدۇرغان ياخشى قورالللىرى بىلەن قورالللىنىپ كۈچىگە يەنىمۇ كۈچ قوشتى.

ئۇرۇش جىنايەتچىسى ما جەنساڭنى يوقىتىش ئۈچۈن يېڭى شەھەرنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا شۇ كۈندىن باشلاپ يېڭى شەھەر ئۇرۇشى باشلاندى. ئۆزبېك قوشۇنى يېڭى شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «ناچۇق» تەرەپكە ئورۇنلاشتى. ئاز كۈن ئۆتۈپلا خوتەن ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەنلەر بىلەن بىرلىشىپ يېڭى شەھەردىكى زىخۇيچىلارنى يوقىتىش جېڭىگە ئاكتىپ كىرىشىپ كەتتى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ھەپتىسى 3-، 4-ھەپتىسى قورغىلاڭچىلارغا ۋەزىيەت ئىنتايىن ياخشى بولدى. ما جەنساڭ گورۇھى ئاساسەن يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلاندى، بولۇپمۇ سېتىۋالدىجان قوشۇنى زىخۇيچىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ كەلگەن بولغاچقا، شىمالدىكى لىنىيىسىنى تۇڭگانلار زور كۈچ بىلەن ساقلاشقا مەجبۇر بولغانىدى. شەرقىي لىنىيە بىلەن جەنۇبىي لىنىيە تەرەپتىكى ھەمدەم بەگ ھاجى، ھاپىز لۈيجاڭ، توختى تۈەنجاڭلار قوماندانلىقىدىكى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىمۇ زىخۇيچىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقانىدى.

يېڭى شەھەر ئۇرۇشى ئالتە ئايلاپ سوزۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشىغال: ما جانساڭ قولىدىكى يېڭى شەھەردە تۇڭگان، خەنزۇ، ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر گەۋدىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، قارشى تەرەپتە بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنىڭ يوق بولۇشى، باشباشتاقلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ھوقۇق تالىششىنىڭ كۈچىيىشى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىرادىسىزلىك، نىيەت ئالىلىق، شۇنداقلا ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ پىتنە-پاساتلىرىغا ئالدىنىشىنىڭ ئېغىر بولغانلىقى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشىغا ئېلىپ بارغانىدى.

نەتىجىدە بىھۇدە قۇربان بېرىشلەر كۆپ بولدى، خەلق ئاممىسى ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارغا كۆپ ئۇچرىدى.

ئۆزبېكلەرمۇ قىرغىز پانسادلىرىغا ئوخشاش بارا-بارا چىرىكلىشىپ، ئۇرۇشنى جان بېقىش يولى قىلىۋالغانىدى. چۈنكى ئۇرۇش تۈگىسە خەلقتىن ئالۋان قىلىپ ئالىدىغان ئۇن-گۈرۈچ، قوي-كالا، تەڭگە، يامبۇ...توختاپ قالاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇرۇش باھانىسى بىلەن خەلقنى قىينىغانىدى.

ئۇلار كۈندۈزلىرى ئۇرۇشۇپ قويۇپ كېچىلىرى نۆۋەتلىشىپ بەزمە قۇرۇپ، ئەيش-ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇرۇشنى تاماشىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى.

ئۆزبېك قوشۇنىدىكى چىرىكلىك چېكىگە يېتىپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن سېتىۋالدىجان قوشۇن رەھبەرلىكىدىن ئېلىپ تاشلاندى، يۈسۈپجان قۇر بېشى ھوقۇقنى تارتىۋالدى.

www.kitaphumar.com

يۈسۈپچان دەسلەپتە ھەر بىر ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكتىن، قەشقەر خەلقىنىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەر بولغانىدى، شۇڭلاشقا ئۇ شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ قامەتلىك بوي-بەستى، ئۇستىخانلىق گەۋدىسى، يارىشىملىق شاپ بۇرۇتى، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى، ئارغىماق ئات ئۈستىدە باتۇرانە ئولتۇرۇشى كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى، ئۇنىڭ قالپاقلىق، شاپ بۇرۇتلۇق ئەسكەرلىرى ھەيۋەت ھەشەم بىلەن ئۇنىڭ ئالدى-ئارقىسىدىن ئاتلىق ماڭغاندا ھەممە قاراپ قالاتتى.

3

ئەپسۇسكى يېڭى شەھەر ئۇرۇشىنىڭ يېرىمىدا ئۇ راستىنلا «ھېرىپ قالغان» ئىدى. ئۇ بۇرۇن شىمالىي فرونتتىكى زىخۇيچىلارنىڭ «ئەزرائىلى» بولۇپ ھېسابلانغان بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە «ئۇلارنىڭ دوستى» بولۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ پىچىرلاشلىرىغا قارىغاندا، ئۇ بۇرۇن خەن دارىنىغا ئەسكەر بولغاچقا، «بۇرۇنقى خوجايىنى» نىڭ «مەرھەمەتلىرىگە يەنە بىر قېتىم ئېرىشكەن». يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسىدە تۇڭگانلارنىڭ ئاشلىقى تۈگىگەن يامان چاغلىرىدا ئۇلارنى يۈسۈپچان «ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن» ئىدى. دېمەك، بۇرۇن داۋاملىق شىمالىي سەپنى قورقۇنچلۇق دەپ ھېسابلاپ كەلگەن زىخۇيچىلار كېيىنكى كۈندە ئۇ تەرەپكە ئانچە كۈچ سەرپ قىلمايدىغان بولدى. ئۆزبېكلەرنىڭمۇ خاتىرجەملىكنى ساقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقى يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

شۇ يىلى 10-ئايدا قىرغىز ئوسمان ئالى باش قوماندانلىقتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئۇنى يۈسۈپچان قۇر بېشى تاغدىن تۇتۇپ كەلدى.

ئاردىن ئانچە ئۆتمەيلا 1933-يىلى 12-نويابىردا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، يۈسۈپچان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ گارنىزۇن قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، دەرىجىسى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇردىن تەركىب تاپقان بىر پولك قوشۇنىنىڭ ئېتىبارىمۇ شۇ دەرىجىدە ئۆسكەنىدى.

يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى شەھەر ئۇرۇشى يېڭى باشتىن ئەۋج ئالدى. باشباشتاق زىخۇيچىلار يېڭى باشتىن بارا-بارا تىزگىنلەندى. بەختكە قارشى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى باستۇرۇپ كەلگەچكە، خوجا نىياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپ يېڭى شەھەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلالماي، ئاقىۋەت قەشقەر شەھىرىنىمۇ بوشىتىپ بەردى. يېڭى شەھەر مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. خوجا نىياز ھاجى تۇڭگان ما فۇيۈەننىڭ قوشۇنى قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە ئۆزبېك قوشۇنىنى يېڭى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتكەنىدى. يۈسۈپچان بۇرۇن تۇڭگان قوشۇنلىرىغا سەل قاراپ خوجا نىياز ھاجىنىڭ قېچىپ كېلىشىنى مەسخىرە قىلغان بولسىمۇ، پەيزاۋاتنىڭ شاپتۇل ئەتراپىدا تۇڭگانلار بىلەن تۇتۇشۇپ بەرداشلىق بېرەلمەي قايتىپ كىرگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ غورۇرى

www.kitaphumar.com

ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتتى-دە، تۇڭگانلار بىلەن ئۆز ئالدىغا يەنە بىر قېتىم ئۆز ئالدىغا ئىلىشىماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن خوجا نىياز ھاجىنىڭ يېڭى ھىسارغا بۇيرۇقنى تاشلاپ، 1934-يىلى 28-يانۋار كونا شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ يېڭى شەھەر تازغۇندىن غەربكە قاراپ يول ئالدى.

يول ئارىلاپ مېڭىپ كونا شەھەر تاشمىلىقتا كەلگەندە بازا قۇرۇپ، ئادەملىرىنى بورختاي (بۇلاقسۇ)، توققۇزاق، ھەتتا سەمەن رايونلىرىغىچە تارقاتتى. بۇلار تۇڭگانلارنى بۇ ئەتراپتا تۇتۇۋالماقچى بولغانىدى. ئۆزبېك قوشۇنى تۇڭگانلارنى راستىنلا بۇ ئەتراپتا بىر نەچچە قېتىم ئوبدان كۆتۈۋالدى ۋە قاتتىق ئەدەپلىدى. تۇڭگانلار تەمىنات ئېلىش ئۈچۈن دەسلەپ ئازراق كۈچنى چىقارغان بولسىمۇ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپ چىقىم تارتتى. «ئوغرىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن جازا ئەترىتى» چىقارغانىدى. بۇلار يۇرت ئىچىگە كىرگەندە «ئوغرى» غا يولۇقمايتتى، ئىچكىرىلەپ بارغاندىن كېيىن ئاسماندىن چۈشكەندەك ياكى زېمىندىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئۆزۈن چاپانلىقلار پەيدا بولاتتى-دە، ھايت-ھۇيت دېگۈچە بىر مۇنچە رەقىبنى يەر چىشلىتەتتى.

بۇلار تۇڭگانلار ئۆزىنى ئوڭشاپ كۈچىنى ئىشقا سالغان ھامان كۆزدىن غايىپ بولۇپ، قاياقتا كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، كۈچى گۇناھسىز كىشىلەرگە يېتەتتى، «ئوغرى ساقلىغانلىق» جىنايىتى بىلەن كىشىلەرنى ئېتىپ، نەرسە-كېرەكلەرنى بۇلاپ شەھەرگە قايتىپ كېتەتتى. ئۆزبېك قوشۇنى بارا-بارا شەھەر تۆۋىگە بېرىپ يالغۇز ئۇچرىغان زىخۇيچىلارنى ئاتاتتى ۋە قوراللىرىنى تارتىۋالاتتى. «باش قوماندان» مافۇيۈەننىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنى تۈمەن دەرياسىغا سۇغۇرۇشقا ئېلىپ چىققاندا، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغانلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تارتىپ كېتىلگەچكە، ئاتلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن قوراللىق ئەسكەرنى بىرگە چىقىرىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئاتۇش تەرەپتىمۇ «ھەرىكەت پەيدا بولغانلىقتىن، مافۇيۈەن بىئارام بولۇپ، 6-فېۋرال بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئاتۇشقا قاراپ ئاتلاندى. يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭمۇ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ كونا شەھەر ئىچى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىپ كونا شەھەرنى ئاساسەن بوشىتىپ قويدى.

شۇ كۈنى سەھەردىن باشلاپ ياغقان قارنىڭ ئېرىگەن قىسمى يوللارنى پاتقاق قىلىشقا باشلىغانىدى. شەھەر ئەتراپىدىكى قوشۇندىن قوچقار باي دېگەن باشلىق تۇڭگانلار چىقىپ كەتكەن پەيتتىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئادەملىرىدىن يۈز نەپەر پىدائىينى تاللىدى. بۇلار ئۆزبېك، ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان ئىدى. بۇلار ئىمكان بولسا شەھەرنى تارتىۋېلىش، بولمىسا شەھەردە قالدۇرۇلغان تۇڭگانلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قورال ۋە ئولجىلىرىغا ئىگە بولۇش ھەمدە تۇڭگانلارغا روھىي زەربە بېرىش ئۇلارنىڭ چىقىش نۇقتىئىنەزىرى ئىدى.

بۇلار تېز ۋە چاققانلىق بىلەن شەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقى-يارباغ دەرۋازىسىغا قاراپ چاقماق تېزلىكىدە ئات سېلىپ ماڭدى، دەرۋازىنى قوغداۋاتقان سەككىز نەپەر قوراللىق تۇڭگان ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغانىدى.

قوچقار باي دەرۋازا ۋە سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللارنى ئەپچىللىك بىلەن يىغىشتۇرۇپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شەھەر ئىچىگە قاراپ كىرىپ كەتتى.

ھېيتگاھ مەيدانىغا ماڭغان بىر بۆلىكى ئەنجان رەستىدىكى موسابايوفنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشقان بىرگادا شتابىنى ئىشغال قىلدى.

بۇ يەردە قالدۇرۇلغان ئاز ساندىكى قارانچۇقلار تەسلىم بولدى. قورال ۋە نەرسە-كېرەكلىرى ئولجا ئېلىندى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ھېيتگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قوماندانلىق باش شتابىنى باسقىن قىلىپ، ئۇ يەرنىمۇ ئىشغال قىلىشتى. بۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر يولدىن مېڭىپ كەتكەن بىر بۆلىكى ئايلىنىپ چىقىپ، توققۇزاق دەرۋازىدىكى پولك شتابىنى قولغا چۈشۈرۈپ يېتىپ كەلگەنىدى.

بۇلار ھېيتگاھ مەيدانىغا جايلاشقان 4، 5 جايدىكى تۆگىلارنىڭ روتا شتابلىرىنى قولغا چۈشۈردى. قارانچۇقلارنى يىغىشتۇردى، ئولجىلارنى ئالدى.

بۇلار شەرق-غەرب بويلاپ يۇرۇپ كەتتى، ئۇلار شەتەي يامۇلى بىلەن دوتەي يامۇلىنى نىشان قىلغانىدى.

بۇلار گەرچە بىر نەچچە جايدا ئۇتۇقلارغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي ئورۇن بولغان يۇملاق شەھەر قەلئەسى بىلەن دوتەي يامۇلىنى ئالالمىدى. بولۇپمۇ دوتەي يامۇلى سەھنىسىنىڭ ئۆدۈلىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئىستانكىۋوي پىلموتنىڭ ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يېقىن يولىيالمىدى ھەم خېلىلا چېقىم تارتتى، خېلى تىرىشقان بولسىمۇ ئامال بولمىدى. بۇلار ئىشنى ئويۇنچۇقتەك باشلىغان بولۇپ، گەرچە شەھەرنى ئاسانلا ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شەھەر دەرۋازىلىرىنى ھەم سېپىل ئۈستىنى مۇستەھكەملىمىگەچكە، تېزلىك بىلەن قايتىپ كىرگەن ما فۇيۇەننى شەھەرگە كىرگۈزۈپ قويدى، ئۆزلىرى شەھەر ئىچىگە سولىنىپ قالدى.

بۇلارنىڭ چىقىش يوللىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلانغانلىقتىن، بىر قىسىم ئەنجان رەستىنىڭ پۈتۈنلەي ئىگىلىنىپ بولغانلىقىغا قارىماي، ئات سېلىپلا يارباغ تەرەپكە چېپىپ كەتتى، بىر قانچىسى ئوق ئاستىدا لايغا مىلەندى. ئاساسىي قىسمى يارباغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

قاملىپ قالغانلارنىڭ ئاز بىر قىسمى شەھەر كوچىلىرىغا تاراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاساسىي قىسمى ھەر تەرەپتىن سۈرۈلۈپ كېلىپ، ئارقا ئەنجان رەستىگە توپلاشتى ۋە بۇرۇن «لى جىلىڭ» (باجخانا) دەپ ئاتالغان، كېيىن ئاخۇن بايوپلاردىن ئابدۇرېھىم، ئابدۇللا بايۋەچچە (ئاكا-ئۇكا) لەرنىڭ ئىمارىتىگە كىرىۋالدى. بۇ ئىمارەت گەرچە سېپىلغا يېقىن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئېگىز ياسالغان سەرەج تېمىنى دالدا قىلىپ كەچ كىرگىچە تۆگىلار بىلەن ئېلىشتى. تۇرغان جايلىرى ئەپلىك بولغاچقا، تۆگىلاردىن كۆزگە ئىلىنغانلىرىنى سوقۇپ

www.kitaphumar.com

تاشلىدى ۋە نۇرغۇنلىرىنى چىقمىغا ئۇچراتتى. ئاقۋەت قورال كۆچى بىلەن بىر تەرەپ قىلالمىغان ما فۇيۈەن ھىيلە ئىشلىتىپ، ئەلچى ئەۋەتتى، نەتىجىدە مافۇيۈەن پىدائىيلارنى يالغان قەسەمگە ئىشەندۈردى، ھاياتلىرىغا دەخلى قىلماسلىق شەرتلىرى بىلەن تەسلىمگە قول قويىدى.

نامەرت ما فۇيۈەن «قۇرئان» تۇتۇپ ئىچكەن قەسىمگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇلارنى تۇتۇش ھەمدە ئوفتسېرلىرىنى يىغىشەھەر يولىدا، ئەسكەرلىرىنى دوتەي يامۇلدا 7-فېۋرال كۈنى سائەت 12 لەردە پىلىمۇتقا تۇتۇپ ھالاك قىلىشۋەتتى.

قوچقار باي تەشكىللىگەن ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ بۇ تەۋەككۈلچىلىكى يالغۇز ئۆزلىرىنىلا ھالاكەتكە تۇتۇپ بەردى ئەمەس بەلكى قەشقەر تارىخىدىكى «6-فېۋرال» پاجىئەسىنى مەيدانغا چىقاردى. ما فۇيۈەن قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆزبېك قوشۇنلىرىغا ھېسداشلىق بىلدۈرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ «3 كۈنلۈك قەتلىئام» بۇيرۇقىنى چىقاردى. شەھەردىكى قورالسىز، گۇناھسىز كىشىلەردىن 6000 دىن ئارتۇق كىشىنى دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. يىللاردىن بېرى ئەمگەك قىلىپ تاپقان پۇل-مال، ئۆي-سەرەمجانلىرىنى تالاپ كەتتى. ئايال-قىزلىرىنىڭ ئىپپىتىگە تەگدى. نەچچە يۈزلىگەن ياشنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپلىپ سوقۇشلارنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ھەيدەپ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى.

يۇسۇپچان قۇر بېشى قەشقەردىكى قىرغىنچىلىققا سەۋەبچى بولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن باش ۋەكىل سابىت داموللام ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ سەردارلىرىدىن بولغان ئابدۇراخمان قۇر بېشىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، يۇسۇپچاننى قوشۇندىن تازىلاش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قارار بويىچە يۇسۇپچاننى مەجلىسكە چاقىرتقان. يۇسۇپچان گەرچە مۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئاخشىمى ھوشيارلىق بىلەن، داموللامنىڭ قەشقەر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدىكى كايىشلىرىغا تەييار تۇرغان.

ئۇنى دامولام بىلەن زىرىق قارى ھاجى يىغىسارىدىكى بىر ئۆيدە كۈتۈۋالغان، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، بىرەر سائەتتىن كېيىن دامولام بىلەن قارى ھاجىم تاھارەت قىلىش باھانىسى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن، ئارقىدىنلا خوتەنلىك سەركەردىلەردىن بولغان تاپانچىلىق بىر ئەمىر قولۇڭنى كۆتۈر! دەپ ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلگەن. يۇسۇپچان ئىچكە يوشۇرغان بىراۋنىڭ تاپانچىنى ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرغاچقا، پاك قىلىپلا ئەمىرنى يەرگە يىقتقان. يۇسۇپچان بىر دىسكا ئوقنى دەھلىزگە قارىتىپ ئاتقاندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئوقىدىن كاتىپ X X دېگەن ھالاك بولغان. ئۇ يىگسار يېڭى شەھىرىنىڭ سېپىلىغا چىقىپ ئادەملىرىنى توپلاپ دامولامنىڭ قېشىغا كەلگەن. دامولاممۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىنى بىلمەيدىغانلىقنى ئېيتىپ، ئەيىپنى ئۆلگۈچى ئەمىرگە يۈكلىگەن. يۇسۇپچان ئاز ئۆتمەي تاشمىلىققا قاراپ كەتكەن (قادىر ھاجىم تىلىدىن). ئۆزبېكلەر بۇ قېتىم پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنە ھارۋىسىدىن چۈشمىدى ۋە

تاشمىلىققا چېكىندى، خوجا نىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى خوتەن قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە يېڭىساردا تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنمىغانىدى. ھەتتا خوتەن باشلىقلىرىدىن ئەمىر ساھىپ نۇر ئەھمەتخان 40 كىشىلىك بىر ئەسكىرىي قىسىم بىلەن يېڭى سار ئاسمىنىغا قامىلىپ دەھشەتلىك ئۇرۇش ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، قاراپ تۇرۇشتى. ئاقىۋەت نۇر ئەھمەتخان بىلەن ئابدۇللاخان (شامەنسۇر) نىڭ كاللىسى ھېيتگاھقا ئېسىلدى.

ئۆزبېكلەر بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن گەرچە ئاز مۇددەت ئوپال-تاشمىلىقلاردا يورۇپ تۇڭگانلار بىلەن تىركىشكەن بولسىمۇ، چېكىنگەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىپ كېلىشى يولسۇپچاننى تاشقورغانغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. يولسۇپچانمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن چەتكە قېچىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تاشقورغان چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئىمكان تاپالمىدى. چېگرىنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىغا ئورۇنلىشىۋالغان تاجىك مۇھەممەت زەمىرنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا يول بەرمىدى، ئۇنىڭ قارشىلىقى ئۇنۇم بەرمىدى.

4

1934-يىلى ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېتكە كېتىشى بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ما خۇسەن باشچىلىقىدا قەشقەردىن خوتەنگە چېكىندى. 20-ئىيۇل سىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى 6-دىۋىزىيە قوشۇنلىرى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشتى.

ئۈرۈمچى يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇرۇشنى بېسىقتۇرۇش، يۇرتنى تىنجىتىش» ئۈچۈن ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى قەشقەر بىلەن يەكەن يېڭى شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. پۈتۈن شىنجاڭدا ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلىپ، ھەممە تىنچلىققا قاراپ قەدەم تاشلىدى. جەنۇبتىكى ھەممە قوزغىلاڭچىلار يېڭى ھۆكۈمەتكە باش ئېگىپ تەسلىم بولدى، لېكىن يولسۇپچان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك قوشۇنى ھامان تاشقورغاندا ياتماقتا ئىدى. زامانىنىڭ تەرەققىياتى يولسۇپچانلارنىمۇ تېنىچلىققا چاقىرغاچقا، ئۇنى قوبۇل كۆرمەسلىككە ئامالمۇ قالمىغانىدى.

يولسۇپچان قالغان قۇر بېشلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم كېڭەشكەن بولسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدىكى ئابدۇراھمان قۇر بېشى، ئارىپچان قاتارلىقلارنىڭ تەسلىم بولۇش تىلىكى يولسۇپچاننى مەجبۇر قىلدى، ئاقىۋەت قەشقەر بىلەن سۆزلىشىشكە ماقۇل كەلدى.

سۆھبەت نەتىجىسىدە يولسۇپچانلار قوشۇنلىرىنى ئېلىپ يېڭىسارغا قايتىپ كەلدى. بۇ جايدا سەمەت ھاجى تۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى 6-دىۋىزىيىنىڭ 1-پولكى (كېيىن 31-پولكقا ئۆزگەرتىلگەن) بار بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن كۈتۈلدى. يولسۇپچان قوشۇنىدىكى

مەلۇم كىشلەر (كۆپ قىسمى ئۇيغۇر) بۇ پولكتا قالدۇرۇلدى، قالغانلىرى مارالبېشىدا تۇرۇشقا بۇيرۇلدى.

بۇ كۈنلەردە مارالبېشىدا بىر پولك ئاق ئورۇس ئەسكىرى بار ئىدى، ئۇلارغا پولكوۋنىك چېرنىيوف رەھبەرلىك قىلاتتى. يۈسۈپچانلار ئەنە شۇ رەھبەرنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆردەكلىك دېگەن جايغا كەلگەندە يۈسۈپچان مارالبېشىغا بېرىشتىن يالتىيىپ، ئۇ يەرگە بېرىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. گەرچە باشقىلارنىمۇ بارماسلىققا ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن قالغان قۇر بېشلار بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى ۋە ئەمدى بۇيرۇققا بوي سۇنماي نېمە چارە بار؟ ئەمدى قەيەرگە بارىمىز؟ بىزگە ئۇرۇش قىلساق ھالاك بولۇشتىن باشقا چارە يوققۇ؟ دېيىشتى. ئاقىۋەت يۈسۈپچان ئۆزىگە ئەگەشكەن بىر قىسىم كىشىلىرىنى ئېلىپ يولنى سېرىقبۇيىغا سالدى. قالغان قۇر بېشلار يۈسۈپچاندىن ئايرىلىپ مارالبېشىغا بېرىشقا تەۋەككۈل قىلدى. ئۇلارنى چېرنىيوف باشچىلىقىدىكى ھەربىيلەر قارشى ئېلىپ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا چۈشۈرۈشتى.

بۇلار گەرچە داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىنغان بولسىمۇ، يۈسۈپچان كەلمىگەچكە، ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا توغرا كەلدى. قوشۇن تېزلىك بىلەن ماشىنىغا چۈشۈپ سېرىقبۇيىغا ئاتلاندى.

يۈسۈپچان قۇر بېشى يول ئارىلاپ چىغىر يوللار بىلەن ئۆتۈپ مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا رايونىغا كەلگەندە بىر ئاز ئارام ئالماقچى بولۇپ بازار ئىچىگە چۈشتى. قويلار سويۇلۇپ، قازانلار ئېسىلىپ قازان قايناشقا باشلىدى، لېكىن ئەسكەرلەر غىزالانماي تۇرۇپلا، گۈرۈلدەپ يېتىپ كەلگەن ماشىنا بۇلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. قوراللىق رۇسلار چەبدەسلىك بىلەن تۆت تەرەپنى قورشىۋالدى. بۇ ئەھۋالدىن يۈسۈپچاننىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلدى. لېكىن قارشىلىشىشقا ئىمكان قالمىغانىدى. ئىلاجسىز باشقىلارنى تاشلاپ ئېتىغا مىندى، ئارقىسىشغا 12 ياشلىق بالىسىنى مىندۈردى-دە، ئىككى نەپەر كانۋىيىنىڭ ھەمراھلىقىدا قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئەتراپى رۇسلارنىڭ قورشاۋىدا بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى قويۇپ بەردى-دە، ئىككى قولىدىكى تاپانچىدىن ئوق ئۈزگىنىچە قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى. قارشى تەرەپمۇ ئۇنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن قانچە قىلىپمۇ ئامال قىلالمىدى. ئۇ چۆل تەرەپكە قاراپ ماڭغاچقا، رۇسلا قانچە قوغلىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئېتىغا يېتىشەلمىدى. قۇيۇندەك ئۇچقان بۇ قاچقۇنلار بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى. قوغلىغۇچىلار ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالمىدى.

ئابدۇراھمان قۇر بېشى، ئارىپچان قۇر بېشلار مارال بېشىدا بىر نەچچە كۈن ئارام ئالدى. بۇلارنى ساھىبخانلار ئوبدان كۈتىۋالدى، قىلىنغان ئىھتىراملار بۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتقانىدى. مانا بۇ ياخشى كۈتۈۋېلىش، قىلىنغان ئىھتىراملار بۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى قوشۇننى ئاز كۈن ئىچىدە ئىتتىپاقلاشتۇردى. بۇ ئىش رۇسلارنىڭ سۆزىنى بىلىدىغان ئۆزبېكلەرنىمۇ خاتىرجەم قىلدى. ئۇلار ئارام ئېلىپ ھاردۇق چىقارغاندىن كېيىن ھەربىي دەرسكە تەكلىپ قىلىندى ۋە پىيادە، ئاتلىق، قوراللىق ۋە قورالسىز ھالدا مەشىق قىلىشقا

باشلىدى. رۇسلا ئايرىم جايدا، ئۆزبېك قوشۇنلىرى ئايرىم جايدا مەشىق قىلاتتى. قورالسىز مەشىق قىلغاندا مىلتىقلىرىنى بىر جايغا يۆلەشسىپ قوياتتى، مەلۇم مۇھاپىزەتچىلەر قورالنى قوغدايتتى. دەرس بىر قانچە كۈن داۋام ئېتىپ ئىشەنچسىزلىكلەر بارا-بارا ئىشەنچكە ئايلاندى-دە، ئۆزبېكلەردە خاتىرجەملىك بىر قەدەر كۈچەيدى.

مانا بۇ ئىشەنچ بىر مەزگىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، كۆنلەرنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى ئوينىلىشقا باشلىدى، بۇ كۈنى قورالنى ئادەتتىكىدەك ئورۇنلاشتۇرغان ئۆزبېك قوشۇنى قورالسىز مەشىققە كىرىشىپ كەتتى. رۇسلارمۇ بىر تەرەپتە مەشىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. كەڭ كەتكەن بۇ مەيداندا رۇسچە ۋە ئۆزبېكچە كوماندا ئاۋازلىرى قىزىغان، ئۆز بېكلەرمۇ بارلىق دىققەتلىرىنى ھەربىي مەشىققە بەرگەن ھالدا بىر تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتكەنىدى.

كوماندا ئۇلارنى قوراللىرىدىن خېلىلا يىراقلاشتۇرۇپ تاشلىدى. قورالنى ساقلاۋاتقانلار گەرچە ھوشيارلىقنى قولدىن بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان رۇسلار بۇلارنى قورشىۋالدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مەشىق قىلىۋاتقانلارمۇ قورالىلىقلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ئالاقە ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. قوراللىرىدىن ئايرىلغانلار بىچارىلەرچە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغاندى.

بۇلار مەشىققە تىزىلغان رەت بويىچە ئۆزلىرىنى قاماق لاگېرىدا كۆردى ۋە ئاياغلىرىغا كىشەن، قوللىرىغا تۆمۈر بىلەيزۈك سېلىنغان ھالدا ھەسرەت ۋە نادامەت بىلەن بىر-بىرىگە قارىشاتتى، بولۇپمۇ قۇر بېشىلىرى، كاتتىۋاشلار شۇ كېچىسىلا ئۇجۇقتۇرۇلغانلىقتىن، ئۇلارنى كۆرۈش ئەمەس، ھايات-ماماتلىقىمۇ نامەلۇم ئىدى. بۇلاردىن مەسىلىسى بارلار سوراققا تارتىلدى. ئۇلارغا گۇناھلىرىغا يارىشا جازا بېرىلدى، كەچۈرۈمگە لايىقلىرى بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى، «قۇدرەتلىك» دەپ نام ئېلىشقان ئۆزبېك قوشۇنى ئەنە شۇنداق ئاقىۋەت بىلەن تۈگەشتى.

## خاتىمە

1.سېتىۋالدىجاننىڭ ئاقىۋىتى

سېتىۋالدىجان ئاتا-ئانىسىنىڭ خۇدادىن نۇرغۇن سەدىقىلەر بەدىلىگە «سېتىۋالغان» سۆيۈملۈك بالىسى بولغاچقا بۇ ئىسمنى قويغان.

ئۇ ئائىلىسىدە ۋە مەدرىسىلەردە ئوقۇپ بىلىملىك كىشىلەر قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئىنقىلابقا قاتناشتى ھەمدە تازا نامى چىققان چاغدا ئىسمىنى «ساتىئبەگ» كە ئۆزگەرتتى. بۇ

ئەرەبچىدىن نۇرلۇق دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى بۇ نام بىلەن بېزىگەنىدى. ھەربىي باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكەلدى ۋە قەشقەردە قۇرۇلغان بانكىنىڭ مۇدىرى بولدى.

تۇڭگانلارنىڭ قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەنلىكى سېتىۋالدىجانغىمۇ تەھدىت بولۇپ، قەشقەردە تۇرۇشقا بولمىدى. ئۇنىڭ دادىسى پەرغانىدىكى يۇرتىنى تاشلاپ بۇ دىيارغا مۇساپىر بولغان بولسا، بۇ نۆۋەت ئېخىمۇ چوڭ مۇساپىرچىلىققا قەدەم قويۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى قەشقەر شەھىرىدىكى ئازادە ھويلا-ئىمارەتلىرىنى، شەھەرنىڭ ىقىنىغا جايلاشقان گۈزەل بېغىنى، مال-مۈلكىنى، ھەتتا بالا-چاقا، بىر تۇققانلىرىنى تاشلاپ ھىندىستانغا كېتىشكە توغرا كەلگەنىدى.

ئۇ مۇشۇنداق مەجبۇرىيەتلەر ئاستىدا قالغان بولغاچقا، قەشقەردىن مۇھەممەت ئىلى ھاجىم شاڭخەي، ئابدۇرېھىم بايۋەچچە، ئەخمەت ئاخۇن (پاختا)، جاڭ قورغان غوپۇر ھاجى... قاتارلىق كىشلەر بىلەن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ قەشقەردىن چىقتى-دە، تاشقورغاندىن ئۆتۈپ گىلگىت شەھىرىگە يېتىپ باردى. گەرچە بۇ يەردىكى يۇرتداشلارنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يول خېتى (پاسپورت) بارلار ئۆتۈپ كېتىپ، يول خېتى يوقلار قايتۇرۇلغانىدى.

سېتىۋالدىجان قايتۇرۇلغانلاردىن بولغاچقا، ئىلاجسىز قايتىپ چېگرىدىن ئۆتىشكە ھەربىيلەر ئۇنى تۇتۇپ تاشقۇرغان ئارقىلىق قەشقەر باندىتلارنى تازىلاش قوماندانلىق شتابىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ چاغ 1934-يىلىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى ئىدى.

سېتىۋالدىجان بىر نەچچە ئون كۈن قەشقەر يېڭى شەھەردە قاماقتا ياتقاندىن كېيىن ، يوپۇغۇلۇق ئەيسا ھاجىم دېگەن كىشى بىلەن بىرلىكتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

سېتىۋالدىجان قەشقەرگە كېلىشتە مەھمۇت سىجاڭغا ئۈمىد باغلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ھايات قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىدى، ھەتتا مەھمۇت سىجاڭ بىلەنمۇ يۈز كۆرۈشەلمىدى، بۇلارغا ئۇشتۇمتۇتلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنىدى.

2.يۇسۇپچان قۇربېشى سېرىقبۇيىدا رۇس مۇھاسىرىسىدىن قېچىپ غايىپ بولغانلىقتىن، جەنۇبتىكى ھەر بىر شەھەر، ھەتتا يېزىلارغىچە «يۇسۇپچان قاچتى، كىم تىرىك تۇتۇپ كەلسە 10 مىڭ سەر، كاللىسىنى ئېلىپ كەلسە 5000 سەر، بار جايىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسە 2000-3000 سەر قەشقەر پۇلى (خاپىۇ) مۇكاپات بېرىلىدۇ...دەپ ئېلانلار چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېرىكىنى ھېچكىم ئالالمىدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇ قاچقان پېتىچە مەكتكە كەلدى ۋە «چوڭقۇرچاق» دېگەن يېزىدا تۇرۇپ ئۇ يەردىكى ئۆزبېك ئىشان بىلەن تېپىشتى.

بۇ ئىشان خەلق ئىچىدە سوپىلىق بىلەن خېلىلا ئېتىبار قازانغان كىشى بولۇپ، يۇسۇپچان بىلەن يېقىن تونۇشلۇقى بار ئىدى. ئىشان يۇسۇپچاننى ھىمايىسىگە ئېلىپ بازاردىن خېلىلا يىراق بىر قۇملۇق ئىچىگە يوشۇردى.

يۇسۇپچان قۇملۇق ئارىسىدىن كولانغان بىر گەمىگە بېكىنىپ ياتتى، ئىشان تەرەپتىن مەزۇن دېگەن بىر سوپى بۇلارغا قارايتتى ۋە ئوزۇق-تۈلۈك، لازىملىق نەرسىلەرنى يوشۇرۇنچە يەتكۈزۈپ تۇراتتى. يۇسۇپچانمۇ ئېھتىياجلىق نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن تىللانى ئۇچۇملاپ بېرىپ تۇراتتى. ئىشان جانابلىرى سوپى ئارقىلىق ئۇلارنى تەمىنلەيتتى. يۇسۇپچان بۇ گەمىدە ئىككى، ئۈچ يىللاپ ياتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى نۆۋەت بىلەن گەمە ئاغزىدا قوراللىق كۈزەتتە تۇراتتى، سوپى ئەنە شۇ قاراۋۇللار بىلەنلا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ مەھبۇسلۇق بارا-بارا ئادەملەرنى زېرىكتۈردى، بولۇپمۇ يۇسۇپچاننىڭ باش تەكىيىسىدە جىرىڭلاپ ئېچىلىدىغان كىچىك پولات ساندۇقتىكى «ئانارنىڭ قىزىل دانچىلىرى» نى كۆرۈپ قالغان مەھرىمنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ سوپى بىلەن بىرلىشىپ چىڭقى چۈش ۋاقتىدا يۇسۇپچاننىڭ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ گەمە ئىچىگە كىرىپ يۇسۇپچان بىلەن يەنە بىر شېرىكىنى چاناپ ئۆلتۈردى.

ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قولى بىلەن پولات ساندۇقنى ئاچقاندا ئۇنىڭغا لىقمۇلىق قاچىلانغان تىللا بۇلارنىڭ كۆزىنى ئالاق-جالاق قىلىۋەتتى. ساندۇقنىڭ ئاغزىدىكى بىر دانە بىراۋنىڭ تاپانچىنى بالا قول سېلىپلا ئېلىۋالدى-دە، بۇلارنى ئاتماقچى بولدى. لېكىن بۇلار چاققانلىق قىلىپ قوللىرىدىكى پالتا بىلەن بالىنى ئۇرۇپ يىقىتتى ۋە چاناپ ئۆلتۈردى.

بۇ ۋەقە ئىشاننىڭ ئىشارىتى ۋە تەشەببۇسى بىلەن بولغان بولغاچقا، سوپى ئارقىلىق مەھرەممۇ گەمە ئىچىگە يىغىشتۇرۇلدى. «دۇنيا بىرىنچى نەرسە، ئۇنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئىتلەردىندۇر» دېگەن پەتىۋا بويىچە، ئىشان تىللانىڭ كۆپ قىسمىنى ئېلىۋېلىپ، سوپىغا ئازراق بېرىپلا جىمىقتۇردى. سوپىنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولغاچقا، ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ ئازغىنە «سوۋغات» ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمىدى، بۇ سىرنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىش بىلەن ئىشاننى ساقچىغا چاقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشان قولغا ئېلىندى، تىللالار مۇسادىرە قىلىندى، سوپىمۇ قاتىللىق جىنايەت بىلەن قاماققا ئېلىنىپ، دۇنيادىن ھەسرەت بىلەن ئايرىلدى.

سۇپۇرسە ساھىبى ئۆينى بىيەكبار،
ئۆرۈمچۈك ھەم كېتەر، ھەم سەيد، ھەم تىلى

(ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى بىراقلا سۇپۇرسە، تور تارتقۇچى ئۆمۈچۈكمۇ بىراقلا كېتىدۇ، تۇتقان چىۋىن قاتارلىق ئوۋلىرىمۇ كېتىدۇ، ئۇنىڭ تارتقان تورلىرىمۇ يوقىلىدۇ)

www.kitaphumar.com

«سۇبباتۇل ئاجىزىن» دىن

## خۇلاسە

شۇنداق قىلىپ 1931-يىلى جىن شۇرېننىڭ قانلىق ئىستىبداتىغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلابىنىڭ قەشقەر رايونىدىكى نەتىجىلىرى مانا شۇنداق كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن ھەمنەپەس بولدى. شۇنچە تۆكۈلگەن قان، بېرىلگەن قۇربان، تارتقان جاپا-ئەلەم بىرلا سۈپۈرۈلۈش بىلەن تامام بولدى.

## ئىزاھلار

[1] ئەيسا ھاجىم خانئېرىق يەكشەنبە بازارلىق ئادەم بولۇپ، باي ۋە خوجا ئەۋلادى ئاتالغان، يۇرتىنىڭ تونۇلغان كىشىسى ئىدى. ئۇ ئىنقىلاب مارالبېشىدىن ئۆتكەندە، قوزغىلاڭچىلار باشلىقى تۆمۈر ئېلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشكەن ۋە يۇرتتىن ئالغان بىر تۈەن ئەسكەرگە باشلىق بولغان.

ئۇ يەكەندىكى ھاپىز لۈيجاڭنىڭ باشقۇرىشىدا يەكەندىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان ۋە يېڭى شەھەر ئۇرۇشىغىمۇ ئاكتىپ قاتناشقان، ھەتتا ئۇزۇن شوتىلارنى ياساپ سېپىلدىن چىقماق بولۇپ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىكى تۇڭگانلار قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە، ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ قېچىپ يۈرۈپ جان ساقلىغان بولسىمۇ، سىلىنىڭ لوبىن كەلگەندىن كېيىن، تۇتۇپ كېلىنىپ قاماپ قويۇلغان.

[2] بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پەيزىۋات بىلەن مارالبېشى ئارىلىقىدىكى «ئۆردەكلىك» دېگەن جايدا ئەنە شۇ ئىشان تەرىپىدىن يوشۇرۇلغان ئىكەن.

[3] بەزىلەر بۇ ئەھۋال پەيزىۋاتنىڭ «ئۆردەكلىك» دېگەن جايىدا يۈز بەرگەن دەيدۇ. ۋەقەلىك ئوخشاش بولۇپ قايسى جايدا بولغان بولسۇن، ئەھۋال شۇنداق بولغانىدى.

مەنبە: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2000-يىللىق 2-سان

www.kitaphumar.com

# شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 1936-يىلىدىن باشلاپ كۇچادا ئېلىپ بارغان زور تۇتقۇن

ئەھەت نايۇپ

(بۇ ئەسەر تارىخشۇناس شېرىپ خۇشتار ئەپەندى تەرىپىدىن تۈزۈتۈلۈپ ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ تارىخ-مەدەنىيىتى» ژورنىلىنىڭ 2013-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان)

ھاياتىمدا كۆرگەن، ئىشلىگەن، ئاڭلىغان ئىشلاردىن ئەسلىمە:

[مەن ئەسلىدە كۇچارلىق. 1913-يىلى كۇچادا ئېچىلغان 6 سىنىپلىق تۇنجى پەننىي مەكتەپنىڭ كېيىنكى قارارىدا ئوقۇغان. 1934-يىلى كۇچادا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا كۇچار 2-قارار دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىردىم. ئوقۇش جەريانىدا دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ئابلىمىت ھاجى نىيازى دېگەن كىشى، زوردىن شېرىپ، مەمتىمىن بايىز ۋە مەن (ئەھەت نايۇپ)نى نۇقتىلىق تەربىيىلىدى. ئۇ ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا ئېلىپ باراتتى. مېنىڭ كۆزۈم شۇ يەردە ئېچىلدى. مەن ئۆز تەرجىمە ھالىمنى كۆرگەن، قىلغان، ئاڭلىغان ھاياتلىق سەپەرىمنى- ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىدىن باشلىدىم]

1934-يىلى كۇچادا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا، ئابدۇللەمباي رەئىس، موللا مۇھەممەت ھاجىم مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە مائارىپ مۇدىرى ئىدى. ئابدۇلھەمىتخان مەخسۇم سابىرى باش كاتىپ، ئابۇلھەمىتخان ھاجى نىيازى ياردەمچى كاتىپ ئىدى. ئابدۇلھەمىتخان مەخسۇم يەنە دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇ كىشى ئۇستا خەتتاپ بولۇپ، ئۆزى ھۆسنى خەت دەرسى ئۆتەتتى. 1935-يىلى مەن دارىلمۇئەللىمىن 2-قارارغا ئوقۇشقا كىردىم. ئابدۇلھەمىتخان مەخسۇم دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن زوردۇن شېرىپ، مەمتىمىن بايىز ۋە مەن ئۈچىمىزگە نۇقتىلىق تەلىم بەرگەنىدى. ئابدۇلھەمىتخان ھاجى نىيازى ھەركۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، مېنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا بىرگە ئېلىپ باراتتى. ئىدارە-جەمئىيەت، مەكتەپلەرگە يازىدىغان خەت ئالاقىلەرگە ئابدۇلھەمىتخان ھاجى نىيازى كۆپىيە تارتىپ ماڭا بېرەتتى. مەن ئاق كۆچۈرۈپ تەييارلايتتىم. ناماز شام بولۇشى بىلەن كاتىبات ئىشخانىسىغا 300 ۋاتلىق بىر گازۋاي چىراغ، رەئىس ئىشخانىسىغا 500 ۋاتلىق 2 گازۋاي چىراغ يېقىلاتتى. شۇ كۈنلەردە ھەركۈنى ئاخشىمى

نامازشامدىن كېيىن رەئىس ئىشخانىسىغا ئادەم كىلىشكە باشلايتتى. چوڭ دەرۋازىنى تاقاپ، كىچىك ئىشىكنى يىپىپ قوياتتى. ئىشىكنىڭ ئىچى تەرىپىدە ئۈيۈشما ئىشچىسى تۆمۈر ئەپەندى پۇستتا تۇراتتى. كەلگەن كىشى كىچىك ئىشىكنى چېكەتتى. تۆمۈر ئەپەندى ئىشىكنى ئېچىپ، «هە، كىرسىلە» دېگەندىن كېيىن كەلگەن كىشى ئىچكىرىگە كىرەتتى. قارىغاندا تۆمۈر ئەپەندى مەجلىسكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى تونىسا كېرەك. تونۇمىغان كىشىنى كىرگۈزمەيتتى. بۇ ۋاقىت 1935-يىلى 9-ئايلار ئىدى. ھەركۈنى خۇپتەندىن كېيىن، رەئىس ئابدۇللەمباي، موللامۇھەممەت ھاجى، ئابدۇلھەمىتخان مەخسۇم، تۇرسۇن ئەپەندىم(تەكتى خوتەنلىك)، ناسىر ھاجىم، ئىسلامباي، نەجمىدىن ھاجىم، مەمتىمىن شاڭزۇڭ، مۇساىيىپ شاڭزۇڭ، تىيىپ شاڭزۇڭ، ھېكىم شاڭزۇڭ، ھاشىم قازى ئاخۇنۇم، يۇنۇس ئاخۇنباي، مالىيە مۇدىرى ھىمىت ئاخۇن، ھامۇت ھاجىم، ساي بۇيىدىن ئەھرۇللاخان شاڭزۇڭ، رۇزەم دۆبېگى، ماموت بەگ، رىزايۇپ ئەپەندىم، ساۋۇت ئاخۇن (سۆگەت كوچىدىن)، توختى ھاجىم (ئارقا سايباغدىن) قاتارلىق 20 نەچچە كىشى بىردىن، ئىككىدىن كېلىپ، چوڭ ئىشخانىسىغا يىغىلاتتى. بۇ ناھايىتى مەخپىي مەجلىس بولۇپ، كۆپىنچە ئابدۇللەمباي رىياسەتچىلىك قىلاتتى. توختى ھاجىم مەجلىسنىڭ بىردىن-بىر مۇھىم ئادىمى بولۇپ، مەجلىستە توختى ھاجىم كۆپرەك سۆزلەيتتى. ئۇ توغرىسى 30، ئۇزۇنلۇقى 70-80cm كېلىدىغان ئاق قەغەزگە يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ئوقۇپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى. توختى ھاجىم 50 ياشتىن ئاشقان قارامتۇل، ئېگىزرەك كىشى بولۇپ، ئارقا سايباغدا ئېسىل ئىمارەت، باغ-ھويلىسىدا بار ئىدى. ئۇرۇمچى بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا سودىگەرچىلىك قىلىپ خېلى بېيىغان، نامى بار، دىنى جەھەتتە خەت ساۋادى تولۇق، كىچىكرەك مەستچىتكە ئىمام بولغۇچىلىك دىنى مەلۇماتى بار كىشى ئىدى. توختى ھاجى سۆزلىگەندە ھەممەيلەن دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. بىزنىڭ ئىشخانىمىز بىلەن رەئىس ئىشخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىشىك بولۇپ، بەزىدە ئوچۇق تۇراتتى. بەزىدە يېپىلىپ قالاتتى. ئۇلار بىز ئىككىمىزدىن ئانچە تارتىنىپ كەتمەيتتى. مەن كىچىك بولغاچقا رەئىس ئىشخانىسىغا پەقەت كىرمەيتتىم. ئابدۇلھەمىتخان ھاجى نىيازى خەت ئالاقىلەرگە ئىمزا قويدۇرۇش ئۈچۈن كىرىپ چىقىپ تۇراتتى. كەچ سائەت 11لەردە مەجلىس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار بىردىن ئىككىدىن تارقىلىپ چىقىپ كېتەتتى. ئابدۇلھەمىتخان بىلەن ئىككىمىز سائەت 12 بىلەن ئۆيىمىزگە كېتەتتۇق. بۇ مەجلىس بىرئايدەك داۋام قىلدى. بەزىدە بۇ مەجلىسكە ئىلگىرى كېلىپ باقمىغان 3-4 نەپەر يوچۇن ئادەم كېلىپ قاتنىشاتتى. بىر كۈنى مەن ئابدۇلھەمىتخاندىن «ئاۋۇ يېڭى كەلگەن ئادەملەر نەدىن كەلگەن ئادەملەردۇ؟» دەپ سورىسام، ئابدۇلھەمىتخان «بىرسىنى تونىدۇم، ئىككىنچىسىنى تونىمىدىم. ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئادەملە بولسا كېرەك» دەپ قويدى. 1935-يىلى 11-ئايلاردا ئابدۇللەمباي كۇچاغا ھاكىم بولدى. ئۈيۈشمىدىكى رەئىسلىك ئورۇن ۋاقىتلىق بوش قالدى. مەن يەنە 2-3 ئاي ئىشلىدىم. ئاڭغىچە

1936-يىلى كىرىپ قالدى. شۇ چاغدا كۇچادا 6 سىنىپلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. مەن دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇئەللىم بولدۇم. 1936-يىلىنىڭ باشلىرىدا توختى ھاجىم تويۇقسىزلا يوقاپ كەتتى. بەزىلەر قولغا ئېلىنىپ كېتىپتىمىش دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە مەخپىي ئۈرۈمچىگە كەتكەن ئىكەن. توختى ھاجىم يوقاپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1936-يىلى 3-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە ئۈچ كېچە كۇچادا زور تۇتقۇن قىلىش ۋەقەئەسى يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى تۇتقۇن قىلىشتا كۇچادىن 100 دەك ئادەم ھەپسىگە ئېلىنىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى چوڭ تۇتقۇنغا كۇچا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باشلىقى زۇپەر مۇناسىپ بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى.

1936-يىلى كۇچا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ھازىرقى كۇچا ناھىيە كونا شەھەردىكى ساقساقنىڭ شىمالىدىكى جادارىن①نىڭ شەخسىي قوراسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. زۇپەر تاتار بولۇپ، بۇرۇن چۆچەكتە تۇرغان ئىكەن. زۇپەر كۇچا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ تۇرغاندا ئۇنىڭ قول ئاستىدا 20 نەپەر ساقچى ئوفىتسىر، 30 نەپەر ساقچى ئەسكەر بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئابدۇللا ئۆمەرۇپ②قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق پولك زۇپەرنىڭ ئارقا تىرىگى ئىدى. بۇ پولك ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل قىلىنغان. 1934-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى يامان سۇ ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىپ، 1935-يىلى كۇچاغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. بۇ پولكنىڭ روتا كوماندىرى مەھەممەت ئەھمىدوۋ بىر روتا ئەسكەر بىلەن ئابدۇللا دۆبىگى(جادارىن) نىڭ ئارقا بېغىدا ساقچى ئىدارىسىنى قوغداپ تۇراتتى. مەھەممەتجان لىيەنجاڭنىڭ روتىسىدا قىرغىز ئىبراي③ پەيجاڭ(ئىزۋوت كوماندىرى)، شايارلىق ئابدىقادىر پەيجاڭلار بار ئىدى. بۇلار ئادەم تۇتقىلى چىققانلارنى قوغداپ بىللە چىقاتتى. زۇپەرنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ساقچى ئىدارىسىدىن ئادەم تۇتۇشقا مەسئۇل بولغانلار ھۇشۇر ھاجىم، قەشقەرلىك ئۇبۇلقاسىم قاسىموۋ، كورلىلىق ئۆمەر ساۋۇت قاتارلىق ساقچى ئوفىتسىرلىرى ئىدى. ھوشۇرھاجى توقسۇلۇق چوڭ باي ۋە چوڭ ئاخۇن ئابدۇزارى موپتى ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدە دۇبەن مەھكىمىسىدە ئېچىلغان 3 ئايلىق ئالاھىدە ساقچى ئوفىتسىرلار كۇرسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كۇچا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئەۋەتكەنىدى. ئادەم تۇتقىلى چىققانلار 2-3 نەپەر ساقچى ئەسكەر بىلەن بىر قوراغا كىرسە، شۇ ئانلا بىر پەي ئەسكەر شۇ قورۇنىڭ ئەتراپىنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇراتتى. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسلانغاندا ھۇشۇرھاجىم ئادەم تۇتقىلى بارغان ئۆيلەر كۆپرەك، ئۇبۇلقاسىم شۇن گۈەن بىلەن ئۆمەر سابىت سۇن گۈەن بىر ئالاھىدىلىكى قولغا ئېلىنىدىغان ئادەمگە ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرىغا ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلغان. ئۇلارنى قورقۇتمىغان. قولغا ئالىدىغان ئادەم ئۆيدە يوق بولۇپ قالسا، «سەن ئېرىڭنى تېپىپ

بېرىسەن» دەپ ۋارقىراپ جاقىرمىغان. بەلكى «ئۆيگە كەلسە بىزگە خەۋەر بەرسىلە، ياكى ئۆزى ساقچى ئىدارىسىگە بارسۇن، جۇيجاڭنىڭ سۆزى بار ئىكەن» دەپ ئېيتىپ قويۇپلا قايتىپ كەتكەن. ئەمما ھۇشۇرھاجىمدىن باشقىلىرى بەكمۇ قوپاللىق قىلغان. قولغا ئېلىنىدىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ھامان قولغا ئېلىنغان كىشىنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، ئاغزىنى لۆڭگە بىلەن تېڭىۋېتىپ، خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۆيگە سولىۋېتىپ، بىر-بىرىگە چېتىپ باغلاپ «ئاۋازىڭنى چىقىرىشساڭ ئېتىۋېتىمەن» دەپ تەھدىت سېلىپ، ئىشىككە پوست قويۇپ، قولۇپ سېلىپ ئاندىن ئۆي ئىچىنى تىنتىماكاتاڭ قىلىپ ئاقتۇرۇپ، پۇتۇن خەت-چەكلەرنى، پۇل-پۇچەكلەرنى، ساندۇقتىن چىققان ئالتۇن، كۆمۈشلەرنىمۇ تاتارغا تىقىپ ئېلىپ كەتكەن.

1935-يىللىرى كوچادا خەلق ئىچىدە:«ھازىر ھۆكۈمەت خەلق ئىچىگە مىسا (قۇلاق) قويۇپتۇ. بۇلار چايخانا، ئاشپۇزۇللارغا، توي-تۆكۈن، مەرىكىلەرگە، يىغىن-چۆگۈنلەرگە بېرىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالدى كەينىدە ئۆسەك سۆز قىلغانلارنى كۆزىتىپ، ھۆكۈمەتكە مەخپى مەلۇم قىلىدىكەن. ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى تۇتۇپ كېتىدىكەن. قىغدۆڭلۈك ياسىن پۇچۇق، گۈلباغلىق توقاجاڭجۇڭ، مەپىكەش ئامبال تاز(ئىسمى ئېنىق ئەمەس) مىسا پوبتىمىش-ئەپەندىلەر ئىچىگە پاختا بازىرلىق سىدىق ئەپەندىنى مىسا قىلىپ قويۇپتىمىش» دېگەن گەپ سۆزلەر ئېقىپ يۈرگەن.

1936-يىلى 3-ئاينىڭ 20-كۈندىن باشلاپ كوچادا تۇتقۇن قىلىنغانلار ئاساسەن يۇرت چوڭلىرى، چوڭ بايلار، چوڭ ئاخۇنلار ۋە زىيالىيلار ئىدى.

1936-يىلى 3-ئايدا تۇتقۇن قىلىنغانلار:

1) ئابدۇللەمباي: 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا كوچادا ئۆتكەن مەشھۇر باي ئۆمەر ھاجىمنىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ مىراسى ۋە سودا ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان چوڭ باي ئىدى. خېلىلا چوڭ يۇڭ زاۋۇتى بار ئىدى. ئابدۇللەمباي 1934-يىلى كوچا ناھىيىسىدە ئۇيغۇر مەدەنى ئاقارتى ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى بولغان. 1935-يىلى كوچا ناھىيىسىگە ھاكىم بولغانىدى. قولغا ئېلىنغاندا 40 ياش ئەتراپىدا ئىدى.

2) ناسىر ھاجىم: ئەسلى يۇرتى قەشقەردىن بولۇپ، كوچادىكى2-دەرىجىلىك بايلاردىن ئىدى. قەشقەردە ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى.

3) ئەمەت ھاجى: ئەسلى قەشقەردىن بولۇپ، كوچادىن چوڭ بايلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ھازىرقى ئىشخىلا يېزا كۆك گۇمباز كەنتىنىڭ ساي بويى تەرىپىدە 1500 دەك ئىشچى ئىشلەيدىغان يۇڭ زاۋۇتى بار ئىدى.

4) ھاشىم قازى ئاخۇنۇم: كۇچا ناھىيە كونا شەھەر ساقساقتىن، دىنى بىلىمى چوڭقۇر، سۆزمەن، يۇرەكلىك ئادەم ئىدى. يىغىنلاردا كۇچادىكى دىنى زاتلارغا ۋاكالىتەن سۆزگە چىقاتتى. بەك ئورۇنلۇق سۆزلەيتتى.

5) مەرەم غوجا: 1864-يىلى كۇچادا قوزغالغان راشىدىن خان ھاكىمىيىتى دەۋرىدە مىس كان ئېچىپ پۇل قويدۇرغان غېنىزات غوجامنىڭ ئوغلى.

6) ھامۇت مەلىۋى داموللام: كۇچا ناھىيە ئۆزۈن يېزىسىدىن، ياش ۋاقتىدا ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدىكى دىۋبەند دارىل ئۇلۇمدا 10 نەچچە يىل ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، مەۋلىۋى داموللا ئۇنۋانى بىلەن 1930-يىلى ئەتراپىدا كۇچاغا كەلگەن. 1935-يىلى كۇچادا دارىل مۇئەللىمىنگە مۇئەللىم بولۇپ، ھەرھەپتىدە 4 سائەت دىنى دەرس بېرەتتى. شۇ ۋاقىتتا مەنمۇ ئوقۇيتتۇم. ئولتۇرغى قىغدۆڭدىكى مىجىت قازى ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىسىدە ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ھامۇت مەۋلىۋى داموللام 40 نەچچە ياشتا بار ئىدى. كۇچادىكى چوڭ تۇتقۇن بولغان كۈنلەردە ۋاقىتلىق ساقساقتا ئولتۇرۇۋاتقان ئىكەن. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى كېچىسى ئادەم تۇتقىلى بارغاندا، ھامۇت مەۋلىۋى داموللام ئۆيىدە يوق ئىكەن. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە، ھامۇت مەۋلىۋى داموللام تون سەرپايلىرىنى كىيىپ، ئېتىغا مىنىپ ئاش ۋاقتى بىلەن ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ھەم شۇ يەردىلا قولغا ئېلىنغان. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ،كۇچاغا يېنىپ كەلگەن.

7) مىجىت قازى ئاخۇنۇم: كۇچا شەھەر ئىچىدىن بولۇپ، باش ۋاقتىدا قەشقەردە دىنى مەدرىستە ئوقۇغان. قوشۇمچە تۈركىيە ئالىي مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن چوڭ زىيالىيلاردا ئوقۇغان. 1924-يىلى ئەتراپىدا كۇچاغا قايتىپ كەلگەن. كېيىن مەھكىمە شەرئىگە قازى بولغان.

8) ئابلىمىتخان مەخسۇم سابىرى: ئاكىسى مىجىت قازى ئاخۇنۇم بىلەن بىرگە قەشقەردە بىر ئىككى يىل مەدرىستە ئوقۇغاندىن كېيىن، مەدرىستىن چىقىپ مەجىددىن ئەپەندى، ھىسامىدىن ئەپەندى، ئېھسان تەۋپىق ئەپەندى، ئەھمەد فەرىد ئابباس قاتارلىق تۈركىيە زىيالىلىرىدا كۆپرەك ئوقۇغان. بولۇپمۇ، قەشقەردە بىر ئىككى يىل مەخسۇس مۇفرىدات ئوقۇپ ئىنتايىن چىرايلىق ھۆسىن خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن. كېيىن ئاتۇشقا چىقىپ مەمتىلى ئەپەندىمدىن 2-3 ئاي تەلىم ئالغان. كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن خانىقا جامەسىنىڭ ئىچى-تېشىدىكى ھۆسنى خەتلەرنى يېزىپ، داڭ چىقارغان. 1933-يىلى 1-ئايدا ئابدۇلھەمىت خان مەخسۇمنىڭ تەشەببۇسى ۋە يېتەكچىلىكى بىلەن كۇچادا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇلۇپ، 2 يىل ئىچىدە كۇچاغا 300 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. كۇچا مائارىپىغا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. ئابدۇلھەمىت جان مەخسۇم 1936-يىلى 3-ئايدىكى چوڭ تۇتقۇندا

كۇچا ساقساقتىكى ئۆيىدىن قولغا ئېلىنىپ كەتكەن. 1943-يىلى ئۈرۈمچىدە تۈرمىدىن چىقىپ، غۇلجىغا كېتىپ 1944-يىلى غۇلجىدا بەزگەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

9) خۇدىياردا موللام: مەشھۇر مۇرەتتەپ قارى بولۇپ، قەشقەردە ئۇزۇن يىل تۇرغان. كۇچاغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، كۇچادىن ئۆيلەنگەن. 1936-يىلى 3-ئايدا قەشقەرگە بارماق بولۇپ يولغا چىققاندا كۇچا بىلەن باي ئوتتۇرىسىدىكى داۋاندىن تۇتۇپ كەلگەن.

10) نەقى قارى ھاجى سوپى زادە: ئەسلى قەشقەردىن بولۇپ، تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە ئوقۇغان ھەم بىر قانچە يىل تۇرغان. 1920-يىلى ئەتراپىدا قەشقەرگە قايتىپ كەتكەن. قەشقەردە نامى چىققان مەشھۇر ئادەم ئىدى. 1936-يىلى بۇ كىشى تۇرپانغا بارماقچى بولۇپ، قەشقەردىن يولغا چىقىپ، كۇچادىن ئۆتۈۋاتقاندا بىر نەچچە كۈن تۇرغان ناھايىتى كۆپ ئادەملەر ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكىلى بارغان. شۇ ۋاقىتتا بىر كېچىسى زوپەرنىڭ ئادەملىرى رەستىدىكى ئابدۇۋاھىت ھاجىمنىڭ سارىيىدىن قولغا ئېلىپ كەتكەن.

11) ئىبراھىم ئەپەندى: ئەسلى ئاتۇشتىن، ئاتۇشتىكى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ 1-قاراردىكى شاگىرتلىرىدىن ئىدى. بۇ كىشى 1934-يىلى كۇچادا قۇرۇلغان تۆمۈرغازى مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان.

12) مەۋلانجان ئەپەندى: ئەسلى ئاتۇشتىن بولۇپ، 1934-يىلى كۇچادا قۇرۇلغان تۆمۈرغازى مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىدى. بۇ كىشى ئىبراھىم ئەپەندى بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىپ كەتكەن.

13) ئەمرۇللاخان شاگىرۇك: ئەسلى قەشقەر كونا شەھەردىن. شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرغى كۇچا پاختا بازىرىدا بولۇپ، ئاتاقلىق بايلاردىن ئىدى. بۇ ئادەم كۇچانىڭ پىلە غوزىكىنى سېتىۋېلىپ، قەشقەرگە يۆتكەپ يىپەك تارتقۇزۇپ ھىندىستانغا چىقىراتتى. بۇ كىشىنىڭ خېلى ئوبدان پەننى بىلىم سەۋىيىسى بولۇپ، مائارىپپەرۋەر ئادەم بولغاچقا 1934-يىلى قىلىچ ئاتام مەسجىتىنىڭ 200-300 كۋادرات ۋەخپى يېرىگە ئۆزىنىڭ 200-300 كۋادرات مېتىر شەخسىي يېرىنى قوشۇپ، ئۆزپۇلى بىلەن 3 سىنىپلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىككى ئائىلىلىك ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى سالدۇرۇپ، ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىپ، 100دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر-قەلەملىرىنى تەمىنلەپ، كۇچا مائارىپى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئولتۇرقى مەكتەپكە يېقىن بولغاچقا ھەركۈنى دېگىدەك سىنىپقا كىرىپ، «ياخشى ئوقۇڭلار، بىلىم ئېلىڭلار، كەلگۈسىدە ئالىم بولۇڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇراتتى.

14) مامۇت بەگ: كۇچا كونا شەھەر ناغراخانىدىن،

www.kitaphumar.com

15) سالاھىدىن ئاخۇن: (ئۆزبېك) ئەسلى ئەنجاندىن 1917-يىلى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلدە قىرغىزلار بىلەن بىرگە قەشقەرگە كېلىپ، كېيىن كۇچا شەھەر ئىچىدىكى ناغرىخانىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇ ئادەم باي ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرى كۆپ بولغاچقا، مەسجىت ئالدىدا نەزىر-چىراق، يىغىن-چۆگۈنلاردا بۇخارا، نەمەنگان، سەمەرقەنت ئالىملىرىنىڭ گەپلىرىنى ۋە شۇ يەردە بولغان سوقۇش توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى.

16) موللا مەھەممەت ھاجىم: ئەسلى ئاتۇشتىن، 1934-يىلى كۇچا ناھىيىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە مائارىپ مۇدىرى بولغان.

17) تۇرسۇن ئەپەندى: ئەسلى خوتەندىن. كۇچا دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

18) ئابدۇجاپپار ئەپەندى: ئەسلى ئاتۇشتىن. 1920-يىلى ئەتراپىدا تاشكەنتكە چىقىپ كېتىپ، 1933-يىلى تاشكەنتتىن چۆچەككە كەلگەن. ئاندىن كورلىغا كېلىپ بىر يىل تۇرۇپ، 1934-يىلى كۇچادا سانايى نەفىسە قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان ھەم دىرېكتور بولغان.

19) ئابدۇرېھىم ئاخۇن: ئەسلى ئاتۇشتىن 1934-يىلى ئابدۇجاپپار ئەپەندى بىلەن بىرگە كۇچاغا كەلگەن ھەم سانايى نەفىسەدە ئىشلىگەن.

20) نەجمىدىن ھاجىم: ئاتۇش سۇنتاغدىن. 1933-يىلى بىرىنچى بولۇپ كۇچا، توقسۇ، شاياردىكى مەشھۇر زاتلارغا خوجانىيازھاجىمنىڭ ئىنقىلابىي مۇراجىئەتنامىسى (چاقىرىقنامىسى)نى ئېلىپ كەلگەن.

21) ئابدۇرېھىم قارى: مۇرەتتەپ قارى بولۇپ، كۇچادا تۇرۇۋاتقان قەشقەرلىق زۇنۇن ئاخۇننىڭ ئوغلى ئىدى.

22) بارات ئاخۇن خەلپىتىم: كىشىلەرگە ئەرز بەيئى يېزىپ بېرىپ قەلەم ھەققى ئېلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كەمبەغەل ئادەم بولسىمۇ ناھايىتى سۆزمەن، ھېچكىمدىن قورۇقمايدىغان، شۇ ۋاقىتتىكى ناھىيە ئەمەلدارلىرىدىنمۇ قورۇقماي تىللاۋېرىدىغان ئادەم ئىدى.

23) بايىزقازى ئاخۇنۇم: ئادەتتىكى دىنى كىتابلارغا مەنا ئېيتالايدىغان موللا ھەم شائىر ھەم خەتتات ئىدى. كۇچادىكى چوڭ ئۆلىما ئىبراھىم قۇززات ئاخۇنۇم قۇززات بولغاندا مىرزا بولغان. سادىق ھاكىم باي ناھىيىسىگە ھاكىم بولغاندا باش كاتىپ بولغان. 1934-يىلى كۇچا «مەھكىمە شەرئى» نىڭ قازىسى بولغان ئىدى. كۇچانىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى ناھايىتى تولۇق بىلىدىغان كىشى ئىدى.

24) مانۇر ئاخۇن: كۇچادىكى خۇيزۇلارنىڭ مۆتىۋىرى. 1933-يىلى ماشىمىن قىسىملىرىنى باشلاپ كۇچاغا چۈشكەندە تۇرپانلىق ناسىر بەگ ھاكىم. شەنبە ھاجى مۇئاۋىن ھاكىم ئىدى. ماشىمىن بۇ ئىككىسىنى ساقساقتىكى ئىسلامبايىنىڭ قورۇسىغا چاقىرتىپ ئاپىرىپ ئېتىۋەتكەن.

مانۇر ئاخۇن مۇشۇ شەنبە ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ چوڭ سودىگەر ئىدى. ئۇ، رۇسىيە بىلەن دىگۋار تۈزۈپ پىتىرگىرادقا بېرىپ كەلگەن.

25) پاكار ھاشىم ھاجىم: ساقساقتىن، تۆمۈر سىجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئابدۇقادىر ھاجىمنىڭ دادىسى.

26) بەكرى ئاخۇن سەرراپ: كۆكچى مەھەللىسىدىن.

27) ئىسلامباي: قەشقەر سوللۇغدىن شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلتۈرقى ساقساقتا. كۇچادىكى چوڭ باي.

28) نەمەت ئاخۇن: ئەسلى قەشقەردىن شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلتۈرقى ساقساقتا. ئىسلامباينىڭ غوجىدارى.

29) موسايىپ شاڭزۇڭ: رەستىدىكى ھادى ھاجىمنىڭ سارىيىنى سېتىۋېلىپ باشقۇرغان.

30) مەمتىمىن شاڭزۇڭ: كۇچا ساقساقتىن.

31) ھېكىم شاھ شاڭزۇڭ: ئەسلى خوتەندىن.

32) تىيىپ ئاخۇن شاڭزۇڭ: كۇچا ساقساقتىن.

33) سەۋلەت ئابدۇرېھىم ھاجى شاڭزۇڭ: كۇچا سايۋاغدىن.

34) ناسىر ئاخۇن زەرگەر: كۇچا رەستىدىن.

35) ئابدۇلەم دارازا: كۇچا رەستىدىن

36) رىزايوپ ئەپەندى: دوختۇر. 1930-يىلى ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن.

37) مەھەممەت نىياز ھاجىم: كۇچا قىغدۆدىن.

38) سىلىم باي پۇچۇق: ئەسلى ئاتۇشتىن. ئۆلتۈرقى كۇچا قىغدۆك بايقۇۋۇق كوچىسى.

39) زەيدىن ئاخۇن: كۇچا يار كوچىدىن. مەھپۇزۋاڭنىڭ بايراقچىسى.

40) تۆرە ھاجى: كۇچا مازار بېغىدىن.

41) سادىق ھاجى خەيجاڭ: يېڭى مەھەللىدىن.

42) ئابدۇراخمان ھاجىم: كۇچا ئارا مەھەللىدىن 1933-يىلى سادىق ھاجىم باي ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇشىنىڭ ئالدىدا باينىڭ ھاكىمى بولغان ئىدى.

43) ئابدۇرىزاق دۇبېگى: كۇچا ناھىيە ئالاقە ۋە يېزا چاڭگا كەتىندىن. شەھەر ئىچى قىغدۆڭدىكى ئۆيىدىن تۇتۇلغان.

44) نىزامىدىن ئەپەندى: كۇچادىن، ئىلگىرى شايار ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان.

45) تىيىپ ئىسكەندەر: كۇچا پاختا بازىرىدىن.

46) ئابدۇقادىر ئىسكەندەر: پاختا بازىرىدىن تىيىپ ئىسكەندەرنىڭ ئىنىسى.

47) ھامۇت شاڭيى: ئىشخىلىدىن.

www.kitaphumar.com

48) ئابدۇراخمان ھاجىم: بېلىنئېرىق كوچىسىدىن

49) تۇردى قارى: ئالاقاغۇدىن، مەھپۇز ۋاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى بولغان.

50) ئابدۇرازاق شاڭيى: كۇچا قىغدۆڭدىن.

51) ھەمزۇللا بەگ: سوقۇقتىن.

52) مەھمۇت بەگ: كۇچا قىغدۆڭدىن.

53) رۇزەم دۆبىگى: قارا شەھەردىن.

54) غازى بەگ: ئالاقاغۇ يېزىسى يىڭىسار كەنتىدىن. 1933-يىلى ھاپىزغوجام بىلەن بىرگە پىچانغا بارغان.

55) بايىز دۆبىگى: بىھشباغ يېزا كۆكۈش كەنتىدىن.

56) مەھەممەت نىياز بەنجاڭ: بىھشباغ يېزا كۆكۈش كەتنىدىن. مەھبۇزۋاڭ غوجام بىلەن بىرگە ئارغىي بۇلاقتىكى سوقۇشقا قاتناشقان.

57) ئابدۇقادىر بەگ: كۇچا ساقساقتىن، ياش ۋاقتىدا خەنزۇچە شۆتاڭ مەكتەپتە ئوقۇغان. خەنزۇچە ئىسمى جەنشيۇڭ. 1932-يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە ھادى ئەئىلەم قوزغۇلاڭ كۆتەرگەندە، ئابدۇقادىر بەگ توقسۇ ناھىيىسىدە ھاكىم ئىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن ئاخشىمى قورقۇپ كېتىپ، ئاتلىق كۇچاغا قېچىپ كەتكەنچە كۇچادا تۇرۇۋاتقان ئىدى. خەلق ئىچىدە توكۇر ئامپال دېگەن نامى بار ئىدى. ئومۇمىي تۇتقۇندا ساقساقتىكى ئۆيىدە قولغا ئېلىنغان.

58) مەھەممەت سىيىت غوجا: سوقۇقتىن.

59) رېيىموللا دۆبىگى: بىجاقتىن

60) كېرەم مىراپ: ئۇچاردىن.

61) ھېكىم دۆبىگى: كونا موزدۇر بازىرىدىن.

62) ئابدۇرېھىم پوچى: ھىكىم دۆبىگىنىڭ ئىنىسى «ئاتام نېمە گۇناھ قىپتۇ؟» دەپ ساقچىغا ئەرز قىلغانلىقتىن قولغا ئېلىنىپ كەتكەن.

63) مەھەممەت كېجاڭ: دوپپا بازىرىدىن. كونا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كېجىڭى ئىدى.

64) ئىبىراھىم بەگ: شامالباغدىن.

65) ئابدۇللا چوڭ: ساي بويىدىن. مەھبۇزۋاڭغا مۇھاپىزەتچى بولغان.

66) ھەمدۇللا پۇگۇەن: يېڭى مەھەللىدىن مەھپۇزۋاڭغا مۇھاپىزەتچى بولغان.

67) خالىي بەگ: (خالاۋشى) خەنزۇچە كونا شۆتاڭدا ئوقۇغان. كېيىن ھاپىز غوجامنىڭ ئائىلىسىدە ئوقۇتقۇچى بولغان.

68) غوجا لوزۇڭ: ئەسلى ئىسمى يەھەممەت نىياز غوجا، كۇچا ناھىيە ئۇچا يېزا بىرىنچى ئۇچا كەتنىدىن-چوڭ باي. بۇ كىشى 1924-يىلى ئەتراپىدا پۈتۈن كۇچانىڭ بېجىنى كۆتىرە ئالغانلىقتىن «غوجا لوزۇڭ» دەپ ئاتالغان.

69) ئۆمەر ھاجى: ئۆزۈندىن.

70) نايۇپ ھاجى:قوناستىن.

71) ھامۇت ھاجى: ساي بويىدىن (1951-يىلى توقسۇ ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان ئابلىز ھامۇت ھاجىنىڭ دادىسى). بۇ كىشى 1913-يىلى كۇچادا 6 سىنىپلىق تۇنجى پەننى مەكتەپ ئېچىپ كۇچانىڭ 1-ئەۋلات زىيالىلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئىدى.

72) ئابدۇراخمان ھاجىم: قەشقەردىن، بۇ كىشى بۇرۇن ھامۇت ھاجىم بىلەن سەپەرداش بولۇپ ھەمرەمگە بىللە بارغان. شۇڭا كورلىغا ئۆتۈشتە ھامۇت ھاجىمنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ئىكەن. شۇ ئاخشىمى ھامۇت ھاجىم بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىپ كەتكەن.

73) ئابدۇكىرىمخان: ئەسلى ئافغانىستاندىن، كۇچا پاختا بازىرىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

74) ئابلىزخان: ئابدۇكىرىمخاننىڭ چوڭ ئوغلى. چوڭ تۇتقۇن بولغان شۇ كۈنلەردە ئابلىزخان كۇچادا يوق بولۇپ، كۇچاغا گۈرۈچ يۆتكەش ئۈچۈن ئاقسۇ كونا شەھەرگە بېرىپ ئابدۇشۇكۇر ھاجىمنىڭ سارىيىدا تۇرىۋاتقان ئىكەن. كۇچادىن بىر ئوفىتسېر بىلەن بىر ساقچى ئاقسۇ شەھەرگە بېرىپ قولغا ئېلىپ، قولغا كويزا سېلىپ سودىگەرلەرنىڭ ماشىنىسىغا بېسىپ، كۇچاغا ئېلىپ كېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان.

75) ھەمدۇللا ئۇستام: ئەسلى تۇرپاندىن. مامۇت سىجاڭغا ئەسكەر بولۇپ، سوقۇشتا زەخمىلىنىپ، بىر پۇتىدىن ئايرىلغان بولغاچقا كۇچادا قالدۇرۇلغان ئىكەن. بۇ كىشى پاتقاق كوچىدىكى دۆڭ كۆۋرۈك يېنىدا رىمونتچىلىق قىلاتتى.

76) يۇنۇسئاخۇن باي: ئەسلى ئاتۇشتىن.

چوڭ تۇتقۇندىن كېيىن قولغا ئېلىنغانلار:

77) روزى ئاخۇن خەلپەت: كۇچا ناھىيە ئىشچىلار يېزا تۆۋەنكى بىجاق كەنتىدىن. سودىگەر، بۇ كىشى چوڭ تۇتقۇندىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ كەتكەن.

78) ئىسھاقخان: ئەنجانلىق ئۆزبېك بولۇپ، 1916-يىلى ئەركەشتام ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ ئۆزاق ئۆتمەي كۇچاغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، كۇچادىن ئۆيلەنگەن. بۇ كىشى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، قولىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاسپورتى بار ئىكەن دېگەن گەپ بار ئىدى. بۇ ئادەم ئەسلى ئەنجاندىكى چوڭ باينىڭ ئوغلى بولۇپ، كۇچاغا نۇرغۇن ئالتۇن، تىللا بىلەن كەلگەن. سايباغدىن 40-50 مو يەر ئېلىپ بىر قانچە يۈرۈش زامانىۋى ئۆي-ئىمارەت سالدۇرغان. 20 نەچچە مو يەرگە ھەر خىل مېۋە كۆچەتلىرىنى قويۇپ ئېسىل باغ ئەھيا قىلغان. بۇ ئادەم تەرەققىيپەرۋەر، مائارىپپەرۋەر ئادەم ئىدى. 1935-يىلى كۇچادا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ بىناسىنى سالدۇرغاندا 10000 يۈەندىن ئارتۇق دوبەن پۇلى ئىئانە قىلغان ئىدى. (بىر سەر كۈمۈش تەڭگە 10 يۈەن دوبەن پۇلى ھېسابلىناتتى. دېمەك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشخانە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 1000سەر كۈمۈش تەڭگە ئىئانە قىلغان

www.kitaphumar.com

ئىدى). ئىنىسى نادىرخان بىلەن 2-ئوغلى قادىرخاننى كۇچا دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇشقا بەرگەن. ئىسھاقخان 1936-يىلى 3-ئايدىكى ئومۇمىي تۇتقۇندا قولغا ئېلىنمىغان ئىدى. چوڭ تۇتقۇن بولۇپ 3 ئاي ئۆتكەندە كۇچانىڭ ئاخۇنلىرى. مۆتىۋەرلىرى «قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلەر كۇچادا خەلقپەرۋەر، مائارىپپەرۋەر ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچبىر گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. بىز ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىشىنى تىلەيمىز. بىز كېپىل بولساق» دەپ بىر پارچە ئەرىز يېزىپ ئىسھاقخاننىڭ قېشىغا چىقىپ «ئۆزلىرى بولسىلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۆزبېك مۇھاجىرلىرىنىڭ ئاقساقىلى، ئۆزلىرىنىڭ قولىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پاسپورتى بار. ئۆزلىرى مۇشۇ ئەرزىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايەتكە بېرىپ ئۇلارنى تىلەپ بەرسىلە» دەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئىسھاقخان كۇچالىقلارنىڭ ئەرزىنى ئېلىپ ئىككى ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ ئاتلىق ئاقسۇغا بېرىپ بۇ ئەرزنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاسىم ھاجىغا كىرگۈزۈلگەن. قاسىم ھاجى ئەرزنى كۆرۈپ، ئەرزنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ساقچىدىن«نەچچە ئادەم كەپتۇ» دەپ سورىغان. ساقچى: «3 ئاتلىق ئادەم ئىكەن، بىرسى ئېسىل كىيىنگەن 50-60 ياشلاردىكى ئادەم ئىكەن. مەن كۇچانىڭ ۋەكىلى دەيدۇ. ئىككىسى بىرگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئادەملىرى ئوخشايدۇ» دېگەندە قاسىم ھاجى «ھېلىقى ياشانغان ئادەمنى مېنىڭ ئىشخانامغا باشلاپ كىرەڭلار، ئېتى ھەمراھلىرىدا قالسۇن» دەيدۇ. ئىككى ساقچى ئىھساقجاننى قاسىم ھاجىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرگەندە قاسىم ھاجى «بۇنى ئاختۇرۇڭلار!» دېگەن. ئاختۇرۇشقا ئىسھاقخاننىڭ يانچۇقىدىن 40-50 دانە تىللا، كىچىك قول سومكىسىدىن 3-4 يۈز يۈەن دۇبەن تىزا پۇلى چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاقخان تۈرمىگە تاشلانغان. مۇشۇ كۈنلەردە قادىرخان قەشقەرگە مالغا كەتكەن ئىكەن. قادىرخان 20 نەچچە كۈندىن كېيىن 30 نەچچە ھارۋۇدا مال ئېلىپ ئاقسۇ ساي ئېرىققا كەلگەندە ئاقسۇدىن 4 نەپەر ساقچى ساي ئېرىققا كېلىپ، 30 نەچچە ھارۋا مالنى مۇسادىرە قىلىپ، قادىرخاننى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. گۇندىپايلار قادىرخاننى تونىمىغانلىقتىن ئىسھاقخان بار كامىرغا ئەكىرىپ قويغان. ئۇ كامىردا ئېلىخان تۆرە (1945-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان)مو بار ئىكەن. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن قادىرخان ئۈرۈمچىدە تۈرمىدىن چىقىپ، غۇلجىغا كەتكەن. 1984-يىلى قادىرخان غۇلجىدىن كۇچاغا كېلىپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاقسۇ تۈرمىسىدە دەپ بەرگەن گەپلىرىنى مەن ئەھەت نايۇپقا سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ دەپ بەرگەن ئەھۋاللار كۆپ ئىدى مەن، بۇ يەردە نۇقتىلىق ئىككى جۈملە سۆزنى ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. 1934-يىلى خوجا نىياز ھاجىم، ئاقسۇدا تۇرغان ۋاقتىدا ئەززەمخان تۆرە خوجا نىياز ھاجىمنىڭ شتابىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ خوجا نىياز ھاجىمنىڭ شتابىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ خوجا نىياز ھاجىمنىڭ مۇشاۋىرى بولىۋالغان. ئەززەمجان تۆرىنىڭ ئەسلى يۇرتى تاشكەنت بولۇپ، تاشكەنتتە گىمنازىيىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، موسكۋا داشۆسىنىڭ قانۇن

www.kitaphumar.com

فاكولتېتىدا پۈتتۈرگەن تاتار  قىز سۇفىيە ئىبراھىم ئاگىيۋا بىلەن توي قىلغان. ئەززەمخان تۆرە رۇسچىنى پىششىق بىلگەنىنىڭ سىرتىدا قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر، تاجىك تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن بىلىملىك زىيالى ئىكەن. ئەززەمخان تۆرە داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1928-يىلى موسكۋادا ك گ پ نىڭ خەلقئارا جاسۇسلۇق بۆلۈمىگە ئەزا بولغان. ستالىن خوجا نىياز ھاجىمنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئەززەمخان تۆرىنى مەخسۇس ۋەزىپە بىلەن ئەركەشتام ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزگەن. ئەززەمخان قەشقەرگە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، كۇچادا ئولتۇراقلاشقان 5-6 ئائىلىلىك تاتار بارلىقىنى ئۇقۇپ، تەخمىنەن 1932-يىلى سوفىيە خانىمنى كۇچاغا يول سېلىپ قويغان. ئۆزى 1934-يىلى خوجا نىياز ھاجىم بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە كەتكەن. خوجا نىياز ھاجىم قولغا ئېلىنغاندا ئەززەمخان تۆرىمۇ بىرگە قولغا ئېلىنغان.

79) سادىق ھاجىم: كۇچادىكى چوڭ بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، 1933-يىلى خوجا نىياز ھاجىم كۇچاغا كەلگەن چاغلاردا سادىق ھاجىم توي بولدى (ھازىرقى خانقىتام يېزا) نىڭ دۆبىبىگىسى ئىدى. مېنىڭ ئەھەت نايۇپ ئۆگەي دادام ئىمىن دورغا بەگ سادىق ھاجىمنىڭ مىرزىسى ئىدى. خوجا نىياز ھاجىم كۇچادا 40 كۈن تۇرۇش داۋامىدا سادىق ھاجىمنىڭ 16 ياشلىق قىزى قەمبەرنىسا خېنىمنى چوڭ توي قىلىپ نىكاھىغا ئالغان خوجا نىياز ھاجىم ئاقسۇغا مېڭىش ۋاقتىدا سادىق ھاجىمنى باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا بەلگىلەپ قويۇپ ئاقسۇغا يۈرۈپ كەتكەن. شۇ ۋاقىتتا كۇچا ناھىيە ئارا مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇراخمان ھاجىم باي ناھىيىسىگە ھاكىم ئىدى. سادىق ھاجىم بايغا مېڭىشتا كۇچا خانقانىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دىنى ئىلىمدا خېلى يۇقىرى ئوقۇغان ئۇستا خەتتات ھەم شائىر بايىز خەلپىتىمنى ئۆزىگە باش كاتىپ قىلىپ بىرگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇ چاغدا بايىز خەلپىتىم تېخى قازى بولمىغان چاغ بولۇپ، ئىككىنچى ئوغلى مەمتىمىن بايىزنى بىرگە ئېلىپ كەتكەن. 1936-يىلى 3-ئايدا كۇچادا چوڭ تۇتقۇن بولغاندا سادىق ھاجىم بايدا ھاكىم ئىدى. ئارىدىن 3-4 ئاي ئۆتكەندە، (7-ئاي ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك) 2 رۇس، ئىسلام ئىسىملىك تاتار تەرجىمان ۋە بىر خەنزۇ شوپۇر بىر پىكاپ بىلەن ئۇدۇل باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كىرگەن. ئىككى رۇسنىڭ بىرسى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سوۋېت مۇشاۋىرى سىمىرنوۋ، يەنە بىرى زىلاتكىن ئارىيفوۋ ئىدى. بۇلار باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كىرىپ، سادىق ھاجىمنى سۈرۈشتۈرگەندە باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خادىملىرى «ھاكىم ياتاق ئۆيىدە» دېگەن سىمىرنوۋ قولغا تاپانچا تۇتۇپ زىلاتكىن ئارىيفوۋ بىلەن ئىسلامنى بىرگە ئېلىپ، بۇ چاغدا سادىق ھاجىم بىر چىنە لېگەندە نېرىن يەپ ئولتۇرغان ئىكەن. سىمىرنوۋ سادىق ھاجىمغا تاپانچا تەڭلەپ «كۆتەر قولىڭنى!» دەپ ۋارقىراپ، سادىق ھاجىمنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ھايداپ ئېلىپ چىقىپ ماشىنىغا سېلىپ ئاقسۇغا ئېلىپ ماڭماقچى بولغان. بۇ چاغدا سادىق ھاجىمنىڭ ئايالى تىللا

www.kitaphumar.com

خېنىم ئۇششاق باللىرى بىلەن ياندىكى ئۆيدە ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ بىر يوتقان بىلەن بىر كۆرپىنى ھەم سادىق ھاجىمنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى بەيشاڭلەرگە كۆتەرتىپ يۈگۈرۈپ كەلگەندە سىمىرنوۋ «نىنادو» دەپ تووۋلىغان. ئىسلام ماشىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ «كېرەك ئەمەس، كېرەك ئەمەس» دەپ تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. ماشىنا توختىمايلا مېڭىپ كەتكەن. ئۇلار ئاقسۇغا قاراپ مېڭىپ ياقا ئېرىققا بارغىچە سادىق ھاجىم «قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى» دەپ تۇرىۋالغانلىقتىن ئىككى يەردە ماشىنىنى توختىتىپ، سادىق ھاجىمنىڭ تاھارەت سۇندۇرۇۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىغان. ئەمما سىمىرنوۋ ئارقىسىدىن تاپانچا تەڭلەپ تۇرغان. بۇلار ياقا ئېرىقتىن چىقىپ، تاجى خوراز دېگەن يەرگە كەلگەندە، سادىق ھاجىم «مەن بولالمىدىم» دەپ ۋارقىراپ كەتكەن. خەنزۇ شوپۇر «ماشىنىنى توختىتايمۇ» دېگەندە سىمىرنوۋ «بۇھاجى قورسىقىم ئاغرىدى دېگەننى باھانە قىلىپ تولا چۈشۈپ قېچىپ كېتىشنى ئويلاۋاتىدۇ» دەپ تەتۈر چۈشىنىپ، ماشىنىنى «توختاتما» دېگەن. ئىسلام «ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭغا بىر قېتىم تاھارەت قىلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىسىڭىز» دەپ يالۋۇرغاندا، سىمىرنوۋ كويزىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىسلامغا بەرگەن. ئىسلام ئارقىغا بۇرۇلۇپ، كويزىغا ئاچقۇچ سالغاندا سادىق ھاجىم تاھارىتىنى تۇتالماي، ئاللاقاچان ئىشتانغا چىقىرىۋەتكەن ئىكەن. ماشىنا توختىغاندا ماشىنىنىڭ ئىچىنى سېسىق پۇراق قاپلاپ كەتكەن. سىمىرنوۋ «ھاجىنى ئىتتىك چۈشۈر» دەپ تووۋلىغاندا، سادىق ھاجىم ماشىنىدىن چۈشۈپ يول ياقىسىدىكى بىر قۇرۇق ئېقىننىڭ قىرىغا كېلىپ تاھارەتكە ئولتۇرغاندا، بېشى ئايلىنىپ كەتكەنمۇ ياكى ماغدۇرسىزلىقتىنمۇ يېنىغا يىقىلىپ چۈشكەن، ئىسلام ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، «ھاجى يىقىلىپ چۈشتى. قوپۇرۇشقا ئامال بولمىدى» دەپ سىمىرنوۋ بىلەن زىلاتكىنغا ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسى ۋە شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ سادىق ھاجىمنىڭ يېنىغا كەلگەن. ھاجىم يىقىلغان جاي بىلەن ماشىنىنىڭ ئارىلىقى 6-5 مېتىرلا ئىكەن. سىمىرنوۋ تاپانچىسىنى چىقىرىپ سادىق ھاجىمنىڭ بېشىغا ئىككى پاي ئوق ئاتقان. سادىق ھاجىم بىر ئىڭراپلا جان ئۈزگەن. ئاندىن كېيىن ھېلىقى ئىككى ئورۇس سىيىۋېلىش ئۈچۈن بىر چەتكە ماڭغان. بۇ پۇرسەتتە ئىسلام بىلەن خەنزۇ شوپۇر سادىق ھاجىمنىڭ جەسىدىنى ئاددىيلا كۆمۈپ قويغان. ئىككى ئورۇس سىيىپ بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈپ كەتكەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە بىر مالچى مال ھايداپ كېتىۋېتىپ، قاغا قوزغۇنلارنىڭ بىر يەرگە ئۈچۈپ چۈشۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يېقىن بېرىپ بىر جەسەتنى كۆرگەن. جەسەتنى تولۇق تاتلاپ ئېچىپ بىلەك گۆشلىرىنى يەپ كەتكەن. ئاندىن بۇ جەسەتكە قوزغۇن ئولاشقان ئىكەن. بۇ مالچى دەرھال ياقا ئېرىقتىن 6-5 ئادەم بىر ھارۋۇغا ئولتۇرۇپ، جەسەت بار جايغا كېلىپ چۈگا-چاتقاللىنى ئېچىپ قارىسا، جەسەتنىڭ ئۈچۈسىدا كەڭ خورما رەڭ دۇخاۋا پەشمەت شالۋۇر، پۇتىدا جىلك قىرىم مەسە تۇرغان. بەش-ئالتە ئادەمنىڭ ھەممىسى «ۋاي، بۇ ھاكىم ھاجىمنىڭ

جەسدى ئېكەنغۇ!» دېيىشىپ، جەسەتنى ھارۋىغا بېسىپ ياقا ئېرىققا ئېلىپ كېلىپ، باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ۋە تىللا خېنىمغا جاپارمەن ئەۋەتكەن. كەچ تەرەپتە باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئاۋۇت بەگ، مەمتىمىن بەگلەر بىر قانچە بەيشاڭلار بىلەن بىرگە ياقا ئېرىققا كېلىپ، ئەتىسى ئەتتىگەندە جەسەتنى بايغا يۆتكەپ ئاپارغان. بۇ سادىق ھاجىم ۋاپات بولغان 3-كۈنى بولغاچقا، جەسەت پۇراپ كەتكەن ئىكەن. تىللا خېنىم سادىق ھاجىمنىڭ جەسىدىنى كۇچاغا ئېلىپ كېتىمەن دەپ تۇرىۋالغان بولسىمۇ، باينىڭ جامائەتلىرى «ھاجىمنىڭ جەسىدى پۇراپ كېتىپتۇ. كۇچا ئاپارغىچە تېخىمۇ پۇراپ كېتىدۇ. ھەرجاي بولسا خۇدانىڭ يېرى مۇشۇ يەردە قويىۋېتىلى» دەپ تىللا خېنىمغا تەسەللىي ئېيتىپ ماقۇل قىلىپ باينىڭ شىمالىدىكى بىر قەبرىستانلىققا دەپنە قىلغان. سادىق ھاجىمنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانىنى شۇ چاغدىكى تەرجىمان ئىسلام ئىسھاق ئىسىملىك تاتارغا سۆزلەپ بەرگەن. مەن ئەھەت نايۇپ 1940-يىلىدىن 1942-يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە ئىسھاق بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان. ئىسھاق بۇ ئەھۋاللارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن.

80) ساۋۇت ئاخۇن: سادىق ھاجىمنىڭ كۈيئوغلى سادىق ھاجىم بايدا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ساۋۇت ئاخۇن كۇچادا قولغا ئېلىنغان.

81) مەھپۇز ۋاڭ: كۇچا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ 12-ئەۋلاد ۋاڭى بولۇپ، 1933-يىلى7-ئايدا 700 ئاتاق قوشۇن بىلەن قارا شەھەرگە بېرىپ، مامۇت سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئارغىي بۇلاقنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى ماپو يۈەننىڭ قىسىملىرى بىلەن سوقۇشۇپ يېڭىلگەندىن كېيىن، مەھپۇز ۋاڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ توقسۇندىكى ئىلانلىققا چېكىنىپ، تاغ ئارىلاپ يۈرۈپ 300 دەك ئاتلىق قوشۇن بىلەن كۇچاغا يېنىپ كەلگەن.

1937-يىلى 4-ئايدا مامۇت سىجاڭ (مەھمۇت مۇھىتى) قەشقەردە ئۆز قىسىملىرىنى ئابدۇنىياز كامالغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، باي ئاخۇن قاتارلىق 30 نەچچە نەپەر يېقىن ئادىمى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن. ئابدۇنىياز كامال خوتەندە ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى يۈرۈش قىلىپ، كۇچاغا كەلگەن شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە ئاچقان ھەربىي مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ۋاڭ خۇڭ زاۋ 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە بىر نەچچە نەپەر ئوفىتسىر بىلەن ماشىنا ئارقىلىق كۇچاغا يېتىپ كېلىپ، كارىزنىڭ شىمالىدىكى مىڭ تەن ئاتام دېگەن يەرگە ئورۇنلىشىپ، ئابدۇنىياز  قىسىملىرى بىلەن بىر ھەپتە ئۇرۇشقان. شىڭ شىسەينىڭ تەلپىگە ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئەۋەتكەن سوۋېت ئايروپىلانلىرى كۇچا ئاسمىنىدا قاغىدەك ئۇچۇپ يۈرۈپ بومبا تاشلاپ، ئابدۇنىياز كامال قىسىملىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان ئابدۇنىياز ئاقسۇغا چېكىنگەن. ۋاڭ خۇڭ زاۋ كۇچانى ئىگىلەپ ئالغاندىن كېيىن، مەھپۇز ۋاڭ بىلەن ئىنىسى ھاپىز غوجامنى نەزەر بەنت قىلىپ قويغان، مەھپۇز ۋاڭ نەزەر

بەنت قىلىنغان جايدىن قېچىپ چىقىپ مازار غوجامغا بارغاندا زوپەر ئەۋەتكەن ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

82) هاپىز غوجام: مەھپۇز ۋاڭنىڭ ئىنىسى مەھپۇز ۋاڭ بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنغان.

83) سىيىت ئەخمەت غوجا: كۇچادىكى غوجا ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، 1890-يىلى تۇغۇلغان. ئاتىسى ئەيندىن غوجا، بوۋىسى پەررۇقشاھ، چوڭ بوۋىسى ئىسھاق غوجا 1864-يىلى كۇچادا قوزغىلىپ راشىدىن خان ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي قوماندانى ئىدى. سىيىت ئەخمەت غوجا 1915-يىللىرى قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇپ، 1923-يىلى كۇچاغا قايتىپ كېلىپ، قىغدۆڭ مەدرىستە مۇدەررىس بولغان ھەم مەھكىمە شەرئىدە ئەئلەم بولغان. 1938-يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. 1944-يىلى ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، سىيىت ئەخمەت 1944-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. 1945-يىلى ۋۇجۇڭشىننىڭ ئۆلكە رەئىسى بولغاندا ئۇنى تەبرىكلەپ ئۈرۈمچىگە بارغان. ۋۇجۇڭشىن ناھايىتى خۇش بولۇپ، جاڭ جېشىغا مەلۇمات يوللىغان. جاڭ جېشى سىيىت ئەخمەتنى مەملىكەتلىك سەنيىخۇي (سىياسىي كېڭەش) نىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن رەئىسى دەپ شاھادەتنامە ئەۋەتكەن. 1954-يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۇچا، شايار، توقسۇ، باي ناھىيىسىنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان قوززات دېگەن دىنىي مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. 1946-يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان خەلق قۇرۇلتىيىدا (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن 7 ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىرلىكتە ئاچقان قۇرۇلتايدا) گومىنداڭ تەرەپتە تۇرۇپ پوزىتسىيە بىلدۈرگەن. قۇرۇلتاي بۇزۇلۇپ، قەشقەر ۋەكىللىرى 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە غۇلجىغا كەتكەن، سىيىت ئەخمەت كۇچاغا قايتىپ كەلگەن. ئابلىز مەخسۇم ئاقسۇنىڭ ۋالىلىقىدىن ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن، 1947-يىلى 10-ئايدا ئاقسۇغا ۋالىي بولغان. 1951-يىلى 2-ئايدا ئاقسۇدا باستۇرۇلغان.

84) ئابدۇل ھىمىت ھاجى نىيازى: كۇچادا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە زىيالىي ئىدى. 1934-يىلى كۇچادا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان. بۇ كىشى 1939-يىلى قولغا ئېلىنغان.

85) شىرىپ ئۇشۇر: (تاتار ئەسلى يۇرتى قازاندىن. 1933-يىلى ئەتراپىدا چۆچەكتە كېلىپ كېيىن كۇچاغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1934-يىلى 4-ئايدا كۇچادا سانايى نەفىسە قۇرۇلغاندا رېژىسسور بولغان. 1939-يىلى كۇچا ناھىيىلىك باج ئىدارىسىغا جويجان بولغان. 1942-يىلى ئۈرۈمچىگە باج ئىشلار كۇرسىغا بېرىپ، ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىنىپ كەتكەن.

1936-يىلى3-ئايدىن كېيىن كۇچادا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلاردىن ھامۇت مەلىۋى داموللام، ئابلىمىتخان ھاجى نىيازى، مەمتىمىن شاڭزۇڭ، موسايىپ شاڭزۇڭ، يۇنۇس ئاخۇنباي، ئابدۇقادىر ئىسكەندەر، غوجالوزۇڭ، بەكرى ئاخۇن

سەرراپ قاتارلىق 8 ئادەم 1938-يىلدىن 1945-يىلىغىچە ئۈرۈمچى ۋە ئاقسۇدا تۈرمىدىن چىقىپ كۇچاغا قايتىپ كەلدى. ئابدۇجاپپار ئەپەندىن تۈرمىدىن چىقىپ باشقا جايلارغا كەتتى. قالغان كىشىلەر شىك شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلۈپ كەتتى.

زور تۇتقۇن بولۇپ 4 ئايدىن كېيىن 1936-يىلى7-ئايدا توختى ھاجى ئۈرۈمچىدىن كېلىپ كۇچاغا ھاكىم بولدى. كىشىلەر توختى ھاجىمنىڭ ھاكىم بولۇشى كۇچادىكى زور تۇتقۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىشتى. 1938-يىلىغا كەلگەندە توختى ھاجى تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. ئۇنىڭ ئورنىغا جاۋ فامىلىلىك بىر كىشى كۇچاغا ھاكىم بولۇپ كەلدى. 1939-يىلى 6-ئايدا جاۋ فامىلىلىك كىشى يۆتكىلىپ كېتىپ، لىن جىلۇ كۇچاغا ھاكىم بولۇپ كەلدى.

مەن ئەھەت نايۇپ 1940-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ساقچى باشقارمىسى ئاچقان شىنجاڭ 1-قارارلىق ساقچى ئوفىتسېرلەر مەكتىپى (شىنجاڭ جىڭ گۇەن شۆشاۋ) گە ئىمتىھان بېرىپ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا باردىم. بۇ مەكتەپتە 600 نەپەردىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىدى. ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭ پى قوشۇمچە مەكتەپ مۇدىرى ئىدى. ساۋتەنچو، جاڭ گۇاڭ چەن، فۇباۋلەن قاتارلىق كىشىلەر مۇئاۋىن مۇدىر ئىدى. مەھەممەت قارى(خۇيزۇ، خەنزۇچە ئىسمى لىيۇبىندى) مەكتەپنىڭ شاڭ شىياۋ دەرىجىلىك تەرجىمانى ئىدى. مەن ئەھەت نايۇپ 40-يىلدىن 42-يىلغىچە 3 يىل ساقچى ئوفىتسېرلەر مەكتىپىدە ئوقۇدۇم. 42-يىلى 3-ئايدىن 6-ئايغىچە 20 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى ساقچى باشقارمىسىنىڭ سىياسي بۆلۈمىگە (2-كېغا) پراكتىكىغا ئېلىپ چىقتى. 2-بۆلۈم بىزنى ئارخىپ ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇ ۋاقىتدا مەن خەنزۇچە ماتېرىياللارنى ئاساسەن كۆرەلەيتتىم. ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى خەنزۇچە يازالايتتىم. ئىسىملارنى تىزىملاشقا قويۇپ قويدى. ئۈرۈمچىلىك تەرجىمان ۋاققاس ياڭ پوكېجاڭ بىلەن بىرگە كىرىپ، ماڭا «سەن كۇچا بىلەن توقسۇنىڭ ئارخىپلىرىنى رەتلەپ چىق» دەپ بىر چوڭ ئىشكاپنى كۆرسىتىپ قويدى. بۇ ئارخىپلار 1934-يىلدىن باشلانغان ئىكەن. مەن كۇچا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ئەۋەتكەن ماتېرىياللارنى يىل تەرتىپى بويىچە رەتلىدىم. 1934-يىلنىڭ ئارخىپى ئازراق ئىكەن. 1935-يىلدىن باشلاپ كۆپەيگەن ئىكەن. ئارخىپ رەتلەۋېتىپ «كۇچادىكى توختى ھاجىمغا تاپشۇرۇلغان مۇراجىئەتنامىنىڭ كوپىيىسى» دېگەن بىر ماتېرىيالنى كۆرۈپ قالدىم. تىرناق ئىچىگە «مۇراجىئەتنامىنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سوۋېت مۇشاۋىرى سىمىرنوۋ بىلەن ھاشىم ھاجىملەر تەييارلاپ، توختى ھاجىمغا بەرگەن» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. ئۇقۇپ باقسام مۇراجىئەتنامە «مەنكى خوجا نىياز ھاجىم ئۆز نامىم بىلەن كۇچا مۆتىۋەرلىرىدىن ....لەرگە» دەپ نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن «... مەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ شىڭ دۇبەننىڭ تۇتقان يولىدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن. مېنىڭ بارلىق پىكىر خىيالىم شىنجاڭدىكى بارلىق خەلقىمىزنى

ئازادلىققا، باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. مەن قەشقەردىكى سادىق سەبدىشىم مەھمۇت مۇھىتىغا قوشۇنلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈپ ھەر سائەت ھازىر باشەن تۇرۇشنى تاپىلاپ، ئۆزەمنىڭ ئالدانغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلدۈرۈپ، ئىشەنچلىك ئادىمىمنى ئەۋەتتىم. سىلەر ئالتە شەھەردىكى جۈملىدىن كۇچادىكى... لارنىڭ تەييار تۇرۇشۇڭلارنى ئىلتىماس قىلىمەن» دېگەن مەزمۇندا ئىكەن. ئاخىرىغا «خوجا نىياز ھاجى» دەپ يېزىلىپ تۇجاڭزا بېسىلغان ئىكەن. ئاندىن كېيىن «مۇراجىئەتنامىنى كۇچالىق توختى ھاجىمغا تۇتقۇزۇپ كۇچاغا ئەۋەتىلگەن» دەپ يېزىلغان ئىكەن. خوجانىياز ھاجىمنىڭ بۇ مۇراجىئەتنامىدىن ئەسلا خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى، ھاشىم ھاجى بۇ مۇراجىئەتنامىنى مەخپىي پىلانلاپ، خوجا نىياز ھاجىمنىڭ تۇجاڭزىسىنى ئويدۇرۇپ باسقاندىن كېيىن، توختى ھاجىنى تەربىيىلەپ پائالىيەت راسخوتىنى بېرىپ كۇچاغا يولغا سېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى قىلتاققا چۈشۈرگەن. 1936-يىلى 6-ئايدا كۇچادىن شۇنداق نۇرغۇن ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنىشى توختى ھاجىمنىڭ 1935-يىلىنىڭ ئاخىرى 1936-يىلىنىڭ بېشىدا كۇچادىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا مەخپىي ئاچقان يىغىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى 1933-يىلى سوۋېت ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقىتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى موسكىۋا، ئۆزبېكىستان قازاقىستان قاتارلىق جايلاردىن ئىشەنچلىك بولغان 5 نەپەر گېنېرال دەرىجىلىك ھەربىي ئادەم، 2-3 نەپەر ئىقتىسادشۇناس، 1-2 نەپەر ئاگرانوم، 2-3 نەپەر ئىنژېنىر، بىر قانچە نەپەر ساقچى ئەمەلدارى بولۇپ 15 رۇس، يەنە ئۆزبېكىستاندا ستالىننىڭ 1928-يىلىدىن باشلانغان تىرولىققا ماسلىشىپ، ئۆزبېكىستاندىكى چوڭ ئاخۇن، ئىشانلارنى سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەردىن مەنسۇر ئەپەندى، سىيىت ھاجى، ھاشىم ھاجى، ئوبۇلقاسىم ئاخۇن (قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە سىياسىي كومىسسار قىلىپ ئەۋەتكەن). تۇرسۇن مەخسۇم قاتارلىق 5 نەپەر ئۆزبېك جەمئىي 20 نەپەر كىشىنى سوۋېتنىڭ مۇشاۋۇر(مەسلىھەتچى) قىلىپ شىڭ شىسەيگە ئەۋەتىپ بەرگەن. ئەمما بۇ 5 نەپەر ئۆزبېكنىڭ ھېچقايسىسى ھاجىمۇ ئەمەس، ئاخۇنمۇ ئەمەس، مەخسۇممۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلار شۇ ۋاقىتىدىكى شىنجاڭنىڭ فېئوداللىق قالاق ھالىتى ۋە خەلقىنىڭ نادانلىقىنى، دىنىي ئۆرپ-ئادەت تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن پايدىلىنىپ، پالانى، ھاجىم، پۇكۇنى ئاخۇنۇم، پالانى مەخسۇم دېگەن ناملار بىلەن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ئىدى. بۇ سوۋېت مۇشاۋۇرلىرى شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا كۆپلەپ ئادەم تۇتۇپ تىرورلۇق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشىگە زور كۈچ چىقىرىپ، پىلانلاپ تەدبىر تۈزۈشۈپ بەرگەن. دېمەك، 1936-يىلى كۇچادىن شۇنداق نۇرغۇن ئادەمنىڭ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ساقچى ئورگانلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ كېتىشى ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن يۇقىرىقى 5 كىشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

# ئىزاھاتلار:

① جادارىننىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇللا دۆببىگى بولۇپ، بۇگۇرلۇك مەھەممەت بەگ بىلەن بىرگە كونا شۆتاڭ مەكتەپتە خەنزۇچە ئوقۇغان، خەنزۇچە مەكتەپتە ئابدۇللا دۆببىگگە «جالا 加拉» دەپ مەھەممەت بەگكە «لادەيجۇ» دەپ ئىسىم قويۇلغان ئىكەن. بۇ ئىككىسى جۈيرىنلىك (举人) ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بىللە بارغانىكەن. جۈيرىنلىك ئىمتىھاندىن ئۆتكەن- ئۆتمىگەنلىكى نامەلۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇلا دۆببىگى «جادارىن» دەپ ئاتالغان. بۇ كىشى تەخمىنەن 1917-يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا كېتىپ، شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەن. قاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

② ئابدۇللا ئۆمەرۇپ ئەسلى كۇچا بولۇپ، تاشكەنتتە ئوقۇغان، بۇ كىشىنىڭ بەزى قىلمىشى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بەزى كىشىلەر دېگەن كىتابىمىزدا بايان قىلىنغان.

③ ئىبراي قىرغىز ئۈلۈغچاقتا گېنىرال ئىمساق بەگ قولىدا ئىشلىگەن ۋە ئازراق تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بار. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا گېنرال ئىمساق بەگ غۇلجىدىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭ قولىدا ئىشلىگەن.